# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى

## 2

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

铁依甫江诗选:续集:维吾尔文/铁依甫江著.—北京:民族出版社,1997.12

ISBN 7—105—0265—X

Ⅰ.铁… Ⅱ.铁… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(98)第 25933 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号
邮编:100013 电话:010—64228007)
民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1998 年 2 月第 1 版 1998 年 2 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米 1/32 印张:16.25
印数:0001—1300 册 定价:16.80 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

گاڭگىراش ........................................ (1)
ساقىيغا ئىلتىماس ........................................ (3)
سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس ........................................ (4)
كۆرۈۋېدىم چۇشۇمدە بۇلبۇل ........................................ (5)
پاختەكلە ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ (6)
يۇرتۇمنىڭ بېغى ........................................ (10)
قاراmayىغا مەدھىيە ........................................ (12)
ۋەتەن مېھرى ........................................ (16)
قەدرىنى ........................................ (17)
جىڭگاڭشەن روھىغا مەدھىيە ........................................ (18)
تىيانشان باغرىدا ........................................ (20)
ئاتىنىڭ نەسىھىتى ........................................ (26)
زىياندىشىنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ (27)
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار ........................................ (28)
سەنئەت باھارى ........................................ (30)
تەلۋىچۇك ........................................ (36)
„يېتىم“نىڭ ئۆيىدە ........................................ (39)

قاقۇللا ........................... (41)
بوگۈنكى پاختەكلە ...................... (43)
كەتمەن هاسا ........................ (46)
ئۇلۇغ نامايەندىگە مەدھىيە ................ (48)
"كۆرەش" ئۈستىگى — كۆرەش داستانى ........ (50)
مۇقام يۇرتىدا ئويلىغانلىرىم ................ (55)
مۇقام چالسام ...................... (57)
ئىككى مۆلچەرگە لەنەت ئوقۇيمىز ............ (59)
تەسەددۇق ........................... (62)
ئۇزۇن سەپەر ....................... (63)
ئەي، ئۇلۇغ جۇمھۇرىيەت .................... (65)
ئىلىم-پەن باھارى ...................... (67)
ئاڭلىدى ئاق ئۈستەڭمۇ سۆزىمىزنى ......... (68)
ئەل گۈلشىنى ........................ (71)
جاھان شۇنچە گۈزەل ئەمدى ................. (72)
تەكلىماكان ........................ (74)
ئاتما ھەقىقي قەھرىمان ................... (76)
جاۋاب چاۋاك ........................ (78)
ئۇنتۇلماس مىنۇتلار .................... (81)
بولمىسا ........................... (88)
شۇم بالا .......................... (90)
بىر قىزنىڭ ھەسرىتى .................... (93)
يىغا تۈتتى مېنى يەنە باھاردا ............... (96)
كۆچەت .......................... (99)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يانتاق ھەققىدە پاراڭ ............................ (100)
كۆز تەگمىسۇن ............................ (102)
تۆھمەتخورغا ئاگاھلاندۇرۇش ............................ (104)
سەللە ............................ (106)
لاۋشې بەرگەن قەدەھ ............................ (108)
شانلىق قۇربان جاڭ جىشىن ھەققىدە قەسىدە ...... (110)
قانداق قىلاي ............................ (112)
ئوتتۇز يىل ............................ (115)
تۆت مۆچەل كەتتى ئۆتۈپ ............................ (120)
تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق-ئەقىل ............................ (122)
گۇناھ كىمدە ............................ (124)
بولمىسا ............................ (125)
دېھقاننىڭ يۈرەك سۆزى (چاتما شېئىر) ............................ (127)
"تۇتقا"نى تۇتقانسېرى ............................ (127)
ئىبرەت ............................ (128)
پىپەن ھەم تاغار ............................ (129)
سىياسەت يەرگە چۈشتى ............................ (129)
دۇيجاڭنىڭ نېمىشقا يوق ئىناۋىتى ............................ (130)
چال، ئوغلۇم! ............................ (130)
كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا ............................ (131)
يارايسەن، شۇجى ............................ (131)
باھار ئىلھامى ............................ (133)
يوقال ئەمدى تۆھمەت دەستىكى ............................ (135)
كۈنىمىڭ كۈيلىرى (چاتما شېئىر) ............................ (138)

ئاسماننىڭ قىياپىتى ...... (138)
سادا ...... (139)
ۋۇشجاڭنىڭ ئۆلۈمى ...... (140)
ئاقىۋەت ...... (143)
ئالتاي ناخشىلىرى (چاتما شېئىر) ...... (145)
ئارچا ...... (145)
كەۋسەر ...... (146)
تېۋىلغا ...... (146)
ئاق ...... (147)
كۆكتوقاي ...... (148)
چۆلدىكى ئۇچرىشىش ...... (150)
"باتا" ...... (151)
ئارالدىكى ئۆلەڭ بەزمىسى ...... (153)
غونان بەيگىسى ...... (156)
"قىز قوۋۇار"دا ...... (157)
ئەنچى قىزغا ...... (158)
مىللەت ھەققىدە ...... (159)
مەتقاسىم قايتىپ كەلدى ...... (161)
بۆ قەيەر؟ بۇ كىم؟ ...... (170)
خوتەن قىزىنىڭ ئارزۇسى ...... (171)
ئەمدى مەن تۇزەلدىم ...... (173)
سېكرېتار ئوقۇيدۇ ناۋايىنىمۇ ...... (180)
يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ ...... (181)
موزاي بىلەن تۇلكە ...... (183)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا مېھرى ........................................ (185)
ئاتمىش يىلىمىز ........................................ (188)
يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم ........................ (191)
يانبۇلاق ........................................ (198)
باياندايدىن ئۆتكەن چېغىمدا ........................ (202)
ئادەم بىز، مەلھەمگە مۇھتاجمىز ........................ (205)
"ئالدى"نىڭ مەستانىسى ........................ (208)
تەۋەرۈكنى كۆرگەندە ........................ (210)
"ھەپىرەڭ"گە نەزەر سالغاندا ........................ (212)
مۇقام ........................................ (214)
لى بەينى كۆردۈم ........................ (217)
گاچا دەپ قالغانمىدۇ ........................ (219)
قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا ........................ (220)
ناخشا ئېيتىپ ئەركە تۇتتى موڭغۇل قىزى ........................ (221)
ئېلىم ئۈچۈن ئىلىم ئالىمەن ........................ (222)
ئۇخرىد بويى ........................ (224)
دىرىم كۆۋرۈكى ئۈستىدە ........................ (227)
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى ........................ (228)
گۈل ........................................ (230)
تارا كۆۋرۈكى ........................ (232)
سىنچىنىڭ سۆزى ........................ (234)
تەلۋە تەنقىدچى "ئاكام"غا مەسلىھەت ........................ (236)
بىر ئىمامنىڭ ئەرزى ۋە قازىنىڭ جاۋابى ........................ (238)
ئەمدى ........................................ (240)

تەشەككۈر …… (242)

يىراقتىن خەت …… (244)

تاڭ ئاشىقى …… (249)

"قوزىۋاي" …… (250)

ياماتۆنىڭ تويى …… (253)

پىئونېرنىڭ سۆزى …… (256)

شېئىر مەشرىپى …… (258)

تۇرپان مېھمانخانىسى …… (260)

ئېتىزدا باھار …… (264)

پەشتاقتا …… (266)

يېشىلزارلىق ئالدىدا …… (270)

كېرىلمە، ئەي چۆل …… (271)

يېشىللىقنى قەدىرلە …… (274)

چەكمىگىن غەم مەن ئۈچۈن …… (276)

چوغلۇق يېنىدا چاققان بار ئىكەن …… (277)

سالامەت بولۇڭ …… (279)

چوققىدىكى قارىغاي …… (280)

خۇاڭشەنگە چىققاندا …… (282)

يۈرەك سوۋغىسى …… (285)

بىر سۈرەتنىڭ تارىخى …… (289)

ۋەسىيەت …… (293)

قالتىس مەسلىھەت …… (294)

تۇرپان شارابى كەلتۈرۈڭ …… (295)

بولمىسا …… (296)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن شۇنداق بىر ئوغۇل بالا مەن (297)
يانتۇلۇق (302)
كۆچۈرمىچى ئوغرىلار (303)
يېڭى باي كۆۋرۈك ياسىدى (304)
دوستلۇق شەنگە (305)
”باشقىلار ئاۋۋال باي بولسا“ (306)
ئاچچىق نەسىھەت (307)
ئاھ ياشلىقىم (311)
ئانا تىلىم (313)
مېنىڭ تەبرىكنامەم (320)
ۋىسال يولىدا (323)
ئۇيغۇر قىزى، جەۋلان قىل (324)
بايرىمىڭنى تەبرىكلەيمەن، مۇئەللىم (327)
گىلەمچى قىزغا (332)
بايرام جامى ئالدىدا (334)
بىر ئاق قۇ قونۇپتۇ جۇجياڭ بويىغا (336)
گۈل ئارا (339)
گۈيشەن (341)
ئەي كۆڭۈل، كەڭ تۇت ئۆزۈڭنى (344)
زوغۇيلار توغرىسىدا (345)
كەچمىگىن، دوستۇم، سەمىمىيەتتىن (349)
ئانام قۇچاقلىدى ”ئانام“ دەپ مېنى (351)
ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا (353)
مۇھەببەتتىكى ۋاقىت ھېسابى (354)

سالام توشۈيمەن ........................ (355)
دوستۇمغا.................................. (356)
ئاگاھ بول، گۈزەل قىز........................ (358)
بېزەكلىكتە .............................. (360)
مۇقام ئاڭلاپ .............................. (362)
ياشلىق لىرىكىلىرى (چاتما شېئىر) .............. (363)
كۆزۈڭدىن سورا .......................... (363)
قىلمىغىنا گۈلنى خىجالەت .................... (364)
سوغۇق سۇ ............................... (364)
راستلىقىڭ—راستچىللىقىڭ...................... (365)
مىراس....................................... (367)
يېڭى يىل، ئاق يوللۇق بولۇپ قال يەنە ............ (369)
نورۇزدا كەلگەن ئىلھام ........................ (372)
تەمبۇرچى دوستۇمغا (مۇۋەششەھ) ................ (375)
گۇاڭشىدىن تىزىپ كەلگەن مىسرالار (چاتما شېئىر)
.............................................. (377)
ناخشا رەستىسى ............................. (377)
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى ......................... (379)
يولدا ....................................... (380)
دالچىنزار.................................. (381)
دىدار خاتىرىسى ............................ (382)
دالچىن شېخى شىلدىرلايدۇ....................... (382)
مەن ھەيران................................ (384)
دىسەن ئۈستىدە ............................. (384)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

چېگرا بويىدىكى بىر ئەدەبىي ژۇرنالغا بېغىشلىما
.................................. (385)
لىۇ سەنجىي .................................. (386)
شائىر يۇرتىدا شائىرنى ئەسلەپ .................. (392)
سەرۋەڭگە قاراپ .............................. (395)
ۋاي ئېسىت! .................................. (397)
بەزى دەردلەر .................................. (398)
ئەزرائىل ئالدىدا .............................. (399)
هاسا هەم قەلەم .............................. (401)
لۇشۈننىڭ هەيكىلى .............................. (402)
خوڭ شيۇچۈەن سۈرىتى ئالدىدا .................. (404)
كەشتىچى قىزلارنىڭ قولىغا قاراپ .............. (408)
”ئۇيغۇرلارنىڭ قولى تەملىك ئىكەن“ ............ (409)
ۋەسىيەتنامىنى يىرتىۋېتىمەن .................. (410)
كۆردۈم شۇنداق هازىدارنى ...................... (412)

## ئىشقىي غەزەللەر

قەدىرلەيمەن سېنى، جانان .................... (414)
يىغلىما .................................. (414)
ئوغرىدىن مەككار يامان ...................... (415)
شۇندىن بېرى .................................. (416)
مەيلىمۇ .................................. (417)
ئالدىدا .................................. (418)

ئەمدى ئېغىز ئاچما…………………………(419)
ئۆزۈمدىن ئۆتتى …………………………(419)
ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار …………………(420)
ئەجەب گەپقۇ …………………………(421)
جانان كېلىدۇ…………………………(422)
مەلھەم ئوق…………………………(423)
ئۆرگىلەي …………………………(424)
ئىچىمدە ھەسرىتىم كۆپ……………………(424)
دەپتىمەن…………………………(426)
ئەمدى …………………………(428)
هوي بالا…………………………(428)
كۆڭۈلنى كۆڭۈل ئالىدۇ……………………(430)
ئەمدى نېمىسى؟ …………………………(430)
باشقىسى …………………………(431)
بەك گول ئىكەنمەن…………………………(432)
مەن بەختىيار …………………………(433)
خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم……………………(434)
كەلسە…………………………(435)


## ماتەم ناخشىلىرى


ماتەم …………………………(436)
يولداش گومۇروغا مەرسىيە……………………(439)
ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ …………………………(440)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىم شېھىت خاتىرىسىگە .................... (444)
مەرھۇم دوستۇم قاۋسىلقانغا مەرسىيە .......... (446)
مازار ........................................ (448)
ئەسئەت ئىسھاقوۋقا مەرسىيە .................. (449)
سازەندە دوستۇم ئابدۇللا ھامۇتقا مەرسىيە ........ (450)
ئەلۋىدا (ئۇستاز ماۋدۇنغا مەرسىيە) ................ (451)
ئۇنتۇماس خەلقىڭ سېنى (ئابلىزخان مامۇت خاتىرىسىگە)
........................................ (452)
ئالاھىدە مۇسىبەت (ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى ئابلىھەمىت سىدىقنى
ئەسلەپ) .................................. (453)
مەرھۇم زىكرى ئەلپاتتاغا مەرسىيە .................. (454)
شان-شەرەپ ئەھلى (مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ
دەپنە مۇراسىمىدا تىزىلغان مىسرالار) .......... (456)
نىساخان (ئاتاقلىق خەلق نەغمىچىسى مەرھۇمە نىساخان
خاتىرىسكە) .................................. (457)
يۈرەك ياشلىرىم (ئانامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيەم) .......... (458)
سەن لەھەتتە ئەمەس، بەلكى مۇنبەردە (مەرھۇم دوستۇم
ئابدۇكېرىم خوجىغا مەرسىيە) .................. (461)
سىز خەلق قەلبىدە ياشايسىز كۈلۈپ (ئاتاقلىق جامائەت
ئەربابى ئابلىز مۇھەممىدى ۋاپاتىغا مەرسىيە)
........................................ (463)
ئەل بۇلبۇلى (مەشھۇر ناخشىچى داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتى
مۇناسىۋىتى بىلەن) .......................... (464)

## ناخشا تېكىستلىرى

ئورما ناخشىسى ........................ (466)
دېھقانلار مارشى ........................ (467)
ئىشچان يىگىت ........................ (468)
يىگىت ئارزۇسى ........................ (469)
پويىز كەلدى ........................ (470)
ھەسرەت ........................ (470)
ئامرىقىم ........................ (471)
ئۈزنتىش ........................ (472)
يوللۇق ئالما ........................ (473)
ياش دوستۇمغا........................ (473)
جان ئانا ........................ (474)
مەيلى ........................ (474)
ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز ........................ (475)

## رۇبائىيلار، پارچىلار ۋە تۇيۇقلار

رۇبائىيلار ........................ (477)
پارچىلار ........................ (493)
تۇيۇقلار ........................ (502)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گاڭگراش

بەستىم بىلەن تەك تەلپىكىم،
چوغدەك قىزاردى تەستىكىم.
تاپقان مۇكاپاتىم شۇمۇ،
مۇنداق ئەمەستى ئىستىكىم.

رەڭگۇ روييۇمنى ئاق دېسەم،
ھازىر سۇرەتتە باشقىچە.
بۇ ھەقتە شۇنداق دېگۈلۈك:
"ئالداپتۇ كونا ئەينىكىم".

بۇغداي تېرىپ كەلدىم دېسەم،
قارىمۇق دېيىشتى باشقىلار.
كىم بىلدى بۇنداق خەيلىنى،
ۋاي-ۋاي، ئىسىت تەر-ئەمگىكىم.

ئېيتقان مۇقامىم ياقمىدى،
قالدىم ئۆزۈممۇ گاڭگىراپ.
ئۆزدى راۋابىم تارىنى،
نەلەردە قالدى زەخمىكىم.
.....

1971-يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ساقىيغا ئىلتىماس*

قوي ئەي ساقىي،
ھوشۇمدىن ئايرىلاي بىردەم،
جاھان غەۋغاسىدىن خالىي بولاي بىردەم.
ھوشۇمنىڭ بارىدا يوقكەن ماڭا ئارام،
ئۇنىڭسىز ئەمدى مەن ئارام ئالاي بىردەم.

1971-يىل.



* مەن بۇ شېئىرىمنى كېيىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن نەشرىگە بەرمىگەنىدىم. ئەمدى مەيلى، قانداقلا بولسۇن بۇ مېنىڭ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ جەريانىدا روھىي ھالىتىمنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي دېدىم.

# سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس

سىر دېگەن مۇتلەق ئەمەس، بولغۇسى مەلۇم ئاقىۋەت،
ھېيلىلەر چۈمپەردىدىن بولغۇسى مەھرۇم ئاقىۋەت.

شۇم نىيەتلەر يامىشار بىر تال پاخالغا كىمە دەپ،
بەربىر سۇغا چۆكۈپ، بولغاي بۇرۇختۇم ئاقىۋەت.

ھېيلىدىن قانات ياساپ ئاسمانغا چىققان نەدە بار،
چىقسا تىك موللاق ئېتىپ، جەزمەن بولۇر گۇم ئاقىۋەت.

1972-يىل ئۆكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

# كۆرۈۋىدىم چۆشۈمدە بۇلبۇل

(بىر دوستۇمنىڭ ئېيتقانلىرى)

كۆرۈۋىدىم چۆشۈمدە بۇلبۇل،
مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر:
"ياخشىلىق بىر ساڭىمۇ چوقۇم،
تۇزىلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر."

بەزى چاغدا ئارام بىرىدۇ
دەردمەن ئۈچۈن مۇنداق تەسەللا.
بىراق شۇ كۈنى بىر پېشكەل كېلىپ،
سولاپ قويۇشتى سولاش ئۈچۈنلا.

بۇلبۇل كۆرۈپ ھېلىمۇ ياخشى
ئېلىنىپتىمەن سولاقا-بەنتكە.
ھۆپۈپ كۆرگەن بولسام چۆشۈمدە،
كېتىدىكەنمەن ئۇدۇل لەھەتكە.

1973-يىلى يېزىلغان، 1980-يىلى تۈزىتىلگەن.

# پاختەكلە ھەققىدە مۇخەممەس

بۇ مۇخەممەسنى بېغىشلايمەن ئەزىز پاختەكلىگە،
كونا دۇنيادا بوزەك بولغان شۇ قۇللار نەسلىگە،
پارتىيە مېھرىدىن يەتكەچكە سائادەت ۋەسلىگە،
ئاشۇ قۇللار ئايلىنىپ ئەمدى كارامەت ئەھلىگە،
يېڭى تۇس بەردى زامانىنىڭ مەزمۇنى ھەم شەكلىگە.

كونا پاختەكلە بۆرۈن زىمىستان-قىش ئىدى،
نەشتىرى خۇددى چاياندەك، ھەيۋىسى مۇدھىش ئىدى،
ئاچ-يېلىڭلار ئۆيىدە ھەر كۈندە مىڭ تەشۋىش ئىدى،
ئۇ زامانلار چۈنكى ئادەم يەيدىغان ئۆتمۈش ئىدى،
كۆز تىكەتتى كەمبەغەل ئىللىق باھار، ياز پەسلىگە.

كونا پاختەكلىدە يوقسۇللغا ھايات دوزاق ئىدى،
شال تېرىش گوياكى يىڭنىدە قۇدۇق قازماق ئىدى،
سۆرىسە ئەرلەر ساپان، خوتۇن، بالا ياندىاق ئىدى،
كۆزدە ئاقئوششاقمۇ تەگمەيتتى، زامان شۇنداق ئىدى،
كېكىرىپ بايلار ياشايتتى ئەيشى-ئەشرەت، سەيلىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلدى يوقسۇل ياز بويى بايلار ئۈچۈن دېھقانچىلىق،
قىشلىقى ھاشاغا ماڭغان، ئۆكسىمەس ئالۋاڭ-سېلىق،
دەشتكە كەتكەن، ئۆيدە قالغان، بەرگە سەرسانچىلىق،
رەھىمسىز ئالۋاڭ-سېلىق، سەرسانچىلىق، ۋەيرانچىلىق،
بەكمۇ يىرتقۇچلۇق سېڭىپ كەتكەن خوجاملار پەيلىگە.

بۇ ئازابتىن كەمبەغەلنىڭ سەۋرى پەيمانى تولۇپ،
چىقسىمۇ مەيدانغا ئازادلىقنى ئىزدەپ قوزغۇلۇپ،
تۆكسىمۇ دەرياچە قانلار، بەربىر مەغلۇپ بولۇپ،
تېخىمۇ قوشلاپ سېلىندى ئەركىگە زەنجىر، قۇلۇپ،
قالدى ھەسرەتتە، يېتەلمەي كۆزلىگەن مەنزىلگە.

ئەۋج ئېلىپ ماۋجۇشى باش بولغان قوشۇننىڭ قۇدرىتى،
ئەل بېشىدىن ئاقمۇەت كەتتى ئەسىرلەر كۈلپىتى،
ئاتتى تاڭ پاختەكلىدە، قوغلاندى زۇلمەت دەھشىتى،
كەلدى يوقسۇل نۆۋىتى، ئۆزگەردى مەھكۇم قىسمىتى،
يېڭى قىسمەت بولدى قانۇن، ئۇچرىماس ھېچ دەخلىگە.

قاپلىدى پاختەكلىنى ئالتۇن قۇياش پارلاق نۇرى،
كەلدى كادىرلار قاتار، قولىدا تۇگەي[1] دەستۇرى،
سوتقا تارتتى زومىگەرلەرنى خەلقنىڭ مۇنبىرى،
ئالدى دەردمەنلەر قىساس، تەرگۈچىنىڭ بولدى يېرى،
قوندى شادلىق قاتمۇقات يېڭى خوجايىن كۆڭلىگە.

---

[1] تۇگەي دەستۇرى — يەر ئىسلاھاتى قوللانمىسى.

ئاشۇ كۈن پاختەكلە بەخت جامىنى ئىچتى توشتۇرۇپ،
جالڭ ئۇرۇپ قەشقەرگە شۇندا قىلدى توي قاملاشتۇرۇپ،
يازدى ماۋجۇشىغا رەھمەتنامە كۆڭلى جۇش ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ كەلگەن ئازاد قوللارغا بارماق باستۇرۇپ،
خۇش چىرايلار ئاشۇ چاغ ئوخشايتتى ياقۇت-لەئلىگە.

داھىمىز ماۋجۇشى بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىدە،
يوللىدى شانلىق جاۋاب پاختەكلىگە خەت يۈزىدە،
كۆرسىتىپ پارلاش نىشان، بەردى مەدەت ھەر سۆزىدە،
شۇ مۇبارەك خەت يېتىپ كەلگەن مىنۇتنىڭ ئۆزىدە،
بەختىيار پاختەكلە باغرى چۆمدى ئالتۇن شولىگە.

ئاشۇ خەت ئىلھامىدىن پاختەكلە چەكسىز كۈچ ئېلىپ،
پارتىيە لۇشيەنىنى ھەر ئىشتا ئەڭگۈشتەر بىلىپ،
قورقمىدى تۇرغاندىمۇ ھەرقانچە توسقۇن دۈچ كېلىپ،
باشلىدى يۈيگوڭچە ئىش، جىسۇچىلارنى[1]لەت قىلىپ،
ھەم كۈرەشتە بەردى پەشۋا بارچە سۇيىقەست-ھىيلىگە.

ئاڭلىسام، پاختەكلە، سەنمۇ ئۆزگىرىپسەن شۇنچىلا،
غەيرىتىڭدىن بوپتۇ ئاۋات قانچە شورتاڭلىق دالا،
يوللىرىڭ بوستان بولۇپتۇ، ئېتىزىڭ رەت-رەت سالا،

---

① يۈيگوڭ، جىسۇ— ماۋجۇشىنىڭ «يۈيگوڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» دېگەن ئەسىرىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار.

يېڭىلىقتىن خۇش خەۋەر كەلمەكتە سەندىن كۈندىلا،
ئاپىرىن پاختەكلىلىكنىڭ غەيرىتىگە، ئەقلىگە!

بارىكاللا، ئەي قىزىل دەريا بويىنىڭ گۈلشىنى،
ئاڭلىسام، ئاپسەن قۇرۇپ پاختەكلە نامىلىق گوڭشىنى،
كەلدى كۆز ئالدىمغا شۇندا تەنتەنەڭنىڭ جۇشقۇنى،
ئالغا باس ماۋجۇشى، گوڭچەنداڭ يولىدا ھەر كۈنى،
ئۆرلىگىن غەيرەت بىلەن بارغانچە يۈكسەك پەللىگە.

يات ئەمەس، پاختەكلە، ھەرگىز تارىخىڭ، ئۆمرۈڭ ماڭا،
ھەم يېقىملىق ئۆز ئانامنىڭ باغرىدىن باغرىڭ ماڭا،
سەنمۇ بەرگەن تەربىيە، كىرگەن تالاي ئەجرىڭ ماڭا،
شۇنچىلىك چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئىكەن مېھرىڭ ماڭا،
تەلپۈنەر كۆڭلۈم ھەمىشە سەن ئەزىز پاختەكلىگە.

1973-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.



# يۇرتۇمنىڭ بېغى

يۇرتۇم بېغى بۇ ياز يەنە زىننەتكە تولۇپتۇ،
زىننەتتىن ئېسىل مەھسۇلى بەرىكەتكە تولۇپتۇ.

چۆللەرمۇ ئېتىز، چۆرىسى باغ، مېۋىسى سەرخىل،
ئاق بەتلەر گۈزەل خەت، يېڭى سۈرەتكە تولۇپتۇ.

شاخلارنى ئېگىپ ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇلا، ئەنجۈر،
تەكلەردە ئۈزۈم باشقىچە شەربەتكە تولۇپتۇ.

بۇ تۆكمە باياشاتلىق ئارا كۆزۈ كۆڭلۈم توق،
يۇرتۇمنىڭ ئوچۇق داسقىنى نېمەتكە تولۇپتۇ.

ھەر شەنبە كۈنى نەغمىمۇ ياڭرايدۇ بۇ باغدا،
مەشرەپ يېڭى مەزمۇن، يېڭى سەنئەتكە تولۇپتۇ.

ئەسلەپ كېچىكى دەشتنى، ئەجەبلەنمە بۇ باغقا،
ئەزالىرى يۈيگۈك كەبى غەيرەتكە تولۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ مۆجىزىنىڭ تەكتىگە يەتتىڭمۇ، بۇرادەر،
ئۆملۈك بىلەن يۇرتۇمۇ بۇ خىسلەتكە تولۇپتۇ.

1974-يىل، غۇلجا-ئۈرۈمچى.



# قاراماىغا مەدھىيە

ياشناتتى سېنى قاراماي دەۋرىم بولەكتىن جان بېرىپ،
ماۋجۇشى ئاچقان يول ساڭا ياشناش ئۈچۈن ئىمكان بېرىپ.

ئۆتمۈشتە باغرىڭ چۆل ئىدى، ھەيۋەڭدىن ئادەم قول ئىدى،
كەلگەن ئەمەس سىرنى بىلىپ قويىنۇڭغا بىر ئىنسان بېرىپ.

دەشت باغرىدىن ياندپ ئۆتۈپ، ھەردەمدە مىڭ تەشۋىش يۇتۇپ،
يىرتقۇچقا يەم بولغان تالاي كولدۇرمىلىق كارۋان بېرىپ.

تومۇزدا تاشلار چوغ گويا، سۇ بۇندا كۆزگە تۇتىيا،
بۇ دەشت ئۇزاتقان قانچىلاپ تەشناغا قۇم-تالقان بېرىپ.

بەزەن قۇيۇنلار بىھىساب ئاسمان-پەلەك تۇۋرۇك ياساپ،
گويا جۇدۇن لەشكىرىنى چىللار ئىدى نىشان بېرىپ.

بىردىنلا بوران گۇركىرەپ، ۋەھشىي قاۋاندەك ھۆركىرەپ،
تاش ياغدۇراتتى ئالدىدىن سەل كەلدى دەپ ئېلان بېرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆك نەئرە تارتىپ تىغ سېرىپ ھەم ئاتسا سەلنى ئوق قىلىپ،
تاپالمىغان قونداق-پانا ئۇچار قاناتلىق جان بېرىپ.

كەلگەندە مۇدھىش قەھرىتان، يىرتقۇچقىمۇ بولماس ماكان،
بارمىش رىۋايەتتە: توڭۇپ قالغان ئىكەن شەيتان بېرىپ.

غەپلەتتە ياتتىڭ شۇنچە كۆپ، ياتتى خەزىنەڭ تونجۇقۇپ،
ئەسقاتمىدىڭ سەن قىلچىلىك ئەل دەردىگە دەرمان بېرىپ.

* * *

يورۇپ شەرقتىن سۇبھى تاڭ، قوغلاندى ئۆتمۈش زۇلمىتى،
ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئالدى بۇ جۇڭخۇا مىللىتى.

غەيرەت-شىجائەت ئۇردى جۇش، قىلدۇق تەبىئەتكە يۈرۈش،
مۆجىزىلەر داستانىغا تولدى يېڭى تارىخ بېتى.

باتۇر، پىداكار ئىشچىلار باشچى بولۇپ ھەر ئىشتىلا،
تۆھپە ياراتتى يېڭىدىن قايناپ-تېشىپ زوق-رىغبىتى.

قوغلاپ خوراپاتنى نېرى، قىلدى يۈرۈش جۇڭگار سېرى،
ئىزدەپ نېفىت يەر قەرىدىن جەڭ باشلىدى كەلگەن پېتى.

كەلگەندە بۇرغا قۇرغىلى، قۇرغاندا تونجى بۇرغىنى،
شەيتاننى توڭلاتقان سوغۇق كەلدى ئاجايىپ دەھشىتى.

ئېچىپ سوغۇقتا مەيدىنى، بوراندا ئەگمەي قەددىنى،
ئىشنى قىزىتتى ئىشچىلار، سۈندى تەبىئەت ھەيۋىتى.

ياڭراپ موتورنىڭ نەغمىسى، يەرنىڭ بۇزۇلدى ئۇيقۇسى،
يەتكەندە بۇرغا جايىغا، كۆلدى قاقاقلاپ ماي قېتى.

تۇنجى قۇدۇقتىن پۇشقۇرۇپ چىققاندا نېفىت جۇش ئۇرۇپ،
چىقتى جاپانىڭ ھاردۇقى، شۇنداق جاپا-جان راھىتى.

بىز ئۆرلىگەندە ھەر قاچان، دۈشمەن ئىچىگە تولدى قان،
چامدامدا توسقۇن تىكىلدى، زەنجىر ئىدى ھەر دەۋتى.

باشلامچىغا لايىق سىنىپ ئالدامچىلارنى پاش قىلىپ،
بۇزدى خۇراپىي رامكىنى، ئاشتى پەلەكتىن غەيرىتى.

ئالدى باياۋان ئورنىنى بۇرغا مۇنارى ئورمىنى،
بولدى نېفىت شەھرى بىنا، داڭ كەتتى ئەلگە شۆھرىتى.

مايلار قانالدىن غۇرقىراپ ئاقماقتا نودىن شارقىراپ،
ئالماقتا بۇندىن كۈچ-قۇۋۋەت ئانا ۋەتەننىڭ قۇدرىتى.

* * *

زوقۇمنى تارتتى "قاراماي"، باغرىڭدىكى جۇشقۇن ھايات،
شېئىرىمغا مەزمۇن: ئىنقىلاب، مەردانە ئەمگەك، كەشپىيات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باسقان سىنىڭ ھەر چامدىمىڭ، ھەربىر ئۆتۈق، توي-بايرىمىڭ
كەلدى كۆرەشلەر ئەۋجىدىن، بولماس كۆرەشسىز ھېچ ھايات.

ھەربىر ساۋاقلاردىن ئايان: دۈشمەن دىگەن دۈشمەن ھامان،
يانمايدۇ شەيتان پەيلىدىن، قىلمايدۇ ھەرگىز پەندىيات.

ھەربىر كۆرەشتە زەربىدار، دۈشمەننى ئەيلەپ تارمار،
جەزمەن مۇقەددەس بۇرچىنى ئاقلايدۇ پرولېتارىيات.

ئۆرلە كۆرەشتە قاراماي، دۈشمەنگە ئوت ئاچ ئايىماي،
قۇچسۇن يېڭى شانلىق زەپەر داچىڭچە جۇشقۇن كەيپىيات.

1974-يىل فېۋرال، قاراماي-ئۈرۈمچى.



# ۋەتەن مېھرى

ۋەتەننى نۇرغا چۆمدۈردى قۇياشلىق دەۋرىمىز بىزنىڭ،
قىزىل گۈللەرگە پۈركەندى باھاردەك ئۆمرىمىز بىزنىڭ.

كۈرەش قىلدۇق تۆكۈپ قان-تەر، كۆتۈردى قەد يېڭى دۇنيا،
ياراتتى مول ھوسۇل، مېۋە ئۇنۇملۇك ئەجرىمىز بىزنىڭ.

ۋەتەن گۈلزارىنى قوغداش مۇقەددەس بۇرچىمىز دائىم،
شۇڭا قۇزغۇنغا بەتلەگلىك قورالدۇر قەھرىمىز بىزنىڭ.

ئۇلۇغ غالىپ قىزىل بايراق يېتەكلەر غەلبىگە مەڭگۈ،
جۇدۇنلار ۋەھىمدىن ئۆچمەس ۋەتەنگە مېھرىمىز بىزنىڭ.

1974-يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەدرىنى

كىمكى دەشتلەر كەزمىسە بىلمەس گۈلىستان قەدرىنى،
ئۇنتۇسا ئۆتمۈشنى كىم، بىلمەس بۇ دەۋران قەدرىنى.

كەلدى نەدىن ئۆي-ماكان، كەلدى قاياندىن ئاش-ئوزۇق،
بىلمىگەي "تەييارغا شەيخلەر" ئىشچى، دېھقان قەدرىنى.

قوغدىدى قورغان بولۇپ ئەل بەختىنى جېفاڭجۈنۇم،
كۆرمىسە دۈشمەننى كىم، بىلمەس بۇ قورغان قەدرىنى.

ماۋجۇشىنىڭ مېھرىدىن بىزگە سائادەت بولدى يار،
جان پىدا بىز يولىدا بىلگەچ قەدىردان قەدرىنى.

1974-يىل.

# جىڭگاڭشەن روھىغا مەدھىيە

—ماۋجۇشىنىڭ «جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش»
سەرلەۋھىلىك شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

قايتا جىڭگاڭشەنگە چىقماق تەلىمى
قوزغىدى قەلبىمدە جۇشقۇن كەيپىيات
كەلدى كۆز ئالدىمغا شۇنداق تەۋرىمەس تىك چوققىلار،
كەلىسمۇ خەۋپ تۇشمۇتۇشتىن قاتمۇقات.
كەتتى ئازغۇنلار قىزىل تۇغدىن كېچىپ مەلئۇن بولۇپ،
بۇندىكى ئۇچقۇن ھامان ياندى ئۇلۇغ يانغىن بولۇپ،
شۇ ئۇلۇغ يانغىندا تاۋلاندى پولات،
ئۇندى خۇاڭيانجېدىكى قاندىن چېچەك،
كەلدى شۇندىن بۇندىكى نۇرلۇق ھايات.

بۇ زامان شۇنداق زامان:
سوقىدۇ تىنماي بوران،
ئىنقىلاب يايغان قانات.
قىلسا لاچىن كۆككە پەرۋاز، توسىيالمايدۇ بۇلۇت،
ئىنقىلاب ئالدىدا يوق ھېچ تىلسىمات.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەر-جاھان مۇجتاج مۇقەررەر لەرزىگە،
كىم ئىشەنسۇن زومىگەرلەر لەۋزىگە،
قايتا جىڭگاڭشەنگە چىقماي يوق نىجات.
چوققىغا ئۆرلەشكە پۇتلاشماس ساقال،
مېنى ياشناتتى كۆرەشچان تەلىمات.

1975-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



# تىيانشان باغرىدا

(قەسىدە)

ئالدىم قولۇمغا مەن قەلەم، ئالدىمدا دەۋرىم تەسۋىرى،
بونداق گۈزەل تەسۋىر ئۈچۈن خاسدۇر بۇ كۆڭلۈم دەپتىرى.

هەر يانغا مەن كۆز تاشلىدىم، سۆزنى سوئالدىن باشلىدىم:
بىز ئەمدى بولدۇق كىم دېدىم هەم كىم ئىدۇق بىز ئىلگىرى؟

ئۆتمۈش تىيانشان باغرىدا ئەمگەكچى شادلىقتىن جۇدا،
تۇرغان ھەمىشە سانجىلىپ كۆكسىگە زۇلمەت خەنجىرى.

ئۆستەڭ چېپىپ يوقسۇل ھەلەك، سۇغا خوجايىنلار بۆلەك،
بايلار ئۈچۈن شەربەت ئىدى ئەمگەكچىلەرنىڭ قان-تېرى.

يەر بولدى باينىڭ ئەجرىسىز، ئەمگەكچى ئۇندىن بەھرىسىز،
يەر باي ئۈچۈن "ئالتۇن قوزۇق"، يوقسۇلغا قۇللۇق زەنجىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشلىق تېرىپ چەش راسلىغان يوقسۇلغا چارمۇ ئاشمىغان،
بىر پارچە نانغا زار بولۇپ ئۆتتى خازاندەك كۈنلىرى.

مال باقتى نامرات مالچىلار، گۆشنى يېدى باي، غالچىلار،
ھەم ئۆي ئىدى ھەم گۆر ئىدى مالچى ئۈچۈن تاغ ئۆڭكۈرى.

خاڭجا-خوجايىن ئەمرىدە، يەرنىڭ قاراڭغۇ قەرىدە
ئىشلەيتتى يوقسۇل بالىلىرى، ئايلاپ چىقالماي تاشقىرى.

قان-تەر بىلەن پۈتكەن گىلەم باي قەسرىنىڭ بولدى شۇ دەم،
بىچارە خالۋاپ ئاچ-زېرىن، داق يەر ئىدى ياتقان يېرى.

كەلسە زىمىستان قەھرىتان، سەن نەدە دەپ ئەي بىماكان،
قىنايىتتى يوقسۇلنى تېپىپ ئاچچىق سوغۇقنىڭ نەشتىرى.

ئالۋاڭ-سېلىق تاغدىن ئېغىر، يۈك ئاستىدا يوقسۇل يېغىر،
بايلىق يىغاتتى ئۈستىلەپ شۇ باندا يۇرت بەگلىرى.

بايلار پاراغەت قوينىدا، بەگلەر ھەشەمەت ئورنىدا،
قۇللارنى زار-زار قاقشىتىپ كۈلمەك ئۇلارنىڭ دەستۇرى.

كارىزنى خۇددى دۇم قىلىپ، ئەل ئەجرىگە ئاپەت سېلىپ،
سالدۇردى ھەيۋەتلىك مۇنار، مۇكچەيدى يوقسۇل بەللىرى.

يامۇل ئىشى تۆھمەت، جازا، يوقسۇل كۆنى ماتەم-ھازا،
يوقسۇلغا ئەزرائىل ئىدى ئامبال، چېرىك ھەم نەۋكىرى.

مىللەت ئارا زىتلىق سېلىش، زىتلىق بىلەن قىرغىن قىلىش
ئامبال ئۈچۈن ئەل قەھرىدىن تەختىنى قوغداش تەدبىرى.

ئاشقانچە زۇلمەت قانچىلىك، قوزغالدى نەپرەت، قارشىلىق،
چاقناپ غەزەپنىڭ چاقمىقى، يەتتى پەلەككە گۈلدۈرى.

ھەققانىيەتتىن لاپ ئۇرۇپ، ئالدامچىلىقتىن دام قۇرۇپ،
ئىسيانچىلارنى قانغا غەرق قىلدى زامان ئۆكتەملىرى.

ئەمگەكچى دەردمەن قان تۆكۈپ، قالدى يەنە زەرداپ يۇتۇپ،
دېدى ئەلەمدە: نەدىدۇر مەغلۇبىيەتنىڭ تۈپ سىرى؟

چاقناپ شەرقتىن بىر قۇياش، سىرلار ئېچىلدى-بولدى پاش،
ماۋجۇشى، گوڭچەنداڭ چىقىپ، بولدى كۈرەشنىڭ رەھبىرى.

ماۋجۇشى قۇرغان پارتىيە، غالىب، پىداكار ئارمىيە
بولدى نىجادكار، ئىنقىلاب تاپتى يېڭىش شۇندىن بېرى.

مات بولدى شۇم ئالدامچىلار، بۇزغۇنچىلار، بەتنامچىلار
ھەم بولدى ۋەيران دام-تۇزاق، قات-قات توساقلار چەمبىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چەيلەندى مۇدھىش خەۋپ-خەتەر، قانلىق چېلىش تاپتى زەپەر،
گۇم بولدى زۇلمەت ئوردىسى، يۇتتى زەھەر ھەمدەملىرى.

تۇنلەر كېتىپ تاڭ يورىدى، دەردمەن ئېلىم شاد يايرىدى،
گوياكى دەشتلەر باغرىغا ياندى سائادەت يامغۇرى.

چۈشتى خوجاملار تەختىدىن، ئۆزگەردى دۇنيا تەكتىدىن،
ئۆتتى شۇ ئان ئەمگەكچىنىڭ ئۆز ئىلكىگە ئۆز تەقدىرى.

قۇللار ئېرىشتى غەلىبىگە، بولدى خوجايىن ھەممىگە،
شانلىق قىزىل تۇغ ئاستىدا ماڭدى يېڭى مەنزىلسېرى.

ئۆملۈك يولى بەردى قانات، باشلاندى جۇشقۇنلۇق ھايات،
سوتسىيالىزم قۇرماق ئۈچۈن ئاتلاندى ئالغا—ئىلگىرى.

ئۆتمۈشتىكى ۋەيرانىدا سوتسىيالىزم بولدى بىنا،
تاپتى تىيانشان شان-شەرەپ، يۈكسەلدى ئالغا كۈنسېرى.

يەر ئۈستىگە يۇلتۇز قونۇپ، تۈنلەر يورۇپ كۈندۈز بولۇپ،
گويا قىلىپ كۈننى خىجىل، چاقناپ تۇرار پارلاق نۇرى.

جۇڭغاردىكى دەشت باغرىدىن ئۇرغۇيدۇ ماي يەر قەرىدىن،
كان ئاچقۇچىدۇر ئىشچىنىڭ ھەر بولقىسى، ھەر ئامبۇرى.

ھەر ياندا زاۋۇت شاۋقۇنى، كۆككە تۇتاشقان تۇرخۇنى،
سېخلاردا ھەربىر دەستىگاھ گويا كارامەت مۇنبىرى.

ھەر كۇندە يېڭى كەشپىيات، ئاشماقتا كۇنلەپ مەھسۇلات،
ھەيران قىلار، كۆز چاقنىتار سانى، ساپاسى ھەم تۇرى.

ئۆتمۇشتىكى يوقسۇل گاداي ھېيت ئويىنىغاندەك خۇش چىراي،
كىيدى ئېسىل رەختتىن كىيىم، ھەتتا تاۋاردىن ئەستىرى.

ئات مىنمىگەن ئاخشامقى قول، ئالدى بوگون ئاسمانغا يول،
كىم بۇ دېسەڭ سارسۇمبىلىك يا غولجىلىق يا قەشقىرى.

دەريا، داۋانلار ئەگدى باش، مۇز چوققىلارمۇ تۆكتى ياش،
سالدى تەپىئەتكە يوگەن سەھرادا گوڭشې باتۇرى.

ئۆركەشلىدى زۇمرەت سۇلار، كولدى قېنىپ تەشنا دالا،
چۆللەر ئاق ئالتۇن دېڭىزى ھەم بولدى ئاشلىق ئامبىرى.

يايلاقتا مال سانسىز، سېمىز، ئاۋۇلدا مول قايماق، قىمىز،
ياڭرايدۇ خۇشخۇي مالچىنىڭ دومبۇر بىلەن ئېيتقان جىرى.

ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئامراقلىقىغا سەپ سېلىڭ!
بولدى تازا ۋەيران، كاسات بۆلگۇنچىلەرنىڭ بازىرى.

ئالدامچىنىڭ دەسمايىسى—شەرمەندە نەيرەڭ-ھىيلىسى
بولدى بۈگۈن چاشقانغا تەڭ، كەينىدە تەييار ئۇر-ئۇرى.

دەۋرىم مېنىڭ خىسلەتكە باي، قۇدرەتكە باي، سەنئەتكە باي،
ئۆمرۈم بويى يازسام ئۇنى بولماس ئادا مىڭدىن بىرى.

بايرام بۈگۈن، ئەل شاد- خۇرام، ياڭرايدۇ قەلبلەردە مۇقام،
كومپارتىيىگە ئاپىرىن! شۇدۇر سۆزۈمنىڭ جەۋھىرى.

1975-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.



# ئاتىنىڭ نەسىھەتى

سايلىشىپتۇ خەلق سېنى كادىر قىلىپ،
ئۇنتۇما، ئەمگەكچىنىڭ ئوغلانى سەن.
سەن خەلقىنىڭ بول هامان سۆيۆرگىسى،
قىل هەزىم بۇ سۆزدىكى مەنانى سەن.
سۆيۆرۆپ ئەخلەتنى، خۇش قىل ئاممىنى،
تۆر تالاشما، قىل ئورۇن پەگانى سەن.

1976-يىل، ئۈرۈمچى.



# زىياداشنىڭ ئاقىۋىتى

يولدا مەلۇم بولغۇسى ياۋ ياكى يولداش ئاقىۋەت،
شۇم نىيەت سۇيىقەستچىلەر جەزمەن بولۇر پاش ئاقىۋەت.

شۇم نىيەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھۈنىرى ئالدامچىلىق،
ئۆز جېنىغا بولغۇسى دام ئەلنى ئالداش ئاقىۋەت.

كىم قىزىل تۈغنى نىقاب ئەيلەپ، قارا ئىش باشلىسا،
بولغۇسى رەسۋا جىمى خائىنغا ئوخشاش ئاقىۋەت.

كىمكى ئاتسا ئىنقىلاب قورغانىغا زەخمەت تېشى،
ئۆز پۇتىغا ئۆزى جەزمەن ئۇرغۇسى تاش ئاقىۋەت.

"تۆت زىياداش"نىڭ ھالاكەت تەقدىرىدىنمۇ ئايان،
چۈشىدۇ ئەۋرەزگە تەھقىق بار زىياداش ئاقىۋەت.

1976-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار

ئۆچتى شەرقتىن تاڭ شامىلى،
ۋادىنى بويلاپ چاچتى ئىپار.
نەغمىچى قۇشلار چالدى مۇقام،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

نۇرغا چۆمۈلگەن گۈلشەن ئارا
ئېچىلىۋاتقان گۈلگە قارا،
بىر-بىرىدىن ئۆز قىلدى جۇلا،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

رەزگى زىيانداشلار يۇلۇنۇپ،
كەتتى جىمى يەر جۇشقۇنلىنىپ،
بارىدۇ ئەمدى ئىش ئوڭلىنىپ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

ئەمدى كارامەت يىل بولىدۇ،
خەلقىمىز ئىشنى گۈل قىلىدۇ،
جەزمەن ھوسۇلمۇ مول بولىدۇ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

1977-يىل ماي، ئۈرۈمچى.



# سەنئەت باھارى

باھار كەلدى،
گۈلباھار كەلدى،
ۋەتەن قوينى ئىپارغا چۆمدى.
بۇلبۇللار ناخشا ئېيتىپ،
غۇنچىلار كۈلدى.
بايراق ئورمىنى قىلماقتا جەۋلان
قىزىل دولقۇنلۇق دېڭىزدەك خۇددى.

پەيز قوشتى باھار پەيزىگە
ۋەتىنىمنىڭ سەنئەت باھارى—
سەنئەت بايرىمى.
باغلار ھۆسنىدە قۇياشنىڭ ئەكسى،
ئېچىلغۇسى ھەممە گۈل تەكشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئىشەنچلىك كۆلگىلى تۇردى
كۆرمىگەنلىگەن سەنئەت خادىمى.

ئەسلىسەك،
بىزنىڭ سەنئەت بېغىمىز
يولۇقۇپتۇ تالاي جۇدۇنغا —
ئورناشقاندەك بۇ باغ گوياكى
شامال ئاغزىغا،
ئەنسىز ئورۇنغا.
ھېلىمۇ شۇنچە چىداپ كەپتىمىز
بېشىمىزدا ئوينىلىپ كەلگەن،
تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش قىيىن،
ھاقارەتلىك، مۇدھىش ئويۇنغا.

ئىشنى بۇزغان بىر ئوچۇم مەلئۇن
تەتۈر بۇراپ كېمە رولىنى،
بىر مەھەل گويا
"قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك"
قىلىۋەتتى سەنئەت يولىنى.
سۈرەتچىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ،
يازغۇچىنىڭ ئۈزدى قولىنى.

ئۇسسۇلچىنىڭ پۇتىنى چېقىپ،
ناخشىچىنىڭ بوغدى گېلىنى.
سەنئەت بېغىنى قىلدى ۋەيرانە،
خالىغانچە قىرقىپ گۈلىنى.

بىر ئوچۇملار—تەكتى بۇزۇقلار
تۇغۇلغان ئىكەن ئىش بۇزۇشقىلا.
بىلمەيدۇ بىر ئايۋان قۇرۇشنى،
بىراق ماھىر ئۇرا كولاشقا،
ئۇلار مانا شۇنداق ئۇستىلار.
ناخشىغا ئەمەس،
يارالغان بەلكى
ھە دېسە ھۇرپىيىپ چالۋاقاشقىلا.
راست ئادەمنى ”بۆجى“ دەپ قوغلاپ،
نېمىلەر قىلمىدى بۇ ئالۋاستىلار؟!

* * *

مەرھابا، ئەي سەنئەت باھارى،
سەن بىزنى قۇتقۇزدۇڭ ئاپەت دەستىدىن.
”ئۇھ!“ دېدۇق ئەمدى، غەلىبە قازىنىپ،

ئەگ خەتەرلىك جىنلار ئۇستىدىن.
ئېلىپ سەندىن ئىللىق نۇر، ھاۋا،
تېپىپ سۇلغۇن دەردىگە داۋا،
گۈللەنمەكتە سەنئەت باشقىدىن.

ئەنە، شۇ تاپتا
ماۋجۇشى كۆز ئالدىمغا كەلدى.
ئۇ كۆرۈپ يېڭى تەنتەنىمىزنى،
بىر چاغدىكىدەك زوقلىنىپ كۇلدى.
ئەنە،
قەدىردان جۇ زۇڭلى يۇتيەنگە كېلىپ،
دېمەكتە يەنە:
يېڭى مۇقامنى
قورقماي، دادىل ئېيتىڭلار ئەمدى.
ئەنە،
بىر ياندىن ئېچىلىپ-يايراپ،
سېپىمىزگە ياغدۇردى ئالقىش
مۇنبەر ئۇستىدە لۇشۇن ئەپەندى.

سادىغاڭ كېتەي، سەنئەت باھارى،
مەپتۇن مەن ساڭا،

مەپتۇن شۇنچە مەن.
تىيانشان باغرىدا— سەنئەت بېغىدا
قىلماقتا جەۋلان يېڭى گۈل-چىمەن.
مەنمۇ شۇ باغدا— باھار قوينىدا
ئېچىلىۋاتقان يېڭى غۇنچە مەن.
ئېلىمنىڭ لەكمىڭ شائىرلىرىنى
دېڭىز دېسەڭلار،
مەن بىر تامچە مەن.
مېنى بىر مىسرا شېئىر دېسەڭلار،
بۇزغۇنچىلارنىڭ رەزىل ئەپتىگە
تارسىلداپ تېگىدىغان تارمۇش قامچا مەن.

٥

ئەي سەنئەت باھارى،
سېنىڭ ھايات بەخش ئىللىق نۇرۇڭدا
سەنئەت بېغى، سەنئەت يايلىقى،
ئېلىمنىڭ گۈزەل روھىي بايلىقى
بەرمەكتە يېڭى شېرىن مېۋىلەر،
شۇنداق ياخشى ئۈنۈمدارلىقى.
ھاياتىمىزنى تېخىمۇ بېزەش
بىزنىڭ جانىجان كۆرەش بۇرچىمىز،
بۇ بىزگە تارىخنىڭ ئەزگۈ بۇيرۇقى.

www.uyghurkitap.com

بىز باھارنىڭ قەدرىنى بىلسەك،
سەنئەت بېغىمىز ياشنار شۇ قەدەر:
گۈلى ھەقىقىدە سۆزلىمەي قوياي،
ئالتۇندىن ئېسىل ھەتتا ياپرىقى.

1977-يىل ماي، ئۈرۈمچى.



# تەلۋىچۈك

تەلۋىچۈك، تۆھپەڭمۇ باردۇر، تەلۋىچۈك،
بولمىغىن تۆھپەڭگە مەغرۇر، تەلۋىچۈك.
راستىن ئېيتقاندا گۇناھىڭ ئاز ئەمەس،
شۇڭا بىر نامىڭ بالاخور تەلۋىچۈك.

ھەريىلى كەلسەڭ بولۇپ سەل قانچىلاپ،
تولغىنىپ، ئىزدىن چىقىپ قىرغاق يالاپ،
قانچە ئەمگەك ئەجرىنى قىلدىڭ خاراب،
ئۆز يولىنى بىلمىگەن كور تەلۋىچۈك.

كەلكۈنۈڭدىن تارتتى دەرد نۇرغۇن يېزا،
قانچىلاپ "توختى" ساڭا بولدى غىزا،
قىرغىقىڭدا دائىما ماتەم-ھازا،
سەن ئىدىڭ ئۆتمۈشتە قانخور تەلۋىچۈك.

www.uyghurkitap.com

دەل-دەرەخ تۈرمەلگە كەتتى سەن ئۈچۈن،
سەن ئىدىڭ چوڭ دەدىسەر باغۋەن ئۈچۈن،
ئالمىدىڭ سۆز كەمبەغەل دەردمەن ئۈچۈن،
ساڭا سۆز ئۆتمەيتتى بالدۇر، تەلۋۈچۈك.

ئەمدى باغلاندى سىنىڭ ئۆكتەم بېشىڭ
ھەم ئۆچۈپ بارماقتا غەلۋەڭ-تەشۋىشىڭ،
كەتتى كەلمەسكە گۇناھكار ئۆتمۈشۈڭ،
بولدى تۆھپەڭ مىسلىسىز زور، تەلۋۈچۈك.

قايىندى بويۇڭدا يالقۇنلۇق ھايات،
ئۇرغۇدى مەردلەرچە جۇشقۇن كەيپىيات،
غەلۋە-غوغاڭدىن تىنچىرقاش بىزگە يات،
مەيلى ئەمدى قانچە جۇش ئۇر، تەلۋۈچۈك.

مول، قىزىل شەربەتنى ئىچكەچكە قېنىپ،
قاغجىراپ يەر كەتتى ئەمدى جانلىنىپ،
شارقىراتماڭدىن تومەن يۇلتۇز يېنىپ،
تۇننى يورۇتتى تۆكۈپ نۇر، تەلۋۈچۈك.

پات-يېقىندا تەكشى تىزگىنلەپ سېنى،
دامىا، ئورمانلار بىلەن پۈركەپ سېنى،
هەم ئاتاپ داجەيچە دەريا دەپ سېنى،
قىلىمىز نامىڭنى مەشھۇر، تەلۋۈچۈك.

1977-يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ”يېتىم“نىڭ ئۆيىدە

پاختەكلىگە بېرىپ ئەتىسى،
پەتە قىلدىم بىر ئۆيگە كىرىپ.
سالاملىشىپ كونا تونۇشلار،
تونۇشتۇق قايتا تونۇشلۇق بېرىپ.
ئۇزۇن ئۆتمەي مېھماندوست تونۇش
هالۋا ئەكىرىپ قويدى ئالدىمغا.
يېگەچ ئۇنى، كەلدى سۈرەتتەك
يىگىرمە بەش يىلنىڭ ئالدى يادىمغا.

ئەنە شۇ چاغدا بۇ يېتىم بالا
دەرد تۆككەن زالىم باينىڭ ئۇستىدىن.
ئاتا-ئانىسى ئۆلگەن بۇرۇنلا
زالىم زۇلمىدىن-تاياق دەستىدىن.

ئۇ ئۆزىمۇ ئاش-نان ئورنىغا
تاياق يېگەن نەچچە ئون قېتىم.
دېگەن ئۇ شۇ چاغ: "يېگەنتى بۇرۇن—
ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم. . ."

شۇ بالا بۈگۈن گوڭشې ئەزاسى،
كىم ئۇنى ئەمدى يېتىم دەيدىكەن! ؟
بۇرۇن ئوماچقا تويمىغان يېتىم
بۈگۈن ھالۋىنى تويۇپ يەيدىكەن.
ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئۇرۇشقا ئۇنى،
ئاتىسى بار گوڭچەنداڭ ئاتلىق.
ئاچچىق ئازاب كېتىپ بېشىدىن،
ئۆتۈۋاتىدۇ تۇرمۇشى تاتلىق.

1977-يىل ئاۋغۇست، پاختەكلە.



## قاقوْللا

بىر جاي بار پاختەكلىدە "قاقوْللا" دەپ،
بوْ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى "قارا قوْللار".
زېمىنگە باغلىۋېلىپ كەمبەغەلنى،
ئوْيناتقان قامچىسىنى ياۋوْز قوللار.

قاقوْللا—قوْللار ئوْچوْن قەپەس ئىدى،
بوْ قىسمەت قوْل پوْشتىغا مىراس ئىدى.
شوْ قوْللار ئاشلىق تېرىپ ئوْموْر بويى،
بىر ناننى پوْتوْن يېگەن ئەمەس ئىدى.

ئەجەبا، كوزا چاقفان ئەتىۋارلىق،
تارتىدوْ سوْ ئەكەلگەن خارْوزارلىق.
شوْڭلاشقا غەزەپ بىلەن باش كوْتوْردى
زوْلوْمنىڭ كوْشەندىسى—ئىسيانكارلىق.

ئامباللار ”زەنجىر ئۈزەر“ ئىسيانكارنى
سولىدى كىشەن سېلىپ تار ھەبەسكە.
يوق بۇنىڭ قۇللار ئۈچۈن ئانچە پەرقى،
يۆتكەلدى ئۇ قەپەستىن بۇ قەپەسكە.

*　*　*

كەلگەندە قىزىل بايراق پەرۋاز قىلىپ،
دەس تۇردى قۇل ئەۋلادى يوقسۇل سىنىپ.
دۇنياغا ئەمدى كەلدۇق دېدى شۇندا،
تۇنجى رەت ئازاد-ئەركىن نەپەس ئېلىپ.

ئۆزگەردى، ئاستىن-ئۈستۈن بولدى دۇنيا،
خوجايىن بولدى يەرگە ”قارا قۇللار“.
دۇنيانى يېڭىباشتىن رەتكە سالدى
ئاسارەت زەنجىرىدىن ئازاد قوللار.

ئوكيانلار ئايلانماقتا ئۈجمىزارغا،
گۈللەرگە پۈركەنمەكتە باياۋانلار.
بولىدۇ دۇنيا چوقۇم گۈزەل، ئاۋات،
خوجايىن بولسا ئۇنى ياراتقانلار.

1977-يىل ئاۋغۇست، پاختەكلە.

# بۈگۈنكى پاختەكلە

پاختەكلىنى قاپلاپتۇ باھار گۈللىرى ئەمدى،
شائىرغا سىناق بولدى گۈزەل تەسۋىرى ئەمدى.

مەن چارەك ئەسىر ئىلگىرى كۆرگەن يېزا نەدە،
پاختەكلىگە ئوخشايدۇ بۇ جاينىڭ نەرى ئەمدى؟

تۈپتۈز يولى ئەسلەتتى ماڭا خۇددى شەھەرنى،
قالماپتۇ بۇرۇنقى ئەگرى، ئوي-چوڭقۇرى ئەمدى.

زۇمرەت كەبى شال دېڭىزى چاقناتتى كۆزۈمنى،
ئورمان بىلە باغلاپتۇ كەمەر ھەر قىرى ئەمدى.

بالدۇرقى بىنەپ شورتىڭى كەتكەندۇ قاياققا،
ئادەم تېرىسا ئۈنگىدەك ھەممە يېرى ئەمدى.

ھەر موسىدىن ئالغان شېلى «گاڭياۋ»①دىن ئېشىپتۇ،
"خۇاڭخې"دىن ئۆتۈش ئانچە ئەمەسكەن نېرى ئەمدى.

ئۆتمۈشتە تىرىكتاپلار تويۇپ يەيتتى پولۇنى،
شال تەرگۈچىنىڭ ئۆز قولىدا كەپكۈرى ئەمدى.

ئوخشايدىكەنا زەپ "باقابۇق"②نىڭ نېنى، ئايهاي،
بۇغدايغىمۇ تولماقتا زاپاس ئامبىرى ئەمدى.

يېرىلدى تىلىم قوغۇننىڭ شەربىتى تەگكەچ،
ئاتۇشتىكى شاخ مانتىسىدەك ئەنجۈرى ئەمدى.

قوش خىزمىتىنى ئۆز قولىغا ئاپتۇ "تۆمۈر ئۈي"،
ھەيدەپتۇ قارا تۈننى "قىزىل"③نىڭ نۇرى ئەمدى.

ئۆز ئىسمىنى يازغۇدەك ئادەم يوق ئىدى بۇندا،

---

① گاڭياۋ— تىزىس، پىلان دېگەن مەنىدە.
② باقابۇق— بۇغداينىڭ يېڭى سورتى.
③ قىزىل دەرياسىغا قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.— ئاپتور.

مەكتەپ بالىسى بوپتۇ جىمى ئۆسمۈرى ئەمدى.

داخان، پېرىخونلارمۇ بۇگۈن قالدى مازاققا،
باردۇر نەچچە ئوبلاپ ئۆزىنىڭ دوختۇرى ئەمدى.

ئىش سەھنىسىدە ھەر كۈنى توي، ھەر كۈنى بايرام،
كۆيلەيدۇ خۇشال كۆيگە راۋاب، تەمبۇرى ئەمدى.

گوڭچەنداڭ ئېلىپ كەلگەن ئۈچۈن ئەلگە ئازادلىق،
ئەمگەكچىگە يەتكۈزدى ھۇزۇر ئۆز تېرى ئەمدى.

سوْيىقەستچى زىيانداشلار بولۇپ يەر بىلە يەكسان،
ماڭماقتا جىمى ئىش يەنىمۇ ئىلگىرى ئەمدى.

پاختەكلە زەپەردىن تېخىمۇ قىلغۇسى جەۋلان،
گۈل ئۈستىگە گۈل بولغۇسى بارغانسېرى ئەمدى.

1977-يىل سېنتەبىر، پاختەكلە.

## كەتمەن ھاسا

توختى ”كەتمەن“نىڭ پۇتى ئاقساق-مېيىپ،
ھەم قېرىپ قالغان، بېلىمۇ مۇكچىيىپ.

چۇشمىدى كەتمەن قولىدىن شۇندىمۇ،
بەزىدە ئىشلەيدۇ ھەتتا تۇندىمۇ.

”ئىشقا چىقمالىڭ“ دېسە دۇيجاڭ ھەر قېتىم،
دەيدۇ ئۇ: ”ئەمگەك—تىرىكلىك ئادىتىم“.

بۇ قېتىم دۇيجاڭ ئۇنىڭغا كايىدى،
(راستىن ئېيتقاندا بوۋاينى ئايىدى):

”گەپنى ئاڭلاڭ، كىردىڭىز سەكسەنگە سىز،
قول ئۇزاتماڭ ئەمدى بۇ كەتمەنگە سىز.

قېرى، ئاجىزلار ئۆزىنى چاغلىسۇن،
يىقىلىپ، تارتىپ يوغان ئىش چىقمىسۇن“.

توختى ”كەتمەن“ كۈلدى-دە، شۇنداق دېدى:
”ماڭا قىلغان بۇ سۆزۈڭ ھېچ ياقمىدى.

چاپقىنىم سوتسىيالىزمنىڭ كەتمىنى،
كۆپ چېپىشقا قىل ھامان دەۋەت مېنى.

ھاسىغا چۈشكىن دېمەكچى سەن ماڭا،
ئەڭ يارامىلىق ھاسىدۇر كەتمەن ماڭا.

تۇرسا بۇ ھاسا قولۇمدا، غەم يېمە،
توختىڭاڭ بولمايدۇ ھەرگىز ھېچنېمە!“

1977-يىل سېنتەبىر، پاختەكلە.

# ئۇلۇغ نامايەندىگە مەدھىيە

—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك
11-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىغا بېغىشلاپ

قىلدى مەيداندا مىراس تۇغ ئۆزگىچە جەۋلان بوگۈن،
بىپايان جوشقۇن دېڭىزنى ئەسلىتەر مەيدان بوگۈن.

چوڭ يۇرۇشنىڭ ئۇن بىرىنچى ئۆتكىلى قۇچتى زەپەر،
يېڭى مەنزىل يولىغا چۈشتى ئۇلۇغ كارۋان بوگۈن.

چوڭ نىجاتلىق بەردى سەپكە پارتىيە يولباشچىمىز،
تۆت رەزىل ئاپەتنى ئەيلەپ يەر بىلەن يەكسان بوگۈن.

يېڭى مەنزىل ۋادىسىدا چاچتى گۈل زەپ خوش پۇراق،
ئۆزگىچە شوخ سايرىدى بۇلبۇل ئۇرۇپ خەندان بوگۈن.

بىر ئۇلۇغ شادلىق نامايەندە يارالدى ئەل ئارا،
كەلدى دۇنياغا يېڭى دەستۇر سۈپەت داستان بۈگۈن.

ئەي ئۇلۇغ ئەلنىڭ يېتەكچى ئون بىرىنچى مۇنبىرى،
تولدى ئالقىش چاچقۇسىغا سەن ئۈچۈن ھەر يان بۈگۈن.

تاشىدۇ زوق، ئىپتىخارىم ئەتىگە سالسام نەزەر،
ھەم ۋۇجۇدۇمغا پۈتۈلدى يېڭى كۈچ-دەرمان بۈگۈن.

ئۆرگىلەي سەندىن، ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك پارتىيەم،
ساڭا ئەگەشكەن كىشى ئەڭ بەختىيار ئىنسان بۈگۈن.

پارتىيەم، قوينۇڭدا ئۆسكەن مەن بىر ئاددىي جەڭچى مەن،
تاپشۇرۇپ ئالدىم سېنىڭدىن بىر يېڭى پەرمان بۈگۈن.

چاپتۇرۇپ تۇلپارنى تېز، دۆلەتنى گۈللەندۈرگىلى
جان پىدا قىلماقتا ئوندەيدۇ مېنى ۋىجدان بۈگۈن.

1977-يىل ئاۋغۇست، ئاتۇش.

## “كۇرەش” ئۆستىڭى— كۇرەش داستانى

—چېرىيە ناھىيىسىنىڭ دامىكو، گۈلاخما گوڭشېلىرىدىكى “كۇرەش” ئۆستىڭىنى ياسىغان قەھرىمانلارغا بېغىشلايمەن

كۈنلۈننىڭ تەسكەي باغرىدا
قاقاس جىلغا بار “ئۇلۇغساي” دېگەن.
سايغا تولۇپ كەلگۈن كەلسىمۇ،
تۈزلەڭ چۆلگە سۇ ئاقمايدىكەن.
چۆل دەيدىكەن: ماڭا سۇ كېرەك،
قاچانغىچە چاڭقاپ تۇرىمەن؟
كىم قاندۇرسا تەشنالىقىمنى،
ئەجرىگە تاغدەك خامان بېرىمەن.
تالاي ئەۋلاد ئەسىرلەر بويى
شۇ سۇ ئۈچۈن تۆكۈپ تېرىنى،
مىڭ قىلىپمۇ ئالالماپتۇ نەپ،

يېشەلمەپتۇ "تىلسىم" سىرىنى.
ئاتمىشىنچى يىلىنىڭ ئاخىرى
دامكو، گۈلاخما شىمايلاپ يەڭنى،
ئۇلۇغساي يېنىدا گەمە كولاپ... ياق،
ئاكوپ كولاپ باشلىدى جەڭنى.
تانا تارتىپ جەڭچىلەر چۆلگە،
ئۇستەڭ قازدى تانا ئىزىدىن.
دېيىشتى: "قايتمايمىز تىلسىمنى يەشمەي،
شىر ياناس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن!"
ئۇستەڭ ئورنى چويۇندەك قاتتىق،
جوتۇ ئۇرسا تۇرىدۇ قاڭقىپ.
بەزىدە ئۇچۇپ چاچراندى تاشلار،
ئىگىز تاغلاردىن كېتەتتى ھالقىپ.
بەزىدە جەڭچىلەر كۆيۈك تومۇزدا
بىر يۇتۇم سۇ بىلەن كۈننى ئۆتكۈزدى.
ئوتتەك يېنىپ ئەمگەك تەپتىدىن،
تالاي قەھرىتان تۈننى ئۆتكۈزدى.
ئىشلەۋەردى شىۋىرغاندىمۇ،
ئاچقۇزمىسىمۇ كۆزنى بورانلار.
يۈزلەپ جەڭچى بىر يىل تەر تۆكۈپ،
تۆت مىڭ مېتىرنى قازدى ئارانلا.

* * *

شۇندا بەزىلەر: بىنەپ كۇرەشنى
يىغىشتۇرايلى ئەمدى، دەپ چىقتى.
خۇدا بېكىتكەن ئىبقىن يولىنى
ئۆزگەرتەلمەس بەندە، —دەپ چىقتى.
كىچىك پۇتلۇق تەتەيلەر كېلىپ،
ۋايىسىدى: بۇ قانداق كۇرەش، —دەپ.
كۇلۇپ لەقەم قويىدى بۇ ئىشقا:
"يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاش"—دەپ.
دېدى جەڭچىلەر: "ئۆتسەك بولامدۇ
تەبىئەتكە مەھكۇم-قۇل بولۇپ!؟
قۇرققانلارنىڭ رايىچە ماڭساق،
يۇرتلىرىمىز كېتەر چۆل بولۇپ.
جىسمۇ پۇشتى، كېتىڭلار نېرى،
پۇتلاشماڭلار يۈيگولۈك ئىشىغا!
بىز تەسلىم قىلىپ مۇزلۇق چوققىنى،
قادايمىز بايراقنى تاغنىڭ بېشىغا."
جەڭچىلەر بىر ياقتىن داۋلى سۆزلىدى،
بىر ياقتىن تەر تۆكۈپ ئۆستەڭنى ئويدى.
قوش كۇرەش مەيدانى بولغاچقا ئۆستەڭ،
ئۇنىڭ نامىنى "كۇرەش" دەپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئامبىرى

ئالدامچى تاز چاچقان زەھەرنى،
ئوغرى كېمىسىگە چۈشكەن غالچىنى
كۆرەش ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى،
چېكىنمىدى قوشۇن قىلچىمۇ.
"تۆت زىياداش"نىڭ قەغەز تەلپىكى،
گوماشتىلارنىڭ سورلۇق كالتىكى
"ئالەمنى مالەم" قىلغان چاغدىمۇ،
توختىمىدى ئۆستەڭ ئەمگىكى.
ئون يەتتە يىل ئۆتتى ئارىدىن،
ئون يەتتە يىل كۆرەشتە ئۆتتى.
غەيرەت ھەم ئەقىل يەڭدى مۈشكۈلنى،
ئاتمىش مىڭ مېتر ئۆستەڭمۇ پۈتتى.
ئۆستەڭگە قامالدى ئۇلۇغساي سۈيى،
زاكولار قامالنىڭ قولۇپ-ئاچقۇچى.
ئەزەلدىن بوي بەرمەي كەلگەن ئۇلۇغ سۇ،
بولۇپ باقسۇنا ئەمدى قاچقۇچى!
كېسىلگەن كۈنى ئۆستەڭ لېنتىسى،
يىغىلدى يۇرتنىڭ جىمى ئايىمقى.
چەكسىز چاڭقاق چۆل زۇمرەتكە قاندى،
ئون يەتتە يىلنىڭ چىقتى ھاردۇقى.

* * *

سالسىڭىز يوقىرىدىن "كۆرەش"كە نەزەر،
ياتىدۇ كۈمۈش رەڭ ئۆزۈن بىر تانا.

ئەمدى بۇرۇنقى كەلكۈن ئۇردىسى—
مۇزلۇق چوققا باغلاقلىق ئاڭا.
يىراقلارغا سالسىڭىز نەزەر،
ھەيران قالدۇرار كەلگۈسى سىزنى.
ئەزەلدىن قاغجىراپ ياتقان ۋادىدا
باشاقلار دېڭىزى چاقنىتار كۆزنى.

* * *

بىرقانچە ياش بىلەن كۆرۈشتۈم بۇندا،
تۇراتتى ئۇلار زاكوغا قاراپ.
سورىغان ئىدىم: نەلىك سىلەر، دەپ،
بىز مەشەلىك، دەپ قايتۇردى جاۋاب.
تۇغۇلغان ئۇلار "كۇرەش" بويىدا،
تۇغۇلغان ئۇلار كۇرەش قوينىدا.
ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ،
قاتارغا قوشۇلغان كۇرەش ئورنىدا.
شارقىراپ ئاقماقتا "كۇرەش" ئۈستىگە،
جۇش ئۇرار ئۇزۇلمەي دولقۇنى ئەنە.
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ
بۇ كۇرەش داستانى، شانلىق ئەنئەنە.

1977-يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقام يۇرتىدا ئويلىغانلىرىم

يەركەندە ئاڭلىغاندا يېڭى مۇقام،
دوس تارتتىم يۈرىكىمدىن قايناپ راسا.
ئەلۋەتتە، سەت بولاتتى، دېدىم يەنە،
مۇقام يۇرتى مۇنچىلىك ئېيتالمىسا.

زىمىستان قوغلانمىسا كەلمەس باھار،
كۆكەرمەس قويغان كۆچەت سۇغارمىسا.
دەشت-چۆلگە ئايلىناتتى مۇقام يۇرتى،
باغرىغا قىزىل بايراق قادالمىسا.

پۈركەنمەس چېچەكلەرگە سەنئەت بېغى،
بارچە گۈلگە لايىق زېمىن يارالمىسا.
مۇقام گۈلى يېڭىباشتىن ياشنارمىدى،
زىيانداشلار يىلتىزىدىن يۇلۇنمىسا.

مۇقام يۇرتى، ساڭا نىچۇن ياراشمىسۇن،
تۇشمۇتۇشتىن يېڭى مۇقام جاراڭلىسا.

قوشۇلسۇن سورۇنۇڭغا تۇشمۇتۇشتىن
ئوت يۈرەك يېڭى-يېڭى ئامانىنىسا.

1977-يىل ئۆكتەبىر، يەكەن.



# مۇقام چالسام

”ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىنى تار ئېتىپ سالسام“،
ئاڭا تەڭكەش قىلىپ قەلبىم ساداسىنى، مۇقام چالسام.

مۇقاملار غەزىنىسىدىن سىنچىلاپ ئىزدەپ تېپىپ جەۋھەر،
زامانەم سەھنىسىگە باب چىرايلىق سوۋغىلار سۇنسام.

مۇقام چالسام، مۇقامنىڭ كەينىدىن چوڭ نەغمىگە ئۆتسەم،
ئۇلاپ ھەر پەدىگە مەرغۇل چېلىپ، داستانغا ئاتلانسام.

بايان ئەيلەپ ۋەتەن، ئەلنىڭ مۇھەببەت-ئىشتىياقىنى،
ئۇسسۇل جەۋلانىغا ئىلھام بېرىپ، مەشرەپ، سەنەم چالسام.

كامالەكتەك ئېگىلسەم مەن تەمەسىز تۆھپىكارلارغا،
بولۇپ گاڭ قىل، تېرىكتاپ زوراۋانلار باغرىنى تىلسام.

خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان مۇقام پەگادا قالمايدۇ،
ماڭا مىڭ تۆردىن ئارتۇقدۇر خەلق سازەندىسى بولسام.

1977-يىل ئۆكتەبىر، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى مۆلچەرگە لەنەت ئوقۇيمىز

زىياندashلارنىڭ "ئىككى مۆلچەر"ى—
ئىلىم-پەننىڭ كىشەن، زەنجىرى.
ئىلىم-پەنگە كىشەن سېلىنسا،
قانداق ماڭسۇن ئىشلار ئىلگىرى؟!
ئاق قەغەز تاپشۇرۇپ ئەلا سانالسا،
نېمە بولماقچى ئەلنىڭ تەقدىرى؟

"ئىككى مۆلچەر"نىڭ مۇقامى-رايى
ئىلىم-پەننى قىلماق سازايى.
تالاي مۇئەللىم، تالاي ئالىمنىڭ
سارغىيىپ زەپىران بولدى چىرايى.
تاللانسا شۇ يول، بولمامدۇ ئەۋلاد
كېلىچەكنىڭ روھىي گادايى؟!

زىيانداشلار قارىنى ئاق دەپ،
ئوقۇغانلارنى سېسىق، قالاق دەپ،
ئاجايىپ ”ئوقۇش“قا كۆرسەتتى ئۈلگە
”ئېلىپ“نى تاياق دەپ، ”مىم“نى چوماق دەپ.
ئەدەپ كەتتى قۇلاق كەستىلەر
ھەممىدىن ئەۋزىلى غوغا-چاتاق دەپ.

”ئىككى مۆلچەر“نىڭ تارتىپ دەردىنى،
زېدە بولدى ئەلنىڭ بەدىنى.
كۆكرەك كېرىپ تۇرالامدۇ ئەل
كۆتۈرەلمىسە پەندە قەددىنى؟!
”ئىككى مۆلچەر“— زەھەرلىك ئەپسۇن،
ئاڭلامدىغان ئۇنداق پەدىنى!

”ئىككى مۆلچەر“— قۇللۇق دەستۇرى،
قۇللۇققا دەۋەت ئۇنىڭ ھەر قۇرى.
زىيانداشلار بولىدۇ قۇلدار،
خەلق قۇلغا ئايلانغانسېرى.
ئازادلىقنى چۈشەنگەن ئىنسان
بولمايدۇ ھەرگىز ئۇنىڭ چاكىرى.

پارتىيەمىزنىڭ دانا تەدبىرى—
بولدى ”تۆزەش“نىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى.
بارىكاللا، كەلدى نەسلىگە
ئىلىم-پەننىڭ نۇرلۇق مۇنبىرى.
خۇددى چاشقاندەك ئور-ئورغا قالدى
زىياداشلارنىڭ ”ئىككى مۆلچەر“ى.

”ئىككى مۆلچەر“— ئېزىتقۇ دەۋرى،
يىرگىنىپ ئاڭا ئوقۇيمىز لەنەت.
جاھالەت دەستىدىن شۇنچە بىزار بىز،
ئىلىمگە تەشنا—چاڭقىغان مىللەت.
جاھالەت چۈشسۇن سەھنىدىن پەسكە،
ئىلىم-پەنگە خاس ئەمدىكى نۆۋەت.

1977-يىل دېكابىر.



# تەسەددۇق

جان ۋەتەن جۇڭخۇا ئېلىم، مىڭ-مىڭ تەسەددۇق جان ساڭا،
بىز ياشايمىز سەن ئۈچۈن، بار ۋەسلىمىز قۇربان ساڭا.

قان بىلەن رەڭداش قىزىل تۇغ ئاچتى بەختىڭنى سېنىڭ،
شان-شەرەپ بەخش ئەتتى مەڭگۇ بۇ ئېسىل دەۋران ساڭا.

ساڭا قول سوزغان رەقىپكە سوۋغىمىز جەزمەن ئەجەل،
ياۋغا ھەر دەم قەھرىمىز تىغ، باغرىمىز قالقان ساڭا.

يېڭى جەڭلەر غەلبىسى بەردى نىجاتلىق قايتىدىن،
تۇغدى يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەش ئۈچۈن ئىمكان ساڭا.

تا ئەزەلدىن تەقدىرى ئورتاق ۋەتەنداش خەلقىمىز
يازىدۇ ھەر جەڭدە بىللە جەڭگىۋار داستان ساڭا.

1978-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ئۈزۈن سەپەر

باھار كېلىپ، يېشىل گىلەم يېپىندى يەر،
قىزىل قۇياش جۇلالىنىپ، تۆكۈلدى زەر.

قىزىل قوشۇن قىزىل ئۇدۇمنى تۇغ قېلىپ،
يېڭى باھاردا باشلىدى ئۇزۇن سەپەر.

قەدەمدە يول توسالغۇدىن ئادالىنىپ،
ئېچىلدى گۇل، چېچىلدى يول ئارا گۆھەر.

زەھەر يۇتۇپ، ئەلەم بىلەن بوغۇلدى ياۋ،
ئېلىم كۇشادە يايرىدى قۇچۇپ زەپەر.

ئەجەب بەلەن جاراڭلىدى مۇقەددىمە،
چوقۇم ئىجاد قىلىنغۇسى ئۇلۇغ ئەسەر.

كۆرۈندى تاغ، كۆرۈنگىنى يىراق ئەمەس،
بۇگۈن نېمە بۇ يولدىكى جاپا، خەتەر.

قاناتلىنىپ جاسارىتىم، سۆيۈندى جان،
گۈزەل، بۈيۈك شۇ پەللىگە سىلىپ نەزەر.

1978-يىل مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەي، ئۇلۇغ جۇمھۇرىيەت

ئەي سۆيۈملۈك، جانجان ئەل، ئەي ئۇلۇغ جۇمھۇرىيەت،
ئۆرگىلەي، باغرىڭنى قۇچتى زەپمۇ ئوبدان ۋەزىيەت.

كۆڭلى تۆھمەتتەك قارا تۆت شۇم زىيانداش گۇم بولۇپ،
تەنتەنە قىلماقتا قوينۇڭدا يورۇق ھەققانىيەت.

ئەل نىجاتكارى، ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك پارتىيەم
بەردى پەرۋازىڭ ئۈچۈن كەڭ، مىسلىسىز ئىمكانىيەت.

ھەم پۈتۈلدى بىر مۇكەممەل، توغرا قانۇن دەستۇرى،
خەلققە بەخش ئەتتى مۇقەددەس زور ھوقۇق، مەجبۇرىيەت.

ئۆزگىچە ياڭراپ گۈدۈك، كەلدى ئېتىزدىن خۇش خەۋەر،
كىشنىشىپ پەن دۈلدۈلى، جۇشقۇن تۇس ئالدى جەمئىيەت.

باشلىغۇچتۇق چوڭ يۇرۇش قىلماق ئۈچۈن تۆت چوققىغا،
بۇ ئۇلۇغ ئىش بىزگە تارىخ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت.

جانجان سەركەردىمىز بولغاچ ئۇمىدۋار شۇنچە بىز،
تاپتى مۇستەھكەم كاپالەت پەللىگە ئالىي نىيەت.

ئەنە، تيەنئەنمېن كۆلۈپ تەبرىكلىدى خانتەڭرىنى،
تېخىمۇ نۇرلاندى بېيجىڭ مېھرىدىن مۇختارىيەت.

كەلدى گويا "مەنمۇ خاتىرجەم" دەپ ئۇستازدىن سادا،
ئەنە، جۇزۇڭلى چىرايىدا غۇرۇر، مەمنۇنىيەت.

بولسىمۇ يوللار قىيىن، مەنسۇپ قىزىل سەپكە زەپەر،
چۈنكى تارىخ ھۆكمى شۇنداق، بۇ ئېنىق قانۇنىيەت.

ئارزۇمىز شۇ: شان-شەرەپ نۇرىغا پۈركەنسە ۋەتەن،
تۆھپىمىزدىن مەنپەئەتدار بولسا چىن ئىنسانىيەت.

1978-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## ئىلىم-پەن باھارى

ھۆزۈر بەخش ئەتتى باھارنىڭ شامالى،
جاكارلاندى ئەلگە دوقالنىڭ زاۋالى.
يورۇقلۇق قوشۇنى جاھالەتنى يەڭدى،
چېقىلدى، ئۆرۈلدى زىيانداش قامالى.
ئىلىم-پەن باھارى كۆشاتلىق ئەكەلدى،
ھاقارەت، كىشەندىن قۇتۇلدى زىيالى.
قىلار ئەمدى پەرۋاز سامادا ھۇمادەك[1]،
ئېلىمنىڭ قاناتلىق تەپەككۇر-خىيالى.
غەم-ئەندىشە تارقاپ، نەپەس ئالدۇق ئەركىن،
قۇچار بىزنى مەڭگۈ سائادەت ۋىسالى.

1978-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

---

[1] ھۇما— ئەپسانىۋى بەخت قۇشى.

# ئاڭلىدى ئاق ئۆستەڭمۇ سۆزىمىزنى

گوڭشېنىڭ سۇ باشقۇرۇش پۇنكىتىدا
ئۇچراشتىم توختى ئاتلىق بوۋاي بىلەن.
بىلگەندەك مۇڭداشقىلى كەلگىنىمنى،
باشلىدى ئۆيگە ئىللىق چىراي بىلەن.

كىرگەنتىم، تېلېفونمۇ جىرىڭلىدى،
بوۋايمۇ بەردى جاۋاب: ئېچىڭلار، دەپ.
تېلېفون باھانە بولدى سۆزىمىزگە،
ئاق ئۆستەڭ تارىخىدىن ئېچىلدى گەپ:

— ئاق ئۆستەڭ ئالۋاڭ بىلەن ئاققان ئېقىن،
ئادەمگە بوي بەرمىگەن ئاساۋ ئىدى.
ئىشەنچىلىك ئېچىقى يوق يا توسمىسى،
كەلكۈنى جانغا جازا بىر ياۋ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆتمۈشتە ئۇ توسمىدىن بۇ توسمىغا
يول بويى مىڭلاپ هاشا ئىشلەيدىغان.
سەل-قىيان بۇقىلارغا[1] بوي بەرمىسە،
توسمىغا توختى ئاتلىقنى تاشلايدىغان[2].

دارىنلار، باي-خوجىلار، بەگ، تۆڭچىلار
شۇ ئاپەت قىياندىنمۇ بەتەر ئىدى.
ئىسيانكار توختى، تۇردى، تۇرغانلارنى
خىلمۇخىل باهانە بىلەن تىرىك يېدى.

مەنمۇ شۇ توختىلارنىڭ ئەۋلادى مەن،
توسمىغا تاشلانغىلى تاماس قالغان.
ئۆتمۈشتە كۇلپەت بىلەن تۇگەشكەنتىم،
بۇ ئۆمرۈم زامانەمدىن بېغىشلانغان.

ئازادلىق بىزگە يېڭى هايات بەردى،
گوڭشېمىز غەيرەت بەردى تەڭدىشى يوق.
ئۇلغايدى نەچچە هەسسە ئۆستەڭ سۈيى،
ۋە لېكىن سەل-قىياندىن ئەندىشە يوق.

زاكۇلار—ئېچىقلارنىڭ دەرۋازىسى،
يېتىدۇ بىر كۇزەتچى تۇرسا قاراپ.
بۇندا يوق بۇرۇنقىدەك ئاپەت هاشا،
يوق ئەسلا ئالا بايتال مىنگەن مىراپ[3].

②

پونكىتقا ماڭا ئوخشاش توختى باشلىق،
ئۇچىدۇ چاپارمىنىم شۇنچە چاپسان.
قەيەرگە قانچىلىك سۇ كېرەك بولسا،
ئىش تامام، چاپارمەننى جىرىڭلاتسام.

تىلسىمنى تېزگىنلىدۇق دېگەن مۇشۇ،
سەۋەبى، بىز ياشىغان زامان باشقا.
ئاڭلىدى ئاق ئۆستەڭمۇ سۆزىمىزنى،
پارتىيە سۆزىنى بىز ئاڭلىغاچقا.

1974—1978-يىللار، غۇلجا.

---

① بۇقا— ئۈچ پۇتلۇق ياغاچتىن تۇرغۇزۇپ، ئۆستەڭگە تاش بېسىپ ياسىلىدىغان بىرخىل يەرلىك توسما. ئادەتتە دېھقانلار ئۇنى "بۇقا باشلاش" دەپ ئاتايدۇ.

② خەلق قوشاقلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:
ئۆستەڭنىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشا،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

③ ئۆتمۈشتە ئاق ئۆستەڭ ھاشاسىنىمۇ باشقۇرغان ۋە زالىملىقى بىلەن داڭقى چىققان بىر بەگ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئالا بايتال» دەپ ئاتايدىكەن. چۈنكى ئۇ بىر ئالا بايتالنى مىنىپ يۈرىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەل گۈلشىنى

تولماقتا گۈزەل ھۆسنىگە ئەل گۈلشىنى شۇنچە،
بەرگەچكە كۆكلۈل پەرۋىشىگە باغۋىنى شۇنچە.

گۈل بەرگىدە شەبنەمنى كۆرۈپ ئەل دېدى يۈلتۇز،
ئەمگەك تېرىنىڭ يۈكسەك ئىكەن مەزمۇنى شۇنچە.

ئايلاندى زەھەرلىك ياۋا ئوت جىسمى خازانغا،
بۇ باغدا زىيانداشقا كۆرۈم يوق، كۈنى شۇنچە.

گۈل پەيزىگە مەپتۇنلۇقىدىن سايرىدى بۇلبۇل،
شەيدا قىلىدۇ ئەلنى جاراڭلىق ئۈنى شۇنچە.

ئەل گۈلشىنىنىڭ ئىشقى ھەمىشە ماڭا ئىلھام،
ئۇندەيدۇ قوشاق-داستان ئوقۇشقا مېنى شۇنچە.

1978-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# جاھان شۇنچە گۈزەل ئەمدى

كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە بۇ جاھان شۇنچە گۈزەل ئەمدى،
بۇرۇختۇملۇق تۈگەپ، ئەركىن نەپەس ئالغاچقا ئەل ئەمدى.

راۋانلاشتى ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئاچقان شۇ داغدام يول،
تىپىپ ئۆز يولىنى ئىشلار، ئىزىغا چۈشتى دەل ئەمدى.

ھەقىقەت يالقۇنى ئۆرلەپ، بىشەم كۆيدۈرگىلەر كۆيدى،
تۆلەش يوق قارىغۇ تۆھمەتكە بىكار-ناھەق بەدەل ئەمدى.

زىيانداش رودۇپايلار قان شوراپ، ئاخىر زەھەر يۇتتى،
كىمىكى تۆكسە ئاچچىق تەر، ھوسۇلى قەن-ھەسەل ئەمدى.

ياسانچۇق ھەم قۇرۇق گەپنىڭ بازارى خوپ كاساتلاشتى،
يۇرۇش تەس كوچىدا كىم قىلمىسا سۆزگە ئەمەل ئەمدى.

بارغانچە ئەلنىڭ دەۋرى گۈزەل،
بولغۇسى چۆللەر باغرى گۈزەل،
سەندىمۇ ئىنسان ئۆمرى گۈزەل،
كەلگۈسى بوستان تەكلىماكان.

1978-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.



كۆڭۈل ئازادلىك تاپتى، قاناتلاندى ئۈمىد-ئارزۇ،
ئۆتۈشكە يېڭى ئۆتكەلدىن راسا باغلاندى بەل ئەمدى.

دىلىم غەشتىن ئادالاندى، بۆلەكتىن تۈتتى پەيزىممۇ،
بولۇپ جور ياش يىگىت-قىزغا، راسا تۇۋلاي غەزەل ئەمدى.

1978-يىل 2-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەكلىماكان

ئاڭلا سۆزۈمنى، قوم دېڭىزى،
دەشتۇ باياۋان تەكلىماكان.
بىز ساڭا ئەمدى بەخش ئېتىمىز
باشقىچە ئۇنۋان، تەكلىماكان.

سەن نەچچە ۋاقتىن تىلسىم ئىدىڭ،
دۇنيادىن ئۆزگە ئىقلىم ئىدىڭ.
ئەمدى كېرىلمە، سەن كىم ئىدىڭ،
بىز ساڭا سۇلتان، تەكلىماكان.

ئەمدى راۋاندۇر ئىشنىڭ يولى،
ئەيلىدى پەرۋاز پەن دۇلدۇلى،
باغرىڭدا سوتسىيالىزم گۈلى
قىلغۇسى جەۋلان، تەكلىماكان.

# ئامما ھەقىقىي قەھرىمان

بىر ھەقىقەت بار جاھاندا ھېچقاچان ئۆچمەيدىغان،
ئەستە مەھكەم تۇتقۇلۇق: ئامما ھەقىقىي قەھرىمان.

ئامما يىلتىز، ئامما ئوكيان، شەخس ياپراق، تامچە سۇ،
ئامما ئاتلىق قەھرىماننىڭ ئىلكىگە باغلىق جاھان.

گەر دەرەخ يەر ئۈستىدە بولسا، تۆۋەندە يىلتىزى،
نەدە بار شۇنداق دەرەخ يىلتىزى يوق كۆكلەيدىغان؟

ئۈستىدە تۇرغانغىلا ئالىي سانالمايدۇ كىشى،
سۇدىن ئەۋزەلمۇ كۆۋرۈكنىڭ خىسلىتى لەيلەيدىغان؟

ئامما پەستە، شۇڭا دەسسەيمەن دېگەننىڭ ئورنى ھاك،
يوق ئۇلاردىن ھېچبىرى موللاق ئېتىپ چۈشمەيدىغان.

ئاممىنى ئەلا ۋە دانا بىلگىنىڭ-دانالىقىڭ،
كۆلكىگە قالدىڭ چوقۇم قىلساڭ بۇ داۋلىدىن گۇمان.

گەرچە ئۆمرۈڭنى ھەقىقىي مەنىلىك ئۆتسۈن دېسەڭ،
ئاممىنى ئۇستاز تۇتۇپ، بول ئاممىغا چىن مېھرىبان.

1978-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



# جاۋاب چاۋاك

ئېلانچى قىز پەردىنى قايرىپ،
جاكارلىدى يېڭى ئېلاننى:
"پىشقەدەم ناخشىچى. . . بۈگۈن
ئېيتىپ بېرىدۇ «ئازاد زامان» نى".

شۇ ئارىدا سېمىز بىر ئەرباب
كوتۇلدىدى ئۆرلەپ جۇدۇنى:
"بۇ داشقال يەنە ئېيتامدۇ ناخشا،
كىم چىقاردى سەھنىگە ئۇنى؟"

"كىم چىقاردى. . ." دېگەن بىلەن تەڭ،
زال ئىچىدە چاۋاك ياڭرىدى.
ئەرۋاھى راسا ئۇچقان ئەربابنىڭ—
سوئالىغا جاۋاب ياڭرىدى.

ئولتۇرالماي قوزغالدى ئەرباب،
سېزىپ ئۆزىنى ئازاب ئىچىدە.
چىقىپ كەتتى كوتۇلدىغانچە،
ئىشىكنى تېپىپ غەزەپ كۈچىدە.

ئەلپازىنى قاراڭلار ئۇنىڭ،
قانچىلىك نېمە،
زادى كىم ئۆزى؟
قانچىلارنى ئۇسسۇپ يىقىتتى،
نېمانداق قالتىس ئۇنىڭ مۇڭگۈزى؟

ئۇ سۆيۈنۈپ سۆزلىگەن ئەمەس
باشقىلارنىڭ تۆھپە-ئەجرىنى.
ئۆزگىگە رەھمەتنى كۆرمىگەن راۋا،
قىزغىنىپ كەلگەن قوياش مېھرىنى.

ئۇ قانداقچە قەھرىمان بولغان؟
راستىن ئېيتقاندا ئادەم قاقشىتىپ.
يىغا بار يەردە كۈلەيدۇ ئۇ،
ئازابلىنىدۇ قويساڭ ناخشا ئېيتىپ.

خەلقنىڭ رايى-سەنئەت باھارى
قىلىۋاتقاندا بۇگۇن تەنتەنە،
پېتىدىن چۈشمەيتۇ بۇ ئەرباب تېخى،
ياكى يۈلەنچۈكى بارمىدۇ يەنە؟

كىمكى خەلقنى سازايى قىلسا،
بولىدۇ ئاخىر ئۆزى سازايى.
ئەمەلدار دېگەن ئەۋلىيا ئەمەس،
ھەممىدىن ئۈستۈن خەلقنىڭ رايى.

خەلق چاۋاك چالماقتا بۈگۈن
سەنئەت بۇلبۇلى بولدى دەپ ئازات.
ئەمدى كالتەك كەلمەيدۇ كارغا،
قالپاقچىنىڭ بازىرى كاسات.

خەلقنىڭ چاۋىكى-خەلق جاۋابى،
خەلقنىڭ رايى، خەلق ئىستىكى.
ھەقىقەت كارۋىنى ماڭىدۇ ئالغا،
توسالماس يولىنى تۆھمەت پىستىكى.

1978-يىل دېكابر، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنى
www.uyghurkitap.com

# ئۇنتۇلماس مىنۇتلار

ئەسلىسەم ھەر قاچان شۇ يىل، شۇ ئاينى،
يىگىرمە ئىككى يىلدىن بۇرۇنقى
باھار پەسلىنى؛
شۇنداق مەغرۇر نەپەس ئالىمەن،
قاناتلاندۇرار بۇ نەپەس مېنى.
يايراپ كېتىدۇ كۆڭلۈم بولەكچە،
مايىسلار تاپقاندەك باھار ۋەسلىنى.

ئاشۇ باھاردا،
پايتەختتە، كەچتە
شېئىر ئوقۇدۇم مۇنبەردە تۇرۇپ.
ھاياجان ئىلكىگە تاپشۇردى مېنى،
مىڭلاپ ئادەم چاۋاك ياغدۇرۇپ.
بىر چاغدا ئۆزۈمنى ئۇنتۇپلا قالدىم،

ئاڭلىغۇچىلار توپى ئىچىدە
قارا قاشلىق، جىلۋىدار كۆزلۈك،
ئاجايىپ بىر ئىللىق چىراينى كۆرۈپ.
شۇ ئىللىق چىراي
شېئىرغا مەپتۇن ئاددىي جەڭچىدەك
كۈلۈپ تۇراتتى چاۋاكلار ئۇرۇپ.
ئۇنىڭ ئالقىشى،
كۈلۈمسىرىشى
ئەۋجىگە چىقاردى سورۇن پەيزىنى،
شېئىر ئۈستىگە شېئىر قوندۇرۇپ.

ئۇ كىم ئىدى دېگەن سوئالغا
شۇنداق مەغرۇر جاۋاب بېرىمەن:
ئانا ۋەتەننىڭ ئەقىللىق ئوغلى—
قەدىردانىمىز جۇ ئېنلەي زۇڭلى.
ئۇنىڭ ئۆمرى ئەل بىلەن ھەمدەم،
ئۇنىڭ كۆڭلى-خەلقنىڭ كۆڭلى.

بىر كەمدىن كېيىن
يولداش گو شياۋچۈەن ئالدىمغا كېلىپ،
"سېنى زۇڭلى چىللايدۇ"— دېدى. ..
زۇڭلىنى كۆردۈم بىر ئۆيگە كىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى

مەن ئۇچۇن بۇ خۇددى توي ئىدى.
سىلجىدى ئۇ ماڭا قولىنى كېرىپ،
ئىپتىخار بىلەن تۇتۇپ شۇ قولنى،
يۈرىكىم تېخىمۇ ئۇرغۇپ ئويىنىدى.

ئاھ، ئۇنىڭ قولى نە قەدەر ئىللىق،
تەبەسسۇمى ئاندىن يېقىملىق.
ۋۇجۇدىدىن چاقناپ تۇراتتى
ئۇلۇغلۇققا خاس كىچىك پېئىللىق.
بىراق، بىئارام قىلاتتى مېنى
مۇشۇنداق قىممەتلىك دىدار ۋەسلىگە
قانچىلىك لايىق مەن دېگەن خىجىللىق.

ئۇ قەدىردان،
ئاتىلىق مېھرىنى ياغدۇرۇپ ماڭا،
بىر ياقتىن سۆزلىدى،
بىر ياقتىن تىڭشاپ.
”ھە، ئىلىدىن؟ قورغاسلىقمۇ سەن؟
شېئىر يازىسەن قاچاندىن باشلاپ؟...
كۆيلەڭلار ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقنى،
كۆيلەڭلار ئۇلۇغ سوتسىيالىزمنى.
تىيانشان باغرىنىڭ قىزىل سەنئىتى

گۈللىسۇن ياشناپ! . . . "

ئۆتتى ئارىدا بىرنەچچە مىنۇت،
قىممىتى تەڭ گويا گۆھەرگە.
بەرگەچكە ئىلھام شۇ قەدەر قىممەت.
شۇندا قايتىلاپ ئوقۇدۇم رەھمەت
ئۇلۇغ رەھبەرگە،
ئۇلۇغ پەدەرگە.

ئەسلىسەم ئاشۇ باھار پەسلىنى،
ئەسلەيمەن ئاشۇ خۇشال مىنۇتنى.
قەدىردان زۇڭلى
مىنۇتلاپ ئەمەس،
ئۆمۈر بويى قىلدى پەرۋىرىش
تالاي مايسىنى،
تالاي كۆچەتنى.
ئۇ قەدىردان
ئەسلىگەندە كېيىنچە مېنى—
بىر چاغدىكى "داڭگال" يىگىتنى،
بەلكى دېگەندۇ:
قانچىلىك ئادا قىلالىغاندۇ
ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى. . .

قەدىردان زۇڭلى،
كەچۈرۈڭ مېنى،
مەن ئانچە ياخشى ئاقلىيالمىدىم
سىز كۈتكەن ئاشۇ ئارزۇ-ئۈمىدنى.

بىراق بۈگۈن كەلگەندە باھار،
ئارىمىزدا يوق
سىز دانىشمەن ئاتىمىز ئەمدى.
سىزنى كۆرۈپ قۇۋانغان كۆزدىن
قايغۇلۇق ياش تۆكمىز ئەمدى...

قەدىردان زۇڭلى،
ئەسلەيمەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
سېغىنىپ ئىللىق دىدارىڭىزنى.
يۈرىكىم غەزەپتىن بولىدۇ خەنجەر،
ئەسلىسەم تارتقان دىشۋارىڭىزنى.
"تۆت زىياندداش" ئالۋاستى ئاپەت
ئەجەپمۇ ئاياغ ئاستى قىلدىغۇ
ئۇلۇغ ئەجرىڭىزنى-گۈلزارىڭىزنى.
يول قويمىدى كۈيلەشكە زادى
"تۆتلەشتۈرۈش" شوئارىڭىزنى.
نېمە دېگەن نائەھلى ئۇلار،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەر بەرمىدى ئالقانچىلىكمۇ
تىكلەش ئۈچۈن مۇنارىڭىزنى.

ئاھ، ئۇ ئىشلارنى ئويلاشمۇ ئازاب،
چوغ بولۇپ يانىمەن ئويلىغانسېرى.
ئەۋلادلارنىمۇ سەسكەندۈرىدۇ
تارىخنىڭ بۇ خۇنۇك بەتلىرى.
بىراق، كۆڭلىمىز سەھىپىسىدە
ئىپتىخارلىق داستانى بولۇپ،
چاقنايدۇ مەڭگۈ
جۇزۇڭلىنىڭ پارلاق تەسۋىرى.

دولقۇنلار ئۈزۈلمەس قىلىچ چاپقانغا،
ھەقىقەت قارايماس تۆھمەت قونغانغا.
ئۆزىنىڭ يۈزىنى بۇلغايدۇ چوقۇم،
كىمكى تۈكۈرسە قاراپ ئاسمانغا.
پەلەك چاقىنى سالدى ئىزىغا
تارىخنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىرى
يېڭىباشتىن چىقىپ مەيدانغا.

قەدىردان زۇڭلى،
باھار كېلىپ ئەسلەتتى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

سىغىندۇرۇپ تېخىمۇ سىزنى.
ئوخشىتىمەن باھار گۈلىگە
سىزدىن ئاڭلىغان دۇردانە سۆزنى.
مېھرىڭىزدەك ئىلھامبەخش باھار
ۋۇجۇدۇمغا بەردى يېڭى كۈچ
ئاقلاش ئۈچۈن ئۈمىدىڭىزنى.
روھىڭىز ئالدىدا قەسەم بېرىمەن:
ناخشامنى ھەمىشە تەڭكەش قىلىمەن
ئۈجمىزار قىلىشقا ئوكيان-دېڭىزنى.

1978—1979-يىللار، ئۈرۈمچى-بېيجىڭ.



# بولمىسا

سايرىماس بۇلبۇل قاقاستا جايى گۇلشەن بولمىسا،
ياشنىماس گۇل پەرۋىرىش قىلغۇچى باغۋەن بولمىسا.

خۇش قىلىش مۇمكىنمۇ ئادەمنى غەزەلقلاپ كۇلدۇرۇپ،
كىم كۇلەلەيدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭلى خۇرسەن بولمىسا.

كىم بىلۇر تۇز قەدرىنى، تارتمايلا قىڭغىر دەردىنى،
توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ سەۋەن بولمىسا.

يوق خاتالىقتىن جاھاندا خالىي ئىنسان زادىلا،
ئەل كەچۈرگەي قىلغىنى ئەلۋەتتە قەستەن بولمىسا.

بەزىلەر بىلمەيدىكەن دائىم بۇزۇشتىن باشقىنى،
ياخشىسى، تۇرسۇن نېرى، تىكلەشكە زوقمەن بولمىسا.

يوق ئەمەس ئەل دۈشمىنى، بولسا قەيەردە ئۇرغۇلۇق،
زورمۇزور دۈشمەن ياساپ يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا.

ھەممە يۈكتىنمۇ ئېغىر ئادەم ئۈچۈن "مەن"نىڭ يۈكى،
تاغ يۈدۈپ ماڭغۇسى يەڭگىل، كۆڭلىدە "مەن" بولمىسا.

دادىخاھنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھېچقاچان،
دادىگاھ ئەھلى ئۆزى دەردنى چۈشەنگەن بولمىسا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ.



# شۇم بالا

كاۋ شىك قاتارلىق ئالدامچىلار: "سولچىللىق-نا-هايىتى بىر بالىلىق كېسىلى. ئۇ ئانچە خەتەرلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرا. . . ." دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، ئىنتايىن "سول" ئاغمىچىلىقنى پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەنى ئورنىغا دەسسىتىپ، ئاخىر چوڭ بالايى ئاپەتلەر ئۇ-چۇن دەستەك يارىتىپ بەردى.

بار ئىدى بىر چاغدا شۇنداق بىر بالا،
"سولخاي" كېسەلگە بولغان مۇپتىلا.
ئاڭلىماققا سۆزى جەڭگىۋار،
بىراق كىشىگە چاپلايتتى يالا.
هە دېسە ئۇستاز نامىنى سېتىپ،
ئىش كۆردى باشقىچە مۇددىئادىلا.
بىر شۇملۇق سېزىپ ئۇنىڭ پەيلىدىن،
كۆپچىلىك رەنجىپ قىلسا غۇلغۇلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

دېدى بەزىلەر شۇمتەكنى ئاياپ:
"قۇرقۇپ كەتكۈلۈك ئەمەس ئۇنچىلا.
تېخى ئۇ گۆدەك،
نىيىتى توغرا،
زىيىنى چاغلىق،
پايدىسى تولا. . ."
بالا بارغانچە ئاشتى ھەددىدىن،
"سېنىڭ راست" دەپ بەرگەچ باشتىلا.
تىللاشنى ئۆگەندى سالام ئورنىغا،
يۇلغىلى تۇردى ساقال بولسىلا.
كىتابلارنى كۆيدۇردى ھە دەپ،
بۇزدى مازارنى كۆرگەن يەردىلا.
تالاي ئوچلۇقنى تۇتتى تەتۇر دەپ،
كىيدۇرۇپ باشقا قەغەزدىن كۇلا.
تىنماي تالاشتى يەلكەن رولىنى،
ئۆگەنگەن ئىكەن چۆكتۇرۇشنىلا.
چاقتى تالاي قازان-قۇمۇشنى،
ساڭنى قۇرۇتتى ئۇ بىر دەمدىلا.
ئوقەت قىلىشنى "ئازغۇنلۇق" دېدى،
ھەممىنى تىكتى "دەتتىكام"غىلا.
باشقا كىيدى پۇتۇن مەھەللىنى،
ھېچبىر يەرنى قويمىدى ئالا.

يەنە توغرىمۇ ئۇنىڭ نىيىتى؟
بالا ئەمەسكەن، بەلكى جۈت-بالا. . .
ئاخىر ئەلنىڭ قەھرى سەل بولۇپ،
چوڭقۇر قايىنامغا چۆكتى شۇ بالا.
پەرى سۈرەتلىك يىلان يەنجىلىپ،
كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى ئەمدىلا.
بىراق يوق ئەمەس
شۇمتەكنى ئاياپ،
كۆز ياش تۆكۈپ قىلغۇچى سالا.
خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق بالىدىن،
كۆزىمىز كۆرمىسۇن ئۇنى زادىلا.
شۇنداق بالا تۆرەلسە يەنە،
بوغۇپ قويغۇلۇق بۆشۈكىدىلا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىر قىزنىڭ ھەسرىتى

گۈلباھار پەسلى ئىدى،
كۆڭلۈمدە سەن بۇلبۇل ئىدىڭ.
سەن مېنى گۈللەر ئارا
زەپمۇ چىرايلىق گۈل دېدىڭ.

قامىتىمنى ماختىدىڭ،
يوق قىلچىلىك نۇقسانمۇ دەپ.
چاچلىرىمنى ئۆيىندىڭ،
سۈمبۈلمۇ دەپ، بوستانمۇ دەپ.

لەۋلىرىمنى غۇنچە دەپ
تەرىپلىدىڭ ھەيران بولۇپ.
قاشلىرىم ھىلال كۆرۈنگەن،
كۆزلىرىم چولپان بولۇپ.

ماختىندىڭ كۆلىكەمنى سەن،
گويا يېقىملىق ناخشا دەپ.
مېنى سۆيگەنتىڭ شۇ چاغدا
سەن نېمانچە ياخشى دەپ. . .

ئۆتتى ئايلار شۇنچە تېز،
كەلدى خازان پەسلى يېتىپ.
كەتسە كۆكلەم نە ئىلاج،
قىلدىڭ ئەلەم سەنمۇ كېتىپ.

نېمە دەپ سايرىۇدىڭ
گۈل پەسلىدە گۈلباغدا سەن؟
بىمەھەل تاشلاپ كېتىپ،
كۆڭلۈمنى قويدۇڭ داغدا سەن.

مەن مۇھەببەت گۈلىنى
سولمايدىغان گۈل دەپتىمەن.
بۇغۇ راست، ئەمما سېنىڭ
كۆڭلۈڭنى مەن بىلمەپتىمەن.

سەن ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس
قىلغان پۇشايمان، ھەسرىتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

سۆيگۈ بابىدا ساۋاق—
بولسۇن مېنىڭ بۇ ئېبرىتىم.

يار دېگەنگە يار ئەمەس
كۆڭلۈڭنى كۆڭلى سۆيمىسە.
ئوت ئەمەس يازدا كۆيۈپ،
قىش پەسلى كەلسە كۆيمىسە.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ.



# يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا

باغقا كىرىپ، قىزىلگۇلدىن ھىد ئېلىپ،
گۇل باھارغا سۆيۈندۈم مەن يۈرەكتىن.
بىراق كۆرۈپ گۇل بەرگىدە شەبنەمنى،
يىغا تۇتتى مېنى يەنە بۆلەكتىن.

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۇلنىڭ تۈۋىدە.
مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە.

باھار خالىي ئەمەس ئىكەن دوقالدىن،
سۆيگۈمىزمۇ كۈشەندىگە دۇچ كەلدى.
ھىجران ئىشغال قىلدى ۋىسال بېغىنى،
ئامال قانچە، يۈلەكچىمىز بوش كەلدى.

ئۆرتىنىمەن، جىنىم، سىنىڭ ھىجرىڭدە،
ئەجەل ئەمەس، تۆھمەت ئالدى جىنىمنى.
نەدە سەن دەپ كىلەر مىنىڭ چىللىغىم،
ئەپسۇس، مەڭگۈ ئاڭلالمايمەن ئۈنۈڭنى.

باھار كىلىپ، كۆرۈپ ئامراق گۈلۈڭنى،
بولۇپ قالدىم خۇددى سىنى كۆرگەندەك.
ھۇزۇرلاندىم خىيالىمدا ئۆزۈمچە،
گۈللەر ئارا سىنىڭ بىلەن يۈرگەندەك.

كۆرگىنىمدە گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
كەلدى يەنە ھىجران تۈنى ئىسىمگە،
شۇ چاغ گۈلگە شەبنەم قوندى دىگەنتىڭ،
تامغىنىدا كۆز ياشلىرىم مەڭزىڭگە.

لەنەت ئوقۇپ ئاشۇ ھىجران تۈنىگە،
مەن باھارنى تەبرىكلىدىم سەن ئۈچۈن.
مەن سۆيىمەن سەن سۆيگەن شۇ باھارنى،
باھار سىنىڭ مۇھەببىتىڭ مەن ئۈچۈن.

مۇھەببىتىڭ سولاشماس گۈل مەن ئۈچۈن،
ئىتىز قىلدىم ئاڭا ئاتاپ كۆڭلۈمنى.

مەن ياش تۆكسەم، يىغلاۋەردى دېمەڭلار،
سۇغىرىمەن يېشىم بىلەن شۇ گۈلنى.

1979-يىل فېۋرال، بېيجىڭ.



# كۆچەت

بوگۈنكى شو باراقسان دەرەخ
كۆچەت ئىدى تونوگۈن تىككەن.
بوگۈنكىلەر سايىدىسۇن دەپ،
تونوگۈنكىلەر ئەجرىنى تۆككەن.

سايىداپ تۇرۇپ ئەسلىگەن چاغدا
كۆچەت تىكىپ ئۆستۈرگۈچىنى،
ياخشى ئەۋلاد ئۇنتۇمايدۇ ھېچ
ئۆزىنىڭ كۆچەت تىكىش بۇرچىنى.

1979-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يانتاق ھەققىدە پاراڭ

خېرىدار:
پاھ، بۇ قوغۇن نېمانچە تاتلىق؟
دېھقان:
يەرگە يانتاق كۆمگەن ئەمەسمۇ.
خېرىدار:
توۋا، بۇ ئاجايىپ گەپقۇ،
يانتاق دېگەن تىكەن ئەمەسمۇ؟
دېھقان:
بىراق ئۇنىڭ شېكىرىمۇ بار،
لەززىتىنى بىلىمىز يېسەك.
ھەكىم:
دۇنيا ئۆزى شۇنداق تۈزۈلگەن:
تاتلىق بىلەن ئاچچىق قوشكېزەك.

* * *

سەكسەن خالتىچى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ،
قىلىپ دەللىگە لوقماننى گۇۋاھ.
لوقمان دەپتۇ: يانتاق شېكىرى
سەكسەن ياڭزا كېسەلگە داۋا.

لوقمان يەنە شۇنداق دەپتىمىش:
مەن بىمارغا هامان ياردەمدە.
تاتلىق ئىزدىمەڭ، ئاچچىقتىن قېچىپ،
زەھەرمۇ بار ئىسىل مەلھەمدە.

* * *

مەن شائىر بولسام ئىدىم يانتاققا ئوخشاش،
شەربەت ھەم نەشتەرگە بولسام مۇيەسسەر.
پەزىلەت ئەھلىگە شەربەت بەخش ئېتىپ،
زۇغۇيلار باغرىغا سانجىسام نەشتەر.

1979-يىل.

# كۆز تەگمىسۇن

ئىپار ھىدى تارالدى نەۋ باھاردىن،
ئادالاندىم دىلىم غەشتىن-غۇباردىن.

باھار تۇتقاچ شاراب، يايراپلا كەتتىم،
جىنىم ھەلقۇمغا يەتكەنتى خۇماردىن.

بۆلەكتىن تۇزدى سورۇن نەغمىكەشلەر،
ئۆزۈمگە مەنمۇ جاي تاپتىم قاتاردىن.

جان ئۆرگەلسۇن، ئانا، كەلدى بۇ شادلىق
ئىرادەڭدىن بىنا بولغان قاراردىن.

بۇ شادلىققا كۇشەندە يوق ئەمەستۇ،
ئۇلار كەچكەيمۇ نەپ ئالغان قىماردىن.

غۇچۇرلايدۇ چىشى چوڭ قىزغىنىشتىن،
بولۇپ خۇن ھەممە گۈلگە ئېتىباردىن.

ئانا، بۇ شادلىقىمغا تەگمىسۇن كۆز،
ئېسىپ قوي ماڭا خىسلەتلىك تۇماردىن.

ئاساي بوينۇڭغا مەنمۇ لەئلى-مارجان،
تېرىپ رەڭدار چېچەكلەر لەيلىزاردىن.

1979-يىل.



---

ئىزاھات:

1979-يىلى 4-ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا توقۇپ چىقىرىلغان ئاتالمىش "شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى تۆت قارا يىپ ۋەكىللىرى" ئەنزىسىنى بىكار قىلىپ قارار چىقاردى. بۇ شېئىر شۇ قارار جاكارلانغان تەنتەنىلىك يىغىندىن كېيىن يېزىلغان.

# تۆھمەتخورغا ئاگاھلاندۇرۇش

تۆھمەتخورلار، ئەمدى يايراپ،
شىلتىڭ ئاتالمايسەن.
كاسات بازار ئىغۋارىڭنى
پۇلغا ساتالمايسەن.

ئۇچقان ئىدىڭ بىر چاغلاردا
توزنى تاشلاپ دۆڭگە.
قامچاڭ سۇندى، ئىتىڭ ئاقساق،
ئەمدى چاپالمايسەن.

چىلبۆرىلەر ھۇۋلاشقاندا،
بەكمۇ دوس تارتقانتىڭ.
ئەمدى بىزمۇ مەرگەن بولدۇق،
يالماپ يۇتالمايسەن.

كۆن نۇرىنى ئالقان بىلەن
توسماق قانداق مۇمكىن؟
ھەقىقەتنى تۆھمەت بىلەن
ھەرگىز ياپالمايسەن.

تۆھمەتخورغا خېرىدار يوق،
زوراۋانغا يار يوق.
ئەمدى خەلقنى ئۆز مەيلىڭچە
ئاني تاپالمايسەن

ئەي تۆھمەتخور، يولۇڭ قىڭغىر،
بارار جايىڭ ئۆڭكۈر.
ئاتنى ئارتقا ياندۇرمىساڭ،
نىجات تاپالمايسەن①.

1979-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

---

① بۇ شېئىر قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىدىكى:
تال چىۋىقنى ئېگىپ-ئېگىپ،
مېنى سوقالمايسەن.
ئاتا-ئانىسى يوق باللارنى
ئاني تاپالمايسەن—
دېگەن قوشاقنىڭ ۋەزنى بويىچە يېزىلدى.

# سەللە

(تەقلىدىي ھەجۋە)

ئىلگىرى ئۆتكەن ئىكەنمىش بىر جاناب،
ئۆزىنى ئالىي ۋە ھۆرمەتلىك ساناپ.

ئۇ جانابنىڭ كۆڭلى تارتىپ سەيلىنى،
بېشىغا ئوراپتۇ شايى سەللىنى.

ئۆزىگە بەكمۇ يېقىپ بۇ سۆلىتى،
كەپتۇ بىر ئۆستەڭ بويىغا شۇ پېتى.

سەيلىدىن ئاخىر ئاتا ھاردۇق يېتىپ،
ئۇخلىماقچى بوپتۇ پىنھان جاي تېپىپ.

بەك دىمىق بولغاچقا ئۇ يەكتەكنىمۇ
ھەم يېشىپتۇ ئارقىدىن كۆڭلەكنىمۇ.

سەللىنى باشتىن ئامالسىز ئاپتۇ ئۇ،
بىر يالاڭ تامبال بىلەن ئۇخلاپتۇ ئۇ.

ئۇيقۇدىن تۇرسا كىيىم يوق يېنىدا،
ھېچ تاپالماستىن جاناب دەپتۇ: ”خۇدا!

نېمە ئىش بۇ، ھېلى قويغان ھېلى يوق،
ھەممىدىن شۇسى يامانكى، سەللە يوق.

نېمە دەپ ئالغاندىمەن باشتىن ئۇنى،
نېمە دەر خەلق، سەللىسىز ماڭسام، مېنى؟...“

بۇ ئۇياتلىقتىن ئىچى تىت-تىت بولۇپ،
كەتمىسۇن دەپ ئابرويۇم بىتچىت بولۇپ.

ئاخىرى تامبالنى يېشىپ ئالدىراپ،
بېشىغا سەللە قىلىپ ئاپتۇ ئوراپ.

شۇندا ئۇ بەك خۇش بولۇپ ئۆز ئەقلىدىن،
غادىيىپ قايتىپتۇ ئۆيگە سەيلىدىن.

1979-يىل ئىيۇن.

## لاۋشې بەرگەن قەدەھ

مەرھۇم ئۇستاز ئەدىب لاۋشې 1955-يىلى
ماڭا يۇڭجۇ زامانىسىدا ئىشلەنگەن قەدەھنى
يادىكار قىلىپ بەرگەنىدى.

لاۋشې ئاقساقال بەرگەن قەدەھتە
چارەك ئەسىر شاراب-مەي ئىچتىم.
مەيخور دېسەڭمۇ،
ئاشۇ قەدەھتە
كېلىدۇ يەنە شۇنچىلىك ئىچكۇم.
ئەپسۇس. . .
ئاشۇ ئەنسىز كېچىدە،
ئۆپۈر-تۆپۈردە دەز كەتتى ئاڭا.
شۇندا بۇ دەز ئاشۇ چاغدىكى
لاۋشې قەلبىنى ئەسلەتتى ماڭا.

ئۇنى بىجىرىم ئاسرىيالمىدىم،
چۈنكى يۈرىكىم ئەمەس بىجىرىم.

شۇڭلاشقىمۇ ئاشۇ قەدەھتە
لىقمۇلىق ئەمەس،
ئىچمەن يېرىم.

لېۋىم تەگسە ئاشۇ قەدەھكە،
مەرھۇم بىلەن ئۆلپەتلىشىمەن.
نېمىشقىدۇ،
ئىچسەم ھەر قېتىم،
مەي تەپتىدىن سەگەكلىشىمەن.

* * *

لاۋشى ئاقساقال بەرگەن قەدەھتە
چارەك ئەسىر شاراب-مەي ئىچتىم.
مەيخور دېسەڭمۇ،
ئاشۇ قەدەھتە
كىلىندۇ يەنە شۇنچىلىك ئىچكۈم.

1979-يىل، كۈز.

# شانلىق قۇربان جاڭ جىشىن ھەققىدە

## قەسىدە

توقۇشتى ئاجايىپ جىنايەت ساڭا
ۋە ياغدۇردى سانسىز ئاھانەت ساڭا.
ھەقىقەتكە كۆز يۇم دېدى، قىستىدى،
قىلىشتى ئېگىل دەپ دالالەت ساڭا.
ئاتالمىش گۇناھىڭ سېنىڭ شۇ ئىدى:
سېزىلدى جىنايى سىياسەت ساڭا.
"پەرىشتە" ئاتالغاننى سەن جىن دېدىڭ،
كۆرۈنگەچكە ئەسلى قىياپەت ساڭا.
سېنى تارتتى جەڭگە ۋەتەن تەشۋىشى،
شۇڭا تىغ سۇغۇردى جاھالەت ساڭا.
كۆرەش ئورنى بولدى سوراق سەھنىسى،
تېپىرلاش بىلىندى "نازارەت" ساڭا.
ئاتالمىش گۇناھىڭ شەرەپ سەن ئۈچۈن،
"نەسىھەت" سېزىلدى ھاقارەت ساڭا.
"ياشامسەن، ئۆلەمسەن؟" دېدى جارقىراپ،

دېۋەيلەپ تۇراتتى ھالاكەت ساتا.
ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەت ئىدى شۇ مەھەل،
ھاياتلىققا بەرگەن كاپالەت ساتا.
غادايدىكى، ئۇياتسىز جازا ئالدىدا،
پۇتۇلگەچ ئېگىلمەس جاسارەت ساتا.
دېدىڭكى: "بىشەملەر، بىلىپ قوي شۇنى،
تىلىم يوق ئوقۇشقا نادامەت ساتا.
قىزىلنى نىقاب ئەيلىگەن تۈلكىلەر،
ھۈنەردۇر رىيالىق ئىبادەت ساتا.
خەتەردۇر يۇقىرىلاش تېپىپ ئۆزگىنى،
كاپالەت بولالماس خۇشامەت ساتا.
بارالماس ئۇزاققا زوراۋانلىقىڭ،
ئەجەللىك زىيان بۇ تىجارەت ساتا!"
بىشەملەر چىدالماي بولۇپ يايپېتەك،
ئۆلۈم زەھرى بەردى شۇ سائەت ساتا.
ئۆلۈم ئالدىدا ھېچ پسەنت قىلمىدىڭ،
پۇتۇلگەچكە ئۆلمەس لاياقەت ساتا.
سۆيۈملۈك قېرىنداش، ئۇلۇغ قەھرىمان،
بولۇپ قالدى ئۇنۋان ھەقىقەت ساتا.
شۇڭا خەلق مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىپ،
تەشەككۈر ئوقۇيدۇ داۋامەت ساتا.

1979-يىل ئىيۇل.

# قانداق قىلاي

(ئالدامچىنىڭ نالىسى)

بولمىدى، ئىشلار چاتاق، قانداق قىلاي،
چۈشتى ئالدىمغا توساق، قانداق قىلاي.
"سولچىلىق" رەڭۋازلىقى بولدى كاسات،
ئەمدى مۈشكۈل ئالدىماق، قانداق قىلاي.

بىر مەھەل ئوبدان بازار تاپقان ئىدىم،
قانچىلارنى مايمۇن ئويناتقان ئىدىم،
لېپىتىپ سۇنى، بېلىق تۇتقان ئىدىم،
ئەمدى ئالدىم شۇم ئاتاق، قانداق قىلاي.

ھە دېسە "گۆھەر كىتاب"نى پەش قىلىپ
ھەم توقۇپ يالغاننى ئەپلەپ راست قىلىپ،
خېلى ئىشنى بۇزدۇم ئەلنى مەست قىلىپ،
ئەمدى ئالدىمدا سوراق، قانداق قىلاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى

مەن قۇرۇپ بۆلگۈنچىلىكنىڭ دامىنى،
گەپ توشۇپ، دەيدەيگە سالدىم ئامىنى،
يايرىدىم ئەلنىڭ بۇزۇپ ئارامىنى،
ئەمدى ئەۋزەل ئىتتىپاق، قانداق قىلاي.

كوچىلاش ھەر كىمنى خىسلەت مەن ئۈچۈن،
بولدى چوڭ دەسمايە تۆھمەت مەن ئۈچۈن،
ئۆزگىگە زەخمەت ھالاۋەت مەن ئۈچۈن،
ئەمدى بۇ يوللار تاقاق، قانداق قىلاي!

شوتا بولدى ھەر قېتىم ھەرىكەت ماڭا،
يۇقىرى ئۆرلەشكە ئەپ پۇرسەت ماڭا،
بولدى بالداق كىم كۆرۈنسە سەت ماڭا،
ئەمدى بالداقلار تاياق، قانداق قىلاي.

سۇ يۇگۇرتۇپ مەن سامانىنىڭ ئاستىدىن،
ئەنزە تۇغدۇردۇم تالايلار ئۈستىدىن،
بولدى ئەل بىزار بۇ قىلمىش دەستىدىن،
قىلدى يۈزۈمنى شالاق، قانداق قىلاي.

قىلمىشىم چانغاندا بەزى بەلگىدىن،
باشقىغا دۆڭگەپ قۇتۇلدۇم زەربىدىن،
ئالدىدا كەلدىم يەنە مەن بەيگىدىن،
ئەمدى لەت بولدۇم بىراق، قانداق قىلاي.

مەن بىلەن كىم بولسا دوست، ساق قالمىدى،
بەرىگە سۈرتتۈم قارا، ئاق قالمىدى،
بەزمىگەن ھېچقايسى ئايماق قالمىدى،
بوپتىمەن ئىتقا يالاق، قانداق قىلاي.

ئەمدى يوق ئىلگىرىكىدەك ئالچاڭلىماق،
نەدە ئەمدى تۆردە ماڭماق، باش تاۋاق؟
ئۆلگىچە سوققان زىياپەتلىك تاماق
بولدى بۇرنۇمدىن بۇلاق، قانداق قىلاي.

كۆتمىگەندە زەپمۇ چىقتى ئەبجىقىم،
ئاخىرى ئەسقاتمىدى قول چوقمىقىم،
كارغا كەلمەس بولدى قاپقان-قىلتىقىم،
كۆپچىلىك ئاپتۇ ساۋاق، قانداق قىلاي!

ھەسرىتا، كەتتى قولۇمدىن ئامىتىم،
سارغىيىپ رەڭگىم، پۈكۈلدى قامىتىم،
كۈلكە بولدى ھەممىگە بۇ ھالىتىم،
يازسا شائىرلار قوشاق، قانداق قىلاي.

1979-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ئوتتۇز يىل

كالېندار يىرتىلىپ كۈن ئۆتكەنسېرى،
بالىلار چوڭ بولىدۇ، چوڭلار قېرى.
ئوتتۇز يىل دېگەن رەقەم قانداق ساناق؟
بۇ، سەل كەم بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى.

ئوتتۇز يىل— ئەسىرىمىزنىڭ كەڭ تېمىسى،
قىممەتلىك ساۋاقلارنىڭ چوڭ قامۇسى.
مەزمۇنى ئۇنىڭ شۇنچە خاسىيەتلىك،
بۇ دېمەك، يېڭى جۇڭگو يىلنامىسى.

كىم ئېيتسۇن ئوتتۇز يىلنى بىھۇدە دەپ،
بىھۇدە دېمەك ئۆزى بىھۇدە گەپ.
ياشىدى يېڭى جۇڭگو كۆكرەك كېرىپ،
چوققىدەك يەرنى قۇچۇپ، كۆكنى تىرەپ.

پىشكەللىك دۇچ كەلسىمۇ ھەر قەدەمدە،
خەتەرلەر قورشىسىمۇ كەڭ كۆلەمدە،
ئۆڭمىدى، چېكىنمىدى يېڭى جۇڭگو،
سولمىدى قالغاندىمۇ قايغۇ-غەمدە.

نامەردلىك قىلغىنىدا تەبىئەتمۇ،
دان تۇتماي قورۇلغاندا زىرائەتمۇ؛
ياشىدى يېڭى جۇڭگو خۇشامەتسىز،
قىلمىدى قىلچە ئاھۇ نادامەتمۇ.

بولغاچقا كومپارتىيە بايراقدارى،
بولدى ئەل ئىلگىرىلەشنىڭ زەربىدارى.
نامايان بولدى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىقتىدارى.

بىراق بىز ئالغا قاراپ ماڭغان ھامان،
قۇتراشتى ئاغمىچىلار قوزغاپ تۇمان.
چىقاردى توغرا ئىزدىن تالاي ئىشنى،
خۇن قىلدى تەتۈر قىيناپ خېلى زامان.

ھەممىدىن ئېزىتقۇنىڭ كاساپىتى،
تولىمۇ جانغا پاتتى تالاپىتى.
تاس قالدى شۇ بالادىن ئۆرۈلگىلى
مۇقەددەس سوتسىيالىزم ئىمارىتى.

ئېزىتقۇ تەلۋىلەرنىڭ ئەخمەقلىقى،
كۆرسەتكەن يوللىرىنىڭ تايغاقلىقى. . .
سىلىشتى ھەممە ئىشقا ۋەيرانچىلىق
بۇزۇشقا خۇشتارلىقى، ئامراقلىقى.

تەلۋىلەر تەلۋىلىكنى جۇرئەت دېدى،
تۆھپىنى، شان-شەرەپنى لەنەتلىدى.
ھە دېسە قىزىل كالتەك بولۇۋېلىپ،
كۆنمىگەن ئادەمگە كۈن كۆرسەتمىدى.

قىستىدى چارچىغاننى دۆڭگە چاپ دەپ،
زورلىدى مۇزلىغاننى مۇزدا يات دەپ.
ماختىدى كۇرەشچان دەپ كۆيدۈرگىنى،
داڭلىدى خۇراپاتنى كەشپىيات دەپ.

ئېغىزدا ھەممە مىللەت باراۋەر دەپ،
ئەمەلدە ئاز سانلىقنى بەچچىغەر دەپ؛
بوغۇشتا جىياڭ باندىتتىن قېلىشمىدى،
مىللەت كۆپ بولۇش ئەلگە دەدىسەر دەپ.

ۋادەرىخ، بۇ شۇملۇقنى ئويلىغانچە،
يۈرەكتە يالقۇنجايدۇ غەزەپ شۇنچە.
ئىنقىلاب ئويۇن بولدى تەلۋىلەرگە،
دەپسەندە قىلغان بارمۇ ئەلنى مۇنچە!؟

بۇ ئىشقا تارىخ جاۋاب بەردى ئاخىر،
قىزىل تۇغ تەلۋىلەرنى ئۇردى ئاخىر.
خەلققە يەتمىش بەشنى كۆرسەتكەنلەر
ئۆزلىرى سەكسەن بەشنى كۆردى ئاخىر.

قايتىدىن باھار كۆردۇق شۇندىن بېرى،
يولىمىز داغداملاشتى بارغانسېرى.
ئېلىمنىڭ تەشناسىغا بەردى شەربەت
جانجان پارتىيەمنىڭ چوڭ تەدبىرى.

كۈچ بەردى ئوتتۇز يىللىق سىناق بىزگە،
جىق ئەقىل بەردى ئاچچىق ساۋاق بىزگە.
شۇڭلاشقا كېلەچەكنىڭ گۈلزارىدىن
كەلمەكتە گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق بىزگە.

بۇ ئەۋلاد چوڭ يۈرۈشكە جاۋابكارمىز،
قەيەر تۇز، قەيەر ئوي-دۆڭ، خەۋەردارمىز.
ئېزىتقۇ، تەلۋىلەرنىڭ كۆرسى چۈشتى،
شۇڭلاشقا كېلەچەكتىن ئۈمىدۋارمىز.

ئەڭ قىممەت ساۋاق شۇكى راست سۆزلىمەك،
بىرنى بىر، ئىككى بولسا ئىككى دېمەك.
شۇ خىسلەت ھاكىم بولسا، لەت بولىدۇ
چىقىشمۇ ھەرقانچە چوڭ مەككار كەمەك.

ئانىجان جۇڭخۇا ئېلىم، ئۇلۇغ ئەل سەن،
ۋە لېكىن تېخى يەنە كەمبەغەل سەن.
توققۇزۇڭ تەل بولىدۇ چوقۇم، لېكىن—
بېرىسەن شۇڭغىچىلىك جىق بەدەل سەن.

غەم يەيدۇ پەرزەنتلىرىڭ سېنىڭ ئۇچۇن،
قۇدرەتلىك، باي ھەم گۈزەل كۈنۈڭ ئۇچۇن.
بىز ئۇچۇن ھاياتلىقنىڭ مەنىسى شۇ،
ياشايمىز، چېلىشىمىز شۇنىڭ ئۇچۇن.

1979-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



# تۆت مۆچەل كەتتى ئۆتۈپ

تۆت مۆچەل كەتتى ئۆتۈپ، ئەللىككە ئاتلاپتۇ يېشىم،
قوندۇرۇپتۇ ئۈستىگە نۇرغۇن قىراۋلارنى بېشىم.

ھەر يېشىم گوياكى ئۆمرۈم دەپتىرىنىڭ بىر بېتى،
ئۆز قولۇم بىرلە يېزىلدى تارىخىم-قىلغان ئىشىم.

تا يىگىتلىكتىن قىزىل بايراقتا تەلپۈنگەن ئىدىم،
قويمىدى ھېچبىر پۇشايمانغا مېنى بۇ تاللىشىم.

ئەل بىلەن تەڭ كۈلگىنىمدە مىسلىسىز ئالدىم ھۇزۇر،
بولدى قەلبىمنىڭ غۇرۇرى ئەل ئۈچۈن تۆككەن يېشىم.

مەنىسىز تەنتەكلىكىمۇ ئاز ئەمەسكەن، ئەسلىسەم،
ئەل ئىچىدە كۈلكە بوپتۇ بەزى بىئەپ قايىنىشىم.

جىلغ ۋە جانى ئايرىماي نادان ساداقەت ئىلكىدە،
يەتكىچە تارتتىم ئەلەم ئەبلەخنىمۇ دەپ سەپدىشىم.

سۆرىتىمنى سىزدى سولخاي تەلۋىلەر رەسسام بولۇپ،
بۇ تەسەۋۋۇرغا مېنىڭ مۇمكىن ئەمەستى ئۇخشىشىم.

ئۇردى ئەجرىمنى جىنايەت دەپ بىشەم كالتەكچىلەر،
بۇ بىشەملەر ئالدىدا تەپ تارتقىنىم—چوڭ قىلمىشىم.

ئەگرى-توقاي يول مېنىڭ ئەقلىمنى خېلى تۇزلىدى،
كۆزلىرىممۇ نۇرلىنىپ بولماقتا روشەن بايقىشىم.

سەت كۆرۈندى ماڭا شۇنچە غادىيىش ئەل ئالدىدا،
لېكىن ئۆكتەم ئالدىدا بولمايمەن ھەرگىز ئەۋرىشىم.

مەرىپەت دۇنياسىغا قويدى قەدەم خەلقىم بۈگۈن،
مەن ئۇچۇن ۋىجدان ئىشى دەۋرانغا لايىق چامدىشىم.

خاس ئىكەن راستچىل ۋە باتۇرلۇق ئۇچۇن پاك شېئىرىيەت،
بۇ لاياقەت ئالدىدا لازىم ئۆزۈمنى چاغلىشىم.

ئۆز غېمىمنى ئۇنتۇغاندا، ھەقنى سۆزلەش تەس ئەمەس،
مەنمۇ بىر يالاڭ ئاياغ، يوق ئەمدى سۇدىن تەشۋىشىم.

قارا شۇملۇققا ھەمىشە نەپرىتىمنى ياغدۇراي،
نۇر ئۇچۇن بەخشەندە بولسۇن بىر ئۆمۈرلۈك ئالقىشىم.

1979-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق-ئەقىل

دۇنياغا نەزەر سېلىپ ئەسلىسۇۋىدىم
ھەسرەتلىك ئۆتمۇشۇمنى يېڭىباشتىن؛
تىگىرقاپ، بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىم،
گوياكى ئويغانغاندەك يامان چۈشتىن.

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ پىكىر قىلدىم،
چۈش ئەمەس ئەسلىگىنىم، ئوڭۇم ئىدى.
يىتتۈرۈپ قويۇپتىمەن جىق نەرسىنى،
ئېسىمگە كەلدى، بىراق تېپىلمىدى.

يىتتۈرۈپ قويغان نېمەم شۇنچە ئېسىل،
ئۆمرۈمنىڭ قاناتلانغان مەزگىللىرى.
قويدىمۇ ئاز ئادەمنى ئاز ئەلەمگە
زامانىنىڭ سورۇقچىلىق پېشكەللىرى.

يۇتكەنچە يۇتكەنمىدۇ ئاشۇ بايلىق،
تاپقىلى بولسا ئىدى كاشكى ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرد قوشۇپ دەرد ئۈستىگە ئازابلىدى
پۇشايمان-نادامەتنىڭ مۇشتى مېنى.

ئاچچىق دەپ پۇشايماندىن قاچمىغۇلۇق،
بىلىسەن بال قەدرىنى، يېسەڭ زوقۇم.
زىياندىن پۇشايمان يەپ ساۋاق ئالساق،
يۈتكەندىن ئۇشۇق پايدا كېلەر چوقۇم.

تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق-ئەقىل،
زىياننىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى.
چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا،
ئالدى بىلەن
كۆڭۈلنى خۇراپاتتىن ئېرىغدايلى.

1979-يىلى يېزىلغان.
1980-يىلى تۈزىتىلگەن.



# گۈناھ كىمدە

قار كېتىپ، ئەگىز ئېقىپ، يەرلەر قۇرۇپ،
ئەمما نۇرغۇن گۈل پورەك تۇتماي تۇرۇپ،
باغ ئارا بىرنەچچە گۈل پورەك يېرىپ،
ئاچتى بەرگ ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ.
ئاھ، بىراق تولماي تۇرۇپ گۈل ھۆسنىگە،
كەلدى-دە، ئۈششۈك-دوقال كەتتى ئۇرۇپ.
چىقتى ئۈشبۇ ۋەجدىن ھەر قىسما گەپ،
ھەركىم ھەرخىل ئەقلۇ پەمنى جورۇپ.
بەزىلەر سىيپاپ ئېڭەكنى، ئۈمچۈيۈپ،
"ۋاي ئېسىت!..." دەپ يىغلىسا پەرياد ئۇرۇپ؛
"كىم ئۇنى بالدۇر ئېچىلسۇن دەپتۇ!" دەپ،
گۈلنى سۆكتى بەزىلەر تىل ياغدۇرۇپ.
گۈلدىمۇ ياكى گۇناھ دوقالدىمۇ؟
سۆزلىشەيلى ئەمدى ئەركىن ئولتۇرۇپ.

1979-يىلى يېزىلغان.
1980-يىلى تۈزىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# بولمىسا

(رەھبەر دوستۇمغا يادىكار)

باغ سولاشقايمۇ مەھەلسىز گەرچە ئاپەت بولمىسا،
زەپىران بولغاي چىرايمۇ تەن سالامەت بولمىسا.

زەر قەپەزدىن مىڭ ئىسىل بۇلبۇلغا ھەتتا تال شېخى،
ئوردىدىن سەسكەنمىگەي پۇقرا، ئاسارەت بولمىسا.

تەختتە ئولتۇرغۇچى تەشۋىش ئىلكىدە تاپماس ئارام،
ئىلكىدە ئەلگە ئارام ئادىل سىياسەت بولمىسا.

ئۇچ-چېكى يوق لاۋۇ-لەشكەرنىڭ كۈچى چەكلىك ھامان،
ياۋنى بولماس يەڭگىلى ئەلدىن ھىمايەت بولمىسا.

مەرىپەت يورۇتمىسا گەر تۇنجۇقار زۇلمەتتە ئەل،
تەمتىلەپ قانداق ماڭار نۇردىن بىشارەت بولمىسا.

يەر تۇگۇل ئاسماننىمۇ بەللەيدىكەنغۇ پەن-ھۈنەر،
سەت ئىكەن ئاسمانغىلا دۈڭگەش زىرائەت بولمىسا.

”سەۋرىدىن ھالۋا پۈتەر“ دەپ چەكسە ئەل ئاچچىق جاپا،
ئايلىنار ئاچچىققا سەۋرە ھېچ ھالاۋەت بولمىسا.

يەمگە بەك زورلاپ سېمىزنى، قويمىغىن ئورۇقنى ئاچ،
ھارۋا ماڭماس ھەممە ئاتقا تەڭ ئىنايەت بولمىسا.

بولمىغىن مەسۇمگە قاتتىق، كەلمىگىن ئۆكتەمگە بوش،
نۆلگە تەڭ باشلامچىلار، بۇنداق لاياقەت بولمىسا.

مەرتىۋەڭ چوڭ بولسىلا لەۋزىڭ ئىناۋەت تاپمىغاي،
ئەلگە خوپ خۇلقۇڭ بىلەن تاپقان ئىناۋەت بولمىسا.

قىل خۇشامەتتىن ھەزەر، كەينىدە باردۇر تۆھمىتى،
قارىغۇ تۆھمەتنىڭ كۈنى بەك تەس خۇشامەت بولمىسا.

ئەل كۆزى سانسىز، كۆرەلەيدۇ ئېنىق تۈز-ئەگرىنى،
كېتىدۇ رەھبەر ئېزىپ ئەلدىن نازارەت بولمىسا.

بەگ ئەمەس بىزدە ئەمەلدار، بەلكى ئەلنىڭ چاكىرى،
قوي ئەمەلنى، سەندە بۇ مەقسەت-قىياپەت بولمىسا.

1979—1981-يىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دېھقاننىڭ يۈرەك سۆزى

(چاتما شېئىر)

1980-يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپان، لۈكچۈن يېزىلىرىنى ئايلانغىنىمدا، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىنتايىن سول ئىدىيىۋى ئېقىمىنى تەنقىدلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئۇلار: ئەمدى راست سۆزلەشكە كەڭ يول ئېچىلدى، شائىرلارمۇ راست گەپنى قورقماي يازالامدۇ، دېيىشتى. مەن جاۋاب ئورنىدا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزلىرىنى نەزمىلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم.

### ”تۇتقا“نى تۇتقانسىرى

بىر مەھەل ”تۇتقا“نى چىڭ تۇتقانسىرى
ھەسسىلەپ ئاشتى ”دۈشمەن“ يىلدىن-يىلغا.

ئەكسىچە، بارغانسېرى ھوسۇل كېمىيىپ،
دارامەت تەگمەي قالدى زادى قولغا.

شۇندا بىز دېگەن ئىدۇق كۆڭلۇمىزدە:
گوڭشېدا قۇرۇلۇشنى تۇتقا قىلساق.
ئىشلىسەك تىرىلغۇغا قېتىرقىنىپ،
"دۈشمەن"نى ئاشۇرغاندەك ھوسۇل ئالساق.

## ئىبرەت

بىر چاغدا سەكرەيمىز دەپ قايناپ كېتىپ،
تىككەندە تەۋەككۇلگە بارى-يوقنى؛
شۇندا: "بىز چېكەتكىمۇ سەكرەيدىغان؟"—
دەپ قويۇپ مەنمۇ تارتتىم تارتقۇلۇقنى.

دېگەندەك بىر يىل راسا سەكرىشۇدۇق،
يوقالدى ئېتىزدىلا تالاي ئاشلىق.
چېكەتكە ساڭگىلىغان تالاپەتنى
ئۆزىمىز سالدۇق شۇنچە ئالدىراشلىق...

ئۇمۇ بىر گەپلەشمىگەن ھەرىكەت ئىكەن،
گەپلەشسە بىزگە كەلگەن بەرىكەت قېنى؟
ھەممىمىز دەيمىز ئەمدى ئىبرەت ئېلىپ:
"ۋاي ئېسىت، دورامدىغان چېكەتكىنى!"

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پىپەن ھەم تاغار

تالاي يىل ھەپىلەشتۇق پىپەن بىلەن،
ئىشىمىز ئىلگىرىلەيدۇ دېگەن ئويدا.
كۆزلۈكى تولماي قالدى تاغىرىمىز،
شۇندىمۇ زىياندىن كۆپ دېدۇق پايدا.

خامانىنىڭ ئۆزى ئۆلچەم ئەمەسمىدى،
ۋەزىيەت قانچە ياخشى دېگەن بىلەن.
تاغارنىڭ تولماي قالغان بوشلۇقىنى
بولمىدى تولدۇرغىلى پىپەن بىلەن.

## سىياسەت يەرگە چۈشتى

"ئىشلىگەن چىشلەر" دېگەن سىياسەتمۇ
كۆپ بولدى، لابادىلا جاراڭلىدى.
بىراق ئۇ يەردە ئۇنۇم بەرمىگەچكە،
ئەزالار رەنجىپ "قۇرۇق پاراڭ" دېدى.

ئەزالار بۇ يىل خۇشال بولەكچىلا،
ئىش يۈرۈپ، ئاشتى ئەمدى دارامەت دەپ.
سورىسام سەۋەبىنى، جاۋاب بەردى:
لابادىن چۈشتى يەرگە سىياسەت، دەپ.

# دۆيجاڭنىڭ نېمىشقا يوق ئىناۋىتى

"لەۋزىدە تۇرمىدى" دەپ دۆيجاڭلارنى،
ئەيىبلەپ ئۇرۇۋەتتۇق، جازالىدۇق.
ئالقىشقا ئېرىشمىدى تىكلەنگىنى،
ئىش ئاقماي، يىلدىن-يىلغا ئوساللىدۇق.

دۆيجاڭنىڭ نېمىشقا يوق ئىناۋىتى،
نېمىدۇ ئىلگىرىلەشنىڭ توسالغۇسى؟
سەۋەبى نۇرغۇن، بىراق مۇھىمراقى:
بولمىدى سىياسەتنىڭ تۇرالغۇسى.

# چال، ئوغلۇم!

ئەسلىسەم، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا
ياڭرايدۇ بىر چاغدىكى داقا-دۇمباق.
ئاۋازى ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك،
نە ئامال، ئۇ چاغدىكى يوسۇن شۇنداق.

ياڭرىتىپ داقا-دۇمباق، ئېلىپ چىقتى
مېنىمۇ "ياچېيكا" دەپ سازايىغا.
كۆرسىلە، سۇنايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن: نېمە ئىش بۇ، تۇۋا-تۇۋا!
چال، ئوغلۇم، ئاناڭنى مەن ئالغان چاغدا،
مۇنچىلىك قىزىمىغان نەغمە-ناۋا.

شۇ سۆزمۇ بېشىمغا بىر بالا بولدى،
ئۆلمىدىم، پېقىر يەنە ئامان قالدى.
بىراقتا ئوغلۇم رەجەپ شۇندىن كېيىن
سۇنايىنى تاشلىۋېتىپ يامان قىلدى.

## كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا

مۇسانىڭ كەيپى بۇ يىل بولەكچىلا،
ئېتىزدا سول ئېلىشى ياش يىگىتتەك.
ناخشىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى،
سۆزلىرى دانە-دانە، ساپ ئۈگۈتتەك.

بەزىلەر دېيىشىدۇ: "نېمە ئىش بۇ؟
ئىلگىرى بۇنداق ئەمەس ئىدى مۇسا..."
هەي... نەدە بار قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان،
كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا.

# يارايسەن، شوجى

يارايسەن، مەرۇپ شوجى، ئوغۇل بالا،
سېيتنى يوقلاشمۇ بىر ياخشىلىقىڭ.
شۇ ئىشمۇ شىپا ئۇنىڭ يۈرىكىگە،
سېنىڭمۇ بىر بوغچىنى تاشلىغىنىڭ.

تىللىغان، ئۇرغان بولسا بىر چاغلاردا،
ئەمەستۇر بەلكى ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن.
سەن يوقلاپ بارغاندا ئۇ يىغلاپتىكەن،
ئېرىپتۇ نىيىتىڭنىڭ تۈزلۈكىدىن.

دىلدا كىر ساقلىماسلىق مەردنىڭ ئىشى،
دېھقانغا مەردانە سۆز خۇش ياقىدۇ.
شوجىنىڭ كۆكسى-قارنى دەريا بولسا،
كۆپچىلىك دولقۇن بولۇپ، ئىش ئاقىدۇ.

1980-يىل يانۋار-فېۋرال، تۇرپان-ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باھار ئىلھامى

تەكشى ئېچىلسۇن دېيىلسە ھەممە گۈلشەننىڭ گۈلى،
كېلىدۇ ئالدىمغا شۇ ئان ئەللىك ئالتىنچى يىلى.

نېمىدۇ دېسەم قىزىل ئەتلەس كىيىنگەن قاتمۇقات،
بۇ يېشىلگەن چاغ ئىكەن گۈل غۇنچىسىنىڭ كەمزۇلى.

ياڭرىغاچقا گۈلگە جەۋلان كىرگۈزۈپ شوخ نەغمىلەر،
"ئۆرگىلەي!" دېگەن ئىدى ئەل زوقلىنىپ يايراپ دىلى.

كۆتمىگەندە ئوڭ ۋە "سول"دىن قوترىغان تەتۈر شامال
تۇغدۇرۇپ ئەنسىزچىلىك، تۇردى سورۇننى بۇزغىلى.

سايىسىدىن ئۆلگۈدەك ئۆركۈيدىغانلار دەستىدىن
قىلدىن ئىنچىك، تىغدىن ئىتتىك بولدى سەنئەتنىڭ يولى.

ۋادەرىخا، قىلدى سەنئەتنى ئاجايىپ مەسخىرە،
شۇم نىيەت، بۇزغۇنچىلارنىڭ قارا كالتەك تەھلىلى.

ئاقىۋەت گۇم قىلدى شۇملارنى ئۆزىنىڭ شۇملۇقى،
قايتىدىن كەلدى باھار-گۈل پەسلى، بۇلبۇل مەزگىلى.

مەن ئۈمىدۋار بۇ باھاردىن، كۆزلىرىم كۆردى شۇنى:
ئەللىك ئالتىنچى يىلىغا ئوخشىماقتا مەھسۇلى.

كەچكىچە بولدۇق خاراب دەپ زارلىنىش بەرمەس ئۈنۈم،
بىز خاراب بولغۇچىلار ئاۋات قىلىشنىڭ مەسئۇلى.

سايرىسا بۇلبۇل، بېشى ئاغرىيدىغانلار يوق ئەمەس،
چىقمىسا تەتۈر شامال، ئاقماس ئۇلارنىڭ جاڭجىلى.

بەس، يېتەر دەم ھەپرەڭ، دەم زەپرەڭلىك ھەسرىتى،
سوۋغا راسلايلى باھارغا، ھەممىدىن شۇ ئەۋزىلى.

1980-يىل فېۋرال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يوقال ئەمدى تۆھمەت دەستىكى

بىر مۇتتەھەم دەستەك تارقىلىپ،
كۆرۈنگەنلا تامنى بۇلغىدى.
تامنى بۇلغاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن،
ئاندىن بەتەر نامنى بۇلغىدى.

بۇ مۇتتەھەم زورلىدى خەقنى
كۆزنى يۇمۇپ سۆزلەۋېرىشكە.
(ئادەم دېگەن كۆزنى يۇمسىلا
ئەپلىشىدىكەن جۆيلۈۋېرىشكە.)

بۇ لەنتى ئىغۋا يايمىسى
بازار تاپتى بىر مەھەل زەپمۇ.
ئۇستۇن بولسا كىمنىڭ تۆھمىتى،
شۇنىڭ بولدى شەرمەندە نەپمۇ.

بۇ ئەمەسمۇ پىتنە دوقىلى،
كەلدى تۆھمەت نۆۋىتى دېگەن.
”تۆھمەتچىگە تۆھمەت ئۇرايلى،
ھەيران قالسۇن تۆھمەتچى“ دېگەن.

ئوڭتەي-توڭتەي قىلىندى تارىخ،
ئاستىن-ئۈستۈن بولدى ھەقىقەت.
”زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ“،
چەيلەندى پەننى يېڭى تەرىقەت.

بۇ مۇتتەھەم دەستەك بىر مەھەل
بولۇۋېلىپ مۇنبەردە قازى،
گۇناھسىزنى زار-زار قاقشىتىپ،
نومۇسسىزنى قىلدى چىق رازى.

ئەجەب بوزەك بولدۇق ئۇنىڭغا،
يا شۇنداق بوزەك يارالدۇقمىكىن.
ئوقۇدىمۇ يا بىر كىم ئەپسۇن،
ياكى دورا يەۋالدۇقمىكىن. . .

سەۋەبىنى ئويلىغانسېرى
قەلبىمىزنى ئۆرتەيدۇ ئەلەم.

"تەگسەڭ تېرىق بولار" دەپتىكەن،
سۆزنى مۇختەسەر ئەيلىگىن، قەلەم!

•

پۇت-قولىمىز كىشەندىن ئازاد
بولغانغىلا شۈكۈر دەپتىمىز.
خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلماپتۇ بىراق ئەقلىمىز.

ئەقىل كۆزىمىز يورۇغانسېرى
بولىدۇ دەردنىڭ سوراق-ئىستىكى.
يوقال ئەمدى، چۈشكىن سەھنىدىن
"دازباۋ" ئاتلىق تۆھمەت دەستىكى.

1980-يىل باھار، بېيجىڭ.



# كۈنمىڭ كۈيلىرى

(چاتما شېئىر)

## ئاسماننىڭ قىياپىتى

تاش ئورمان ئارىسىدا بىر تاش كۆردۈم،
ئوخشايدۇ بىر باتۇرغا قىياپىتى.
يادىمغا كەلدى شۇ ئان سانىلارنىڭ
ئاسىما ھەققىدىكى رىۋايىتى[1].

ئاسىما—گۈزەل، باتۇر سانى قىزى،
چىن ئىكەن ئاشىقىغا ساداقىتى.

---

[1] يۈننەندىكى تاش ئورمان ئەتراپىدا ياشايدىغان سانى خەلقىنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئاسىما دېگەن گۈزەل قىز ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق بولۇپ، ئالۋاستىلارنىڭ ھەيۋىسىگە تىز پۈكمەي، ئاخىر ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. سانى خەلقى ھازىرمۇ تاش ئورمان ئىچىدىكى ئاسماننىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدىغان تاش چوقىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، خۇددى ھايات ئادەمنى تولغاندەك، «ئاسىما!» دەپ توۋلاپ، بۇ قەھرىمان قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىكەن.

ئېگىلمەي ئالۋاستىنىڭ ھەيۋىسىگە،
ئايلانغان تاش چوققىغا مەغرۇر پېتى.

پاك بولسا ئاشىقلارنىڭ مۇھەببىتى،
غالىبدۇر ئىرادىسى، جاسارىتى.
بەربىر كارغا كەلمەي لەت بولىدۇ
ھەرقانداق ئالۋاستىنىڭ كارامىتى.

نېمىشقا تاش ئورماندا ھازىرغىچە
ياڭرايدۇ ئاسمانىنىڭ نامى-ئېتى؟
ئۆلمەيدۇ پاك ئاشىقنىڭ روھى ھەرگىز،
ئۆچمەيدۇ مەڭگۇ ھۆرمەت، ئىناۋىتى.

## سادا

تاش ئورماندا قوندۇم بىر كېچە،
يولداش شاۋچى قونغان ياتاقتا.
قارا باستى دېمەڭلار ھەرگىز،
ئۇخلىيالمىدىم ھەسرەت-پىراقتا.

يۈرىكىم بەك ئېچىشتى، كۆيدى،
مۇدھىش يىللار چۇشۇپ يادىمغا.
بىر چاغلاردا شۇ ئۆيدە تۇرغان
ئۇلۇغ سىما كەلدى ئالدىمغا.

بىراق بۇ بىر خىيالىم ئىدى،
تىت-تىت بولۇپ چىقتىم تالاغا.
دەل شۇ چاغدا قۇلىقىم چۈشتى
"ئاسما!" دېگەن چۇقان-ساداغا.

ئىختىيارسىز تولغىدىم مەنمۇ
تاش ئورماننى كېزىپ، ئايلىنىپ.
"يولداش شاۋچى! سىز نەدە؟
ياكى
كەتتىڭىزمۇ تاشقا ئايلىنىپ؟..."

جاۋاب سادا كەلدى شۇ چاغدا
"مەن ماركسنىڭ يېنىدا" دېگەن.
دېمەك، ئۇ ئۆلمەس قەھرىمان،
چۈنكى
ئالۋاستىغا بويۇن ئەگمىگەن.

## ۋۇ شىجاڭنىڭ ئۆلۈمى

غەربىي تاغدىكى يۈكسەك راۋاقنى[1]
ھەم ئېسىل نەقىش، ھەيكەللىرىنى

---

[1] كۈنمىڭدىكى غەربىي تاغنىڭ ئىگىز چوققىسىغا ياسالغان «داتيەنگې» راۋىقى. تاغنىڭ بىر يېنىدا ديەنچى كۆلى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ھالىڭ-تالىڭ قالغانلار ئازمۇ،
يەتكۈزەلمەي ئەقىللىرىنى.

راۋاق تاملىرى، ھەيكەللىرىمۇ
ياسالغان تۇتاش ئۇيۇل تاش تاغدىن.
تۆت-بەش ئەۋلاد ئۇستا ئۆتۈپتۇ
تا پۈتكىچە باشلانغان چاغدىن.

ۋۇ شىجاڭ ئاتلىق قولى گۈل ئۇستام
بىر ئۆلىماغا ھەيكەل تۇرغۇزۇپ،
شۇنداق ئەپلىك پۈتكۈزۈپ، بىراق
تىرناقتەك جايىنى قويۇپتۇ بۇزۇپ.

نۇقسان شۇكى، چولتا بوپ قاپتۇ
ئۆلىما تۇتقان قەلەمنىڭ ئۇچى.
بۇنى تۈزەشكە ئامال بولمىغاچ،
ئۆرتىنىپتۇ ئۇستامنىڭ ئىچى.

"بۇنداق قەلەمنى تۇتقان كىشىنى،

كىم ئىشىنەر ئۆلىما دېسە.
ھۈنىرىمدە بولۇپ باقمىغان
مۇنداق شەرمەندە ئوسال ھادىسە."

ئاشۇ ئەلەم-ھەسرەت ئىچىدە،
داغ سالدىم دەپ سەنئەت ئەھلىگە،
ئاسمان-پەلەك ئىگىز چوققىدىن
تاشلاپتۇ ئۆزىنى دىيەنچى كۆلىگە.

ئاھ، ئىسىت!
شۇنچە ئىسىل سەنئەتكار
ئاتىدۇ ئۆزىنى كۆلگە نېمىشقا؟
ئۇنىڭ دىلى نېمانچە نازۇك،
ئۆلۈۋالامدۇ شۇنچىلىك ئىشقا؟

بىراق، ۋۇ ئۇستام شۇنداق دېمەكچى:
نومۇس كۈچى ھۆكۈمدىن يامان.
مۇقەددەس ئىش—سەنئەت بابىدا
قىلچە سەھۋەنلىك ئۆلۈمدىن يامان.

1980-يىل مارت، كۇنمىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاقىۋەت

"تۆت كىشلىك گورۇھ" ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان
ئوچۇق سوت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

بولغۇسى ئاشكارە ھەرقانداق قىياپەت ئاقىۋەت،
قالمىغاي شەرمەندە بولماي شۇم قاباھەت ئاقىۋەت.

توسسىمۇ گەرچە بۇلۇت، مەۋجۇت قۇياش، نۇر ئالدىدا
بەربىر مەردۇت بولۇر زۇلمەت-جاھالەت ئاقىۋەت.

شۇم نىيەتنىڭ دەستىكى تۆھمەت، ھاقارەتتۇر ھامان،
خار قىلار ئۆزىنى شۇ تۆھمەت-ھاقارەت ئاقىۋەت.

ئەل جېنىغا قەست قىلىپ تاپقان ھوزۇر جانغا جازا،
كىمگە نەپ بەرگەن ئىكەن بۇنداق تىجارەت ئاقىۋەت.

تۆز يالاپ خوپ دەندىگەن ئىت نەپسىنىڭ زەنجىرىدە
تاپىدۇ قوپارغۇ ئاستىدىن ھالاكەت ئاقىۋەت.

شۇم نىيەتنىڭ يولى قىسقا، ئالدىدىن تۇپان بولۇپ
مەۋج ئۇرار ئەل قەھرى، تاشقاچ سەۋر-تاقەت ئاقىۋەت.

"مەن زىيانداش دۈشمىنى" دەيدۇ زىيانداش ئۆزىنى،
تاپىدۇ ئوخشاش جازا ئوخشاش جىنايەت ئاقىۋەت.

شۇم نىيەتنى خۇي قىلىپ ئالغۇچىدىن ئەيلەڭ ھەزەر،
بولغۇسى مۈشت سىزگە ئۇ بەرگەن كاپالەت ئاقىۋەت.

شۇم نىيەتلەر دامىغا چۈشكۈچى ئەبلەخ بولمىسا،
ئويغىنىپ ئۇ قايتىدىن تاپقاي ئىناۋەت ئاقىۋەت.

ئاق نىيەتلەر قەدرى ئاشتى شۇم نىيەتلەر دەستىدىن،
قالمىغاي خەس ئاستىدا گۆھەر ساداقەت ئاقىۋەت.

1980-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتاي ناخشلىرى

(چاتما شېئىر)

## ئارچا

ئارچىغا سوئال قويدۇم زوقلىنىپ:
”نېچۈن دائىم ئىللىق پۈراپ تۇرىسەن؟
يازدىغۇ ئەسلا،
ھەتتا قىشتىمۇ
ياپيېشىل بولۇپ، يايراپ تۇرىسەن؟“

جاۋاب بەردى ئارچا شىۋىرلاپ:
”ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاقلاپ.“

چۈشەندىم، ئارچا، خىسلىتىڭنى مەن،
چۈشەندىم تۇرقۇڭنىڭ ئىللىقلىقىنى،
چۈشەندىم ھەتتا تۇتۇنلىرىڭنىڭ
شىپالىق، ئەتىۋار ئىسرىقلىقىنى.

## كەۋسەر

چوڭ چىڭگىل يايلىقىنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئۇسسىدۇق دەپ بىر كىگىز ئۆيگە كىرسەك؛
"ھە، قېنى كەۋسەر" دېگەن ئىدى بىرى،
ئەپكېلىپ قىمىز قۇيدى بىر كېلىنچەك.

قىمىزدىن لەززەتلىنىپ، شۇڭا ئۇنى
"كەۋسەر" دەپ ئاتايدىكەن دەپ قاپتىمەن.
قىزىرىپ كەتتىڭ دېسە بىرى ماڭا،
"كەۋسەر"نىڭ تەپتىغۇ بۇ، دەپ ساپتىمەن.

شۇ سۆزدىن كۈتۈرۈلدى ئۆيدە كۈلكە،
قىزاردى ئۇز كېلىنچەك مەندىن بەتەر.
كېيىن بىلسۇن، ئۇنىڭ ئېتى كەۋسەر ئىكەن،
شۇ سۆزنى دەيتتىم يەنە بىلسەم ئەگەر.

## تېۋىلغا

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس.
—خەلق ماقالى.

سۆز ئېچىپ ياغاچلارنىڭ خىسلىتىدىن،
زوقلىنىپ ماختاشقاندا تېۋىلغىنى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىم بىرى ئۇنى ئۇسال ياغاچ دېدى،
ئەمەسمىش ياخشى خىسلەت ئېگىلگىنى.

ياق، ئۇنىڭ ئېگىلگىنى ئەيىب ئەمەس،
گەپ شۇندا: ئېگىلىشكە بەرداشلىقى.
تارتقىنى زوقىمىزنى شۇكى، ئۇنىڭ
ھەقىقەت تەسۋىرىگە ئوخشاشلىقى.

## ئاق

سۈت، قىمىز، قېتىق ھەم قورۇتنى
قازاكەڭ[1] بىراقلا ئاق دەيدۇ.
ئايرىلسا ئاقتىن ئۇ، باشقىسى
گېلىدىن ئېتىملىق ئۆتمەيدۇ.

ئايرىساڭ قازاقنى شۇ ئاقتىن،
قازاقنى جىق ئىنكار قىلغىنىڭ.
ئاق بەرمەي قازاققا، قايسىڭ بار
چارۋىدىن مول ھوسۇل ئالغىنىڭ؟

ئاق ئىچىش كونىلىق سانالسا،
قازاكەڭ كەچمەس بۇ كونىدىن.

---

[1] قازاكەڭ— قازاقلارنىڭ ھۆرمەت، يېقىنچىلىق بىلەن ئاتىلىشى.

ئاق دېگەن قازاقنىڭ ئۆز ئەجرى،
ئەلامۇ ئادەمنىڭ خۇنىدىن؟

ئاق بىلەن تۆرەلگەن قازاقنى
ئېقى يوق جەننەتكە ئۈندىمە.
ئۇ ئاقسىز ھومايسا، پەيلىنى
بۇزدى دەپ قازاقتىن رەنجىمە.

* * *

قازاكەڭ، ئاق بەرمەس باشلىققا
يولىما، يولۇقسا يۈز ئاچما.
مەيلى ئۇ چىللىسۇن، زورلىسۇن،
"ئۆتمۈشنى ئەسلەش"كە قاتناشما.

يايلاقنى ئۆزگەرتكىن يېڭىچە،
تەبىئەت ئىلكىدە قۇل بولسۇن.
ئەجرىڭدىن مول ئۈنۈم ئالغانچە،
ئۆيۈڭدە ئاق شۇنچە مول بولسۇن.

## كۆكتوقاي

"كۆكتوقاي" دەپ ئاتالغان بۇ يۇرت
ئورالغان قات-قات تاغ، ئېدىر بىلەن.

سىز بىلەمسىز، ئۇنىڭ تەكتىنىڭ
تولغانلىقىنى قانداق سىر بىلەن؟

ئۇنىڭ ئۈستىدىن، ئاسمان قەرىدە
سۈنئىي ھەمراھلار ئۇچۇپ ئۆتىدۇ.
ئالەم ئاتلىق سىرلىق كىتابنىڭ
ۋاراقلىرىنى ئېچىپ ئۆتىدۇ.

زامانىنىڭ ھېكمەتلىك داستانى بۈگۈن
سۈنئىي ھەمراھنىڭ نازۇك خىزمىتى.
كىم ئېيتىدۇ جەۋلان قىلدى دەپ
كۆكتوقايسىز ئۇنىڭ خىسلىتى.

سۈنئىي ھەمراھ— ئۇلۇغ مۆجىزە،
ئالەم سىرىغا شۇڭغىغان لاچىن.
بىلەمسەن، ساڭا قانات بەرگۈچى
ئەمەسمۇ بۇندىكى مەدەن قازغۇچى—
لاۋجاڭ، ئۆمەر ياكى توقتاسىن.

يوسۇن بىلسەڭ،
ئەي سۈنئىي ھەمراھلار،
سالام بېرىپ ئۆتكىن بۇ يەرگە!
سالام بېرىپ ئۆتكىن بۇندىكى
لاۋجاڭ، توقتاسىن ھەمدە ئۆمەرگە.

# چۆلدىكى ئۇچرىشىش

"ئۆسەرقان" ئىسىملىك شوپۇرنىڭ
شۆھرىتى ئالتايدا بىر داستان.
نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ بىخەتەر
يۈز تۈمەن چاقىرىم يول باسقان.

كۆكتوقاي كانىدا—يۇرتىدا
مەن ئۇنى يازاي دەپ ئىزدىدىم.
ھەر قېتىم بارسام، ئۇ سەپەردە،
كۆرەلمەي، ئامال يوق، يازمىدىم.

* * *

سەپەردە ئىدۇق بىز بىر چۆلدە،
جۇت، بوران ئەۋج ئالدى ھۆركىرەپ.
كۈتمىگەن بىر پەيتتە كوڭكىمىز
چىپپىدە توختىدى ماي تۈگەپ.

يولىمىز ئۈزۈلۈپ توختىدۇق،
ئايرىلىپ قالغاندەك ئاياقتىن.
ھەم چاڭقاپ تەشۋىشكە چۈشكەندە،
كۆرۈندى بىر كوڭكا يىراقتىن.

ئۇ يېقىن كەلدى-دە، توختىدى،
بىزدىن ھال سورىدى شوپۇرى.
ئايراندىن بىر-بىرلەپ يۇتقۇزۇپ،
بىر چېلەك ماي بەردى ئاخىرى.

ئايراندىن روھىمىز جۇش ئۇردى،
گوياكى جان سۈيى ئىچكەندەك.
ماي بىلەن كوڭكىمىز جانلىنىپ،
بولدۇق بىز مەنزىلگە يەتكەندەك.

تەشەككۇر ياغدۇرۇپ، ئىسمىنى—
سورىساق، دېدى ئۇ: ”ئىشچى مەن“.
كۆپ ئۆتمەي بىلدۇق بىز: ئۆسەرقان—
شۇ ئىكەن يول باسقان يۇز تومەن.

ئۆس، دوستۇم، ئاتاڭغا ئاپىرىن،
ياخشى ئات قويۇپتۇ «ئۆسەر» دەپ.
مەن ساڭا يەنە بىر ئات قوياي
خىزىردەك خىسلەتلىك بەشەر دەپ.

## ”باتا“

ئالتاينىڭ ئارال دېگەن يايلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋىلايەتلىك 4-نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ساھىبخانە (ھازىرقى ”ئالاقاق“ ئاۋۇلىنىڭ ۋەكىلى) قازاق ئەنئەنىسى بويىچە كۆك قاشقا تاينى يېتە-

لەپ كېلىپ، مەندىن "باتا" (پاتىھە) سورىغان ئىدى. مەن بۇ چوڭ ھۆرمەتكە جاۋابەن تۆۋەندىكى نەزمە بىلەن "باتا" بەردىم.

قازاق ئاۋۇلى بەختلىك بولسۇن،
"ئالاقاق" باغرى شادلىققا تولسۇن.
لەپىلدىگەنچە قىزىل بايرىقى،
مالغا تولسۇن كەڭرى يايلىقى.
چال، كەمپىرلەر بولۇپ خاتىرجەم.
پەرزەنتلەر بەختىدىن قوۋانسۇن ھەردەم.
يىگىت بولسۇن بالىلار كۈلۈپ،
قەدەملىرى چەبدەس يۆتكۈلۈپ.
پەن تۇلپارىنى منسۇن ئىگىلەپ،
ئۇچسۇن بۇيۈك چوققىغا ئۆرلەپ.
ئارقالىقتەك[1] قەھرىمان بولسۇن،
ئەل-يۇرتىغا مېھرىبان بولسۇن.
شەرىپقاندەك[2] ئەقىلدار بولسۇن،
دەلىلقاندەك پىداكار بولسۇن.
بىزىسۇن تىنماي يايلاق ھۆسنىنى،
ئەلەم يۇتۇپ قالسۇن دۈشمىنى.
ماي بولسۇن دائىم قازان-چۆمۈچى،
بېيىسۇن يايراپ روھىي تۇرمۇشى.

---

① ئارقالىق—قازاق خەلقىنىڭ تارىخىي داستانىنىڭ قەھرىمانى.
② شەرىپقان—1930-يىللاردا ئالتايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دېموكرات، مەرىپەتپەرۋەر زات. ئۇ 1940-يىلى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بال تېمىتسۇن بوزداقنىڭ تىلى[1]،
كۆي ئاققۇزسۇن تايىرنىڭ قولى[2].
قىمبات[3] قالغاچتەك ئۇچۇپ يايرىسۇن،
ساندۇغاچ[4] بۇلبۇل بولۇپ سايرىسۇن.
ھارمىسۇن ئاسقار، كۆكەي، ماغازلار[5]،
ئۈزۈلمەي ياڭرىسۇن يېڭى ئاۋازلار.
قىزىپ كەتسۇن ئۆلەڭ بەزمىسى،
كۆڭۈلگە قونسۇن ئاقىن نەزمىسى.
دەۋرىمىز كۈلسۇن ئۆلەڭلىرىمىزدىن،
ئاباي روھىمۇ قوۋانسۇن بىزدىن.
پارتىيىمىزنىڭ ئاتمىش يىللىنى
تەبرىكلەپ چاچايلى ئالقىش گۈلىنى.
توي ئۈستىگە توي بولسۇن بۈگۈن،
كۆي ئۈستىگە كۆي قونسۇن بۈگۈن!

## ئارالدىكى ئۆلەڭ بەزمىسى

ئالتاينىڭ ئارال دېگەن يايلىقى بار،
باغرى ئۈز، جانغا راھەت بايلىقى بار.

---

① بوزداق— ئالتايدىكى پېشقەدەم قازاق ئاقىنى.
② تايىر— ئالتايلىق مەشھۇر كومپوزىتور.
③ قىمبات— ئالتاينىڭ ئاتاقلىق ئايال ئۇسسۇلچىسى.
④ ساندۇغاچ— ئالتاينىڭ ياش ناخشىچىسى.
⑤ ئاسقار، كۆكەي، ماغاز— ئالتايدىكى ئاتاقلىق قازاق يازغۇچى ۋە شائىرلىرى.

تەبىئەت شۇنداق سىزغان بىر سۈرەت ئۇ،
نە ئۇنىڭ كەملىكى، نە ئارتۇقى بار.
بۇ سۈرەت سەنئىتىگە سېلىشتۇرساڭ،
رەسساملار پىرىنىڭمۇ خاملىقى بار.
سۈرەتنىڭ هەربىر سىزىقى، بوياقىدا
قازاقىنىڭ تۇرقى، خۇلقى، پۇرىقى بار.
كىگىز ئۆي شۇ سۈرەتنىڭ بىر چېكىتى،
ئىچىدە رەڭدار، گۈللۈك شىردىقى بار.
كەڭ، سېخىي داستىخىنى هامان ئوچۇق،
ئۈستىدە هالال ئەمگەك قايمىقى بار،
ئاقىنلار دەيدۇ شۇڭا: بۇ يەردىمۇ
گوياكى بېهىشنىڭ بىر تارمىقى بار.
تۈزۈپتۇ بۇندا ئۆلەڭ بەزمىسىنى،
ئات مىنەر[1] ئاقىنلارنىڭ بارلىقى بار.
چۆرىدە كالەن، مۇرات، قۇرمانبېكى[2]،
تۆرىدە ئاپئاق ساقال بوزدىقى بار.
بۇ بەزمە خۇددى ئۆلەڭ يەرمەنكىسى،
بۇيۇمىنىڭ ئۈندىقى بار، بۇندىقى بار.
بۇ بەزمە — ئۆلەڭ تويى، سەنئەت تويى،
هەر كىمنىڭ تويغا لايىق تويلۇقى بار.

① ئات مىنەر — هۆرمەتلىك ياكى نوچى مەنىسىدە.
② كالەن، مۇرات، قۇرمانبېك — ئالتايلىق خەلق ئاقىنلىرى.

هەر ئۆلەڭ يىپقا تىزغان بىر مەرۋايىت،
ئاقىنىنىڭ بۇنداق سانسىز تىزىقى بار.
ئۆلەڭنىڭ ھەر ۋەزنىدە ئالتايلىقنىڭ
يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان شادلىقى بار.
ياڭرايدۇ پەزىلەتكە مەدھىيىسى،
ئىللەتنى چىمدىپ ئالار تىرنىقى بار.
يۈگرىسە بەزى ئاقىن مارال بولۇپ،
بىرىنىڭ قۇرغان قاپقان-قىلتىقى بار.
مارالمۇ بوش كەلمەيدۇ، ئەپلەپ تۇرۇپ،
قاپقاننى چاقىدىغان تۇيىقى بار.
مۇبادا ئۇنىڭ بىرى بىلىق بولسا،
بىرىنىڭ تاشلايدىغان قارمىقى بار.
قالدۇرار بىلىقچىنى نادامەتتە،
بىلىقنىڭ ئالدايدىغان قۇۋلۇقى بار.
سانجىسا جورىسىغا سۆز تىغىنى،
ئارقىدىن ئەملەيدىلغان چاقچىقى بار.
ئېيتىشتى قىز-يىگىتمۇ جومباق ئۆلەڭ[1]،
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئامرىقى بار.
ئارالمۇ چەكلىك، بىراق ئۆلەڭ دېگەن
دولقۇنلۇق دېڭىزكى، نە قىرغىقى بار.
بىر ئۆلەڭ ئېيتالمىسا قازاق تۇرۇپ،

[1] جومباق ئۆلەڭ—تېپىشماقلىق ناخشا.

قىزارتىپ تەرلەتكىدەك زاڭلىقى بار.
ئۆلەڭدىن قازاكەڭنىڭ هوسۇلى كۆپ،
ئىلهامىنىڭ كەڭرى، مۇنبەت تۇپرىقى بار.
ئۆلەڭگە يېڭىچە روھ، جىلۋە بەرگەن
يەلپۈلدەپ تۇرغان قىزىل بايرىقى بار.
قوبۇل قىل، قازاق دوستۇم، تويۇڭ ئۈچۈن
پېقىرنىڭ مۇشۇنچىلىك تارتۇقى بار.

## غۇنان بەيگىسى

ئارالنىڭ يايلىقىدا ئوتتۇز يىگىت
بەيگىگە چۈشتى ئوتتۇز غۇنان مىنىپ.
شوڭقارنىڭ گويا ئوتتۇز بالاپىنى[①]
ئەمدىلا ئۇچۇم بولغان قاناتلىنىپ.

چېپىشتى بەس-بەس بىلەن يول تالىشىپ،
پەللىگە تېز يېتىشكە ئىنتىلىشتى.
ئالدىدا كەلگەنلەرگە ياغدى ئالقىش،
ئارقىدا قالغانلىرى ”خەپ!“ دېيىشتى.

غۇنانلار ئات بولىدۇ پات-يېقىندا،
بالىلار يېتىلىدۇ يىگىت بولۇپ.

① بالاپان—قۇشنىڭ بالىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسەملا ئۇلاردىكى ئىنتىلىشنى،
يايرايمەن ئىچ-ئىچىمدىن زوققا تولۇپ.

## "قىز قوۋۇار"دا

نۇرتايىنى تارتتى كۈلەش قىز قوۋۇارغا،
ئاتلاندى ھەر ئىككىسى قۇشتەك ئۇچۇپ.
كۆرۈندى يىراقلىشىپ بىر گەۋدىدەك،
كىم بىلسۇن، ئېلىشتى كىم كىمنى قوچۇپ.

بىر چاغدا بۇرالدى-دە، قاچتى نۇرتاي،
كەينىدىن قامچا ئوينىتىپ كۈلەش سۇردى.
گوياكى قىساسكاردەك تۇسكە كىرىپ،
يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە قامچا ئۇردى.

كۈلەشنىڭ ئۇرغىنىدىن يايراپ كۈلۈپ،
بىر تەرەپ چۇرقۇراشتى "تازا سال" دەپ.
بىر تەرەپ ئىچ ئاغرىتتى نۇرتاي ئۇچۇن،
"بولدىغۇ بىچارىگە بەك ۋابال" دەپ.

شۇ تاپتا مەلۇممىدۇ كۈلگەنلەرگە،
كۈلەشنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېچىشقىنى.
يۈرمەكلار نۇرتايغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ،
بىسىلدى دۈمبىسىنىڭ قىچىشقىنى.

# ئەنچى قىزغا[1]

ئېچىمدە بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى بار،
يۈرىكىم ئاياندىمۇ ئۇنئالغۇغا.
شۇ ئەنىنىڭ ۋەزنى بىلەن تولغىنىمەن،
چۆمۈلۈپ ئاشىقلارچە مۇڭ-قايغۇغا.

سورايسەن مۇڭ-زارىمىنىڭ سەۋەبىنى،
چۈشەنسەڭ، بىر چاغدىكى ئەن ئەمەسمۇ.
"ئېچىڭگە جىن كىردىمۇ" دەيسەن تېخى،
ئەن بىلەن كىرىۋالغان سەن ئەمەسمۇ!

1980-يىل ئاۋغۇست، 1981-يىل ئىيۇل، ئالتاي.



[1] ئەن—قازاقچە ناخشا دېگەن سۆز. ئەنچى قىز—ناخشىچى قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مىللەت ھەققىدە

سۆيىمەن دەيدۇ ھەر كىم مىللىتىنى،
مىللەتنى ساتقۇچىمۇ دەيدۇ شۇنى.
سۆيۈشنىڭ راست-يالغىنى شۇندىن ئايان:
يەمدۇ-يوق مىللىتىنىڭ قايغۇسىنى.

تىللىساڭ ھامان باشقا مىللەتنى سەن،
بولامسەن مىللىتىڭنىڭ قەھرىمانى؟
مىللەتكە باشلاپ كېلەر يېتىمچىلىك
مىللەتنىڭ مۇنداق نادان مېھرىبانى.

ئۇ مىللەت پۈتۈنلەيلا داشقال بولۇپ،
بۇ مىللەت كەم-كۈتسىز ئالتۇن ئەمەس.
ئۇ مىللەت پەگادىكى پالاز بولۇپ،
بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.

بېيىدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

ياراتقان سېسىقلىقتا سەسكىنىشنى،
چىقارغان خۇش پۇراقتا ئىشتىياقنى.
يۇيماستىن سېسىقىنى، ماختانسا كىم،
بولغايدۇ ئۆزىدىكى خۇش پۇراقنى.

1981-يىل يانۋار.



## مەتقاسىم قايتىپ كەلدى

مەتقاسىم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ،
ئەتىسى كەلدى ئۇ-بۇ پەتە قىلىپ.
دادۇيىنىڭ مېھرى ئىسسىق سېكرېتارى—
مەتتۇرسۇن دەردمەنلەرنىڭ غەمگۇزارى
كىردى-دە، قۇچاقلاشتى قەدىناسلار،
ئۇن سېلىپ يىغلاشقىلى قالدى تاسلا.
تىنىشىپ ئۇلۇغ-كىچىك سۆز باشلىدى،
ياق، سۆزنى ئالدى بىلەن كۆز باشلىدى.
سۇرتۇشۇپ ئالقان بىلەن كۆزلىرىنى،
تەسلىكتە ئىزغا سالدى سۆزلىرىنى.
مەتتۇرسۇن دېدى: "قېنى، سۆزلە غېرىپ!"
مەتقاسىم گەپكە چۈشتى كۆڭلى ئېرىپ:

. . . مەن ھەۋەس قىلغان ئەمەس ياقا يۇرتنى،
ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم دەردنى.
"دولقۇن"دا يىقىلغانچە تاغار يۇدۇپ،

ئايخانمۇ ئۆلدى، قالدىم مەن قان يۇتۇپ.
قوچاقتا قالغان بالام بىقىش تاپماي،
ماڭمىدى ئۈچ ياشقىچە سۆڭەك قاتماي.
تاپقىلى تۇزۇك شىپا، چامىم يەتمەي،
شياۋدۇيگە بەش كويچەنگە لەۋزىم ئۆتمەي؛
بالامىۇ كەتتى... ئېتى «توختى» ئىدى،
«توختى» دەپ ئات قويسامىۇ توختىمىدى.
ئۆلگەننى ئۇزاتمىدىم قارا تۇتۇپ،
يا نەزىر قىلالمىدىم ياغ پۇرۇتۇپ.
مەن قالدىم يىتىمسىراپ، تىغ جان بولۇپ،
بىر ۋەيران نەچچە ھەسسە ۋەيران بولۇپ.
شۇندىمۇ ئۆز-ئۆزۈمگە مەدەت بىرىپ،
ئىشلىدىم ھەر جاپاغا كۆكرەك كىرىپ.
ھەر يىلى ئۈچ مىڭدىن كۆپ نومۇر ئېلىپ
ئىشلىسەم، قويدى يەنە قەرزدار قىلىپ.
يىمىدىم ئايلاپ بىرەر تەملىك تاماق،
ئۇچامغا ساپقانلىرىم سەكسەن ياماق.
تەر تۆكۈپ، ئۈنچە-مارجان ئارزۇلىشىپ،
تۆگەشتۇق ئۆزىمىزمۇ رودۇلىشىپ.
ھار كەلدى بۇ ئەلەملەر، داد ساپتىمەن،
«كوللېكتىپ ئالدامچىكەن» دەپ ساپتىمەن.
باغلاندى ئاياغ-قولۇم شۇ گەپ ئۇچۇن،
سازايى قىلدى ئۇرۇپ ئىبرەت ئۇچۇن.
ۋەزىپەم توڭنى قازماق، شۇنداق قىيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نېسىۋەم تاياق-دۇمبا ئىشتىن كېيىن.
قاقشىدىم، قاقشىغانغا باقمايدىكەن،
جان دېگەن چىڭ يەردىكەن، چىقمايدىكەن.
ئاز ئەمەس شۇندا ماڭا ئېچىنغىنى،
چىقمىدى قۇتقۇزۇشقا پېتىنغىنى.
ئۇ چاغدا كادىرلارنىڭ ھالى چاغلىق،
كۆپىنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلاغلىق.
سىنىمۇ باغلاپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى،
داڭزىغا "خائىن" قىلىپ پۈتكەن ئىدى.
ئېيتقىنا، كىمىمىز بار يۆلىگىدەك؟!
يولىمىز بولدى سىرات كۆۋرۈكىدەك.
شۇ پېتى ئۆلۈشۈمنى سېزىپ يەتتىم،
ئامال يوق، يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىم.
ئايرىدى يۇرتتىن شۇ بىر ئېغىز سۆزۈم،
كەينىمدە قالدى مېنىڭ ياشلىق كۆزۈم...

يۆلىنىپ يەتتە زاغرا، بىر قاپاققا،
يول ئالدىم دەردمەن بېشىم قايغان ياققا.
بىلمىدىم يول دېگەننىڭ دۆڭ-ئويىنى،
بىلمىدىم ياقا يۇرتنىڭ يەر-سۈيىنى.
كۆرۈنەر ھەممە ماڭا چەكچەيگەندەك،
ئىتلارمۇ مېنى تونۇپ ھۆرپەيگەندەك.
تاغ-ئېدىر مېنى توسۇپ تۇتماقچىدەك،
دەريالار مېنى يالماپ يۇتماقچىدەك.

ئىزلىرىم خوددى ماڭا ئايغاقچىدەك،
ئۆز سايەم ئىز قوغلىغان پايلاقچىدەك.
چوڭ خەتلىك گېزىتلەر شوم ئالامەتتەك،
"توتوڭلار مەتقاسىمنى!" دېگەن خەتتەك.
قىلغاندەك ھەممە نەرسە تەپتىش مېنى،
ئىلكىگە ئالدى قارا تەشۋىش مېنى. . .
يەكەندە تونۇش شوپۇر يولۇقتى-دە،
ئاپاردى ئۇرۇمچىگە بىر ھەپتىدە.
ئۇ چاغدا ياداپ كەتكەن ئۈرۈمچىمۇ،
كۆپ ئىكەن ماڭا ئوخشاش يېتىمچىمۇ.
ئېپىنى تاپقۇچىلىك بىرەر ئىشنىڭ،
نەشتىرى كەلدى سانجىپ قارا قىشنىڭ.
بىر مەزگىل جان ساقلىدىم سوكسوك سېتىپ،
بۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىگەچ، بېشىم قېتىپ،
قىلغىلى تاس قالغاندا تىلەمچىلىك،
ئەسقاتتى شۇ ھۈنىرىم — گىلەمچىلىك.
ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ كارخانىدا،
ئىشلىدىم باش چۆكۈرۈپ پىنھانىدا.
ھۈنىرىم ياققاچقىمۇ باشچىلارغا،
بەك ئىجىل بولغاچقىمۇ ئىشچىلارغا،
ساق قالدىم "يىغىۋېلىش" بولغاندىمۇ،
كۆيمىگەن پاختا ئوخشاش يانغىندىمۇ. . .
كۆپ ئۆتمەي جاھان بىرئاز ئارام تېپىپ،
مەندىنمۇ ئاستا-ئاستا تەشۋىش كېتىپ؛

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچلىك چىقىپ باقتىم تالا-تۈزگە،
كۆرۈندى خېلى ئىللىق جاھان كۆزگە.
ئاڭلىدىم كەلگەنلەردىن ئىلچىدىن گەپ:
يۇرتتىكى ئەنسىزچىلىك تىنچىدى دەپ.
ئاڭلىدىم سېنى چىقتى تۈرمىدىن دەپ،
دەس تۇردى يېڭىباشتىن ئورنىدىن دەپ.
بۇ يىل ياز تەگكەن چاغدا يازغان خېتىڭ،
كەلدى-دە كۆز ئالدىمغا قىياپىتىڭ.
ئەسلىدىم بىزگە ئامەت قونغان يىلنى،
يېزىدا كوپىراتىپ قۇرغان يىلنى.
سەن بىزگە قىلغان ئىدىڭ باشلامچىلىق،
تۆت-بەش يىل بولغان زەپمۇ ئوبدانچىلىق.
ئەگىشىپ ساڭا، پۇشايمان يېمىگەنتىم،
كوللېكتىپ ئالدامچىكەن دېمىگەنتىم.
نەچچە رەت نەمۇنىچى بولغان ئىدىم،
توي تارتىپ ئايخاننىمۇ ئالغان ئىدىم.
ئاردىن يىلمۇ ئۆتمەي، ئىشىم ئوڭماي،
قەدىمىم داجىپ كەتتى، ئالغا ماڭماي.
يۆلىكىم ئانام ئۆلدى سۇنۇپ بېلى،
بۇ ئىدى "مارشال تەختكە چىققان" يىلى.
چۈشەنمەي، ئۆچتى ئامەت چىرىغى دەپ،
ئايخاننىڭ ياراشمىدى ئايىغى دەپ،
بىچارە خوتۇنىمۇ زار يىغلىتىپ،
خېتىنى ئوپۇل-توپۇل بېرىۋېتىپ؛

پېشكەلدىن قۇتۇلارمەن ئەمدى دېسەم،
تېخىمۇ رودۇلاشتىم يالغۇز ئۆزەم.
سولاشتىم ئۆزۈم بارۇ جېنىم يوقتەك،
بوپ قالدىم يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك...
بىر كۈنى ئاخشىمى سەن يوقلاپ كېلىپ،
ھالىمغا ئېچىنىپ ھەم تەنقىد قىلىپ:
"... چىقتىمۇ خوتۇن قويۇپ مۈڭگۈز ساڭا؟
پېشكەللىك كەلگەنمىدى يالغۇز ساڭا؟
رەھبەرلىك چاغلىماستىن شىلتىڭ ئېتىپ،
تۇيۇق يول ئارا قالدۇق لايغا پېتىپ.
سۇ كىردى رەھبەرلىكنىڭ بۇرنىغىمۇ،
چۈشىدۇ ئەمدى ئىشلار ئورنىغىمۇ.
چېكى بار ھەر نەرسىنىڭ، ئوغۇل بالا،
ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە مۇنچىۋالا.
ئۆملىشىپ، بۇزۇلغاننى تۈزىتەيلى،
ئۇنۇمنى ئۈمىد بىلەن كۆزىتەيلى.
پىكىرداش بولما ئەمدى داخان بىلەن،
شاققىدا يارىشىۋال ئايخان بىلەن...“ —
دېۋىدىڭ، كۆڭلۈمدىكى گادا ئېرىپ،
لەۋزىڭنى ئالاي دېدىم ۋەدە بېرىپ.
ئايخانغا باردىم ئۆزۈم ئۆزۈر قويۇپ،
كەتمىدى ئۇمۇ ئانچە قۇسۇر قويۇپ.
دېگەندەك، ئىزغا چۈشۈپ سىياسەتمۇ،
ئاينىدى زىرائەتمۇ، دارامەتمۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچ-تۆت يىل ئۆتۈپلا بىر قويۇن چىقتى،
كۈلكىلىك، قورقۇنچلۇق ئويۇن چىقتى.
ئەۋج ئالدى زوراۋانلىق، ھىيلە-مىكىر،
چىقىشتى يەر ئۈستىگە مۇنكىر-نىكىر.
چىقمىدى كۈتكەن يەردىن "زور ئىنقىلاب"،
قايتىدىن قۇرغان بىنا چۈشتى غۇلاپ.
نەس باستى مېنى يەنە شۇندىن بېرى،
نائېنىق ئىدى ماڭا بۇنىڭ سىرى. . .
چىدالماي، كوللېكتىپنى ئالدامچى دەپ،
ھاقارەت، دۇمبالىمۇ تويغىچە يەپ؛
دادلىسام دادگاھقا، سۆزۈم ئۆتمەي،
يۇرتۇمدا ساق قېلىشقا كۆزۈم يەتمەي؛
بېشىمنى ئېلىپ قاچتىم چوڭ گورزىدىن،
مىڭ تەستە نېرى بولدۇم گۆر ئاغزىدىن.
ئېسىمدە، سەن شۇ چاغدا— سولانماستا
دېگەنتىڭ قۇلىقىمغا شۇنى ئاستا:
"ئۆچىدۇ ئوتمۇ ئاخىر يېنىپ-يېنىپ،
تاپىدۇ قوزۇقىنى ئات ئايلىنىپ".
راست ئىكەن ئاشۇ چاغدا دېگەن سۆزۈڭ،
يىراقنى كۆرۈپتىكەن سېنىڭ كۆزۈڭ.
ھەقىقىي ئوغلىكەنسەن پارتىيىنىڭ،
تەسىرى جىق سىڭىپتۇ تەربىيىنىڭ.
دېگەندەك، قارا جۇدۇن ئۆتۈپ كەتتى،
بىراقتا دەردى جانغا پېتىپ كەتتى.

ئىشقىلىپ، بۈگۈنكىگە شۈكۈر قىلدىم،
خەتتىكى سۆزلىرىڭنى توغرا بىلدىم.
قالماي دەپ مەنمۇ يولدا ئەلدىن كېيىن،
قايتىشقا بەل باغلىدىم شۇندىن كېيىن. . .

كېلىپلا كۆردۈم خېلى ئوڭشىلىشنى،
خىيالغا كەلتۈرمىگەن ئۆزگىرىشنى.
بىر چاغدا قان يىغلىغان غەمكىن يېزام،
جاپادا ھالدىن كەتكەن ھارغىن يېزام،
شۇمشەيگەن رەڭگى سامان يۇرتداشلىرىم،
تەشۋىشتىن بېشى تۆۋەن يولداشلىرىم
قەددىنى كۆتۈرۈپتۇ يېڭىباشتىن،
قۇرۇپتۇ كۆزلىرىمۇ قانلىق ياشتىن.
كىرىپتۇ خېلى ماغدۇر ئەزايىغا،
يۈگرەپتۇ خۇشال كۈلكە چىرايىغا.
رەتلىنىپ ئېرىق-ئۆستەڭ، ئېتىز تەكشى،
ئاينىپتۇ كۆچەتلەرمۇ شۇنچە ياخشى.
يېڭى ئۆي، يېڭى مەلە بىنا بوپتۇ،
ھەر ئۆيدە ئېلېكترمۇ پەيدا بوپتۇ.
بولغاچقا ئىشلىگەنلەر چىشلەيدىغان،
بولۇپتۇ ھەممە قىزغىن ئىشلەيدىغان.
جاپاغا تۇشلۇق راھەت-ھاردۇقى بار،
مەلىدە گۈش گىردىنىڭ پۇرىقى بار.
مۇشۇنداق كۆڭۈل ئەركىن يايرايدىغان،

ھەر ياندا خۇشال ناخشا ياڭرايدىغان-
كۇنلەرمۇ كېلىدىكەن قايتا بىزگە،
شۇنچە ئۇز كۆرۈنمەكتە يېزام كۆزگە.
قويغاندەك خۇددى ياساپ كۆرگەزمىگە،
قاتقىدەك بولۇپتۇ ئۇ كۈي-نەزمىگە.
دەيسەن: ”بۇ — ئۇزگىرىشنىڭ باشلانمىسى“،
شۇنىڭمۇ ئاز ئەمەسكەن ھەشقاللىسى.
ئىش ماڭسا چېچەك چىقماي مۇشۇ پېتى،
تېخىمۇ گۈل بولىدۇ قىياپىتى.
ئىشقىلىپ، ئوڭشىلىپتۇ يۇرتۇم شۇنچە،
ھەسسەم يوق بۇ ئىشلاردا، ئامال قانچە.
شۇڭلاشقا يېشىم ئاقسا خۇشاللىقتىن،
بىر تۇرۇپ ئۇھ تارتىمەن خىجىللىقتىن.
قىلمىدى ھېچكىم تاپا-تەنە ماڭا،
قارايدۇ سۆيۈنگەندەك ھەممە ماڭا.
ئوڭشالغان يېزام ماڭا كۈلۈپ تۇرسا،
ھەمدەملىك قوللىرىنى سۇنۇپ تۇرسا،
مەن ئاڭا يەنە تەتۇر قارامدىمەن،
چىرايلىق جاۋاب بەرمەي تۇرامدىمەن!
ئىشلەيمەن كوللېكتىپقا ھەقدار بولۇپ،
قالمايمەن زامانەمگە قەرزدار بولۇپ.

1981-يىل ئەتىياز، خوتەن-ئۈرۈمچى.

## بۇ قەيەر؟ بۇ كىم؟

ئىككى ياندا ئەگىم-ئەگىم ئىككى قاش،
مۆشكى ئەنبەر سۇمبۇلى مول ئۈستىدە،
ئاستىدا ئويناپ تۇرار ئاھۇ كۆزى.
تېخىمۇ مەپتۇن قىلار ئادەمنى ئۇ،
بولسا خان ئەتلەسلىرى ئۆز بەستىدە.
بۇ قەيەر ھەم كىم ئۆزى؟
ئېيتىڭا، خوتەنمۇ يا خوتەن قىزى؟

1981-يىل مارت، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خوتەن قىزىنىڭ ئارزۇسى

ھەممە خەق جاڭنەننى تەرىپلەيدىكەن،
"كۆكتە جەننەت، يەردە سۇجۇ" دەيدىكەن.
يەنە بىر نامى "يىپەك يۇرتى" ئۇنىڭ،
رەختلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن.

ئوقۇدۇم سۇجۇدا مەنمۇ نەچچە يىل،
كۆرگىنىم بولدى شۇ تەرىپكە دەلىل.
شۇندا ئۆز يۇرتۇم ئېسىمگە كەلسىلا،
بولىمەن بەكمۇ خىجىل، بەكمۇ خىجىل.

زور ئىدى بالدۇر خوتەننىڭ شۆھرىتى،
ئۇ ئىدى "يىپەك يولى"نىڭ زىننىتى.
چۆگىلەپ تەتۈر پەلەكنىڭ گەردىشى،
شۆھرىتى سۇندى، گاداي بولدى ئېتى.

ئۆچمىلىكنى كۆز يېشىدا سۇغۇرۇپ،
غۇزىدىن جان رىشتىسىنى سۇغۇرۇپ،
ئۆزىگە بولماي نېسىپ ئەتلەس، تاۋار،
ئۆتتى ئۇستام ماز چاپانغا ئورۇلۇپ. . .

تاڭ ئېتىپ، كەتتى تالاي دىشۋارچىلىق،
كۆپ تېخى ئەتلەس ئۈچۈن تەشناچىلىق.
كۆرگۈلۈك بۇ يۇرتتا سۇجۇ رەڭگىنى،
خاس ئەمەس خوتەنگە خام ئەشياچىلىق.

ئەمدى كەلدى ياخشى چاغ ئىشلەيدىغان،
ئەجرىمىزدىن يۇرتىمىز گۈللەيدىغان.
ئارمىنىم شۇ: كەلسە تېز شۇنداق زامان
”كۆكتە جەننەت، يەردە خوتەن“ دەيدىغان.

1981-يىل مارت، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىم ئادرېسى

# ئەمدى مەن تۈزەلدىم

(بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسلىمىسى)

مەن بۇرۇن راستىنلا
بەتقىلىق شۇم ئىدىم.
مەكتەپكە تۈزمىدىم،
تۈزۈمگە كۆنمىدىم.

ئاتامدىن قورقاتتىم،
ئانامنى گوللايتتىم.
سىڭلىمنى دوقۇسلاپ،
ئاكامنى تىللايتتىم.

مەكتەپكە بار دېسە،
بوغچامنى ئاساتتىم.
ئىشىكتىن چىقىپلا،
بازارغا قاچاتتىم.

چىلىق تۇتسا، مەكتەپكە
باراتتىم قىيىنىدا.
سىنىپتا تۇرسامۇ،
خىيالىم ئويۇندا.

تەنەپپۇس ۋاقتىدا
ئۇرۇشتۇم، سۇندۇردۇم. . .
"چەللىدە ئات چاپار
شۇمتەك" دەپ نام ئالدىم.

دەرستە نومۇرۇم
ئاساسەن نول ئىدى.
سىزلىگەن دوستلىرىم
كېيىنچە سەنلىدى.

مۇئەللىم كۆيۈنۈپ،
تەربىيە بەرسىمۇ،
كىرمەيتتى قۇلاققا
مىڭدىن بىر سۆزىمۇ.

يار-يۆلەك بولسىمۇ
تىرىشچان دوستلىرىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرىسى

بىر يەردە بولۇشقا
يوق ئىدى خوشلىقىم.

بىر يېقىن ئاغىنەم
بار ئىدى ئۆزۈمدەك،
دۇنيادا ئىككىمىز
ھەممىدىن گۈزەلدەك.

ئىككىمىز تېپىشساق،
كۆڭلىمىز شات ئىدى.
ئويۇندىن باشقىسى
بىز ئۈچۈن يات ئىدى.

ئويۇننىڭ كەينىدە
نەلەرگە بارمىدۇق.
مەكتەپنى، ئۆينىمۇ
رەنجىتىپ ھارمىدۇق.

بىز ئۈچۈن تار ئىدى
شەھەرنىڭ كوچىسى.
بىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك
كۈندۈزدىن كېچىسى...

مۇشتلاشنى ئۆگەندۇق،
بولۇشتۇق توقماقچى.
پۇلنى دەپ تەپ تارتماي
بولدۇق بىز يانچۇقچى.

بىر كۇنى ئاغىنەم
كەتكەنتى يوقۇلۇپ؛
ئۇقۇشسام، قاپتۇ ئۇ
ساقچىغا تۇتۇلۇپ.

مېنىمۇ سۇر باستى،
تەر چىقتى بېشىمدىن.
چۇشتۇم مەن تەشۇشكە
قىلىقسىز ئىشىمدىن.

ساقچىدىن ئەنسىرەپ
كوچىدا يۇرەلمەي،
ئاتامدىن ئەيمىنىپ
ئۆيگىمۇ كىرەلمەي؛

گاڭگىراپ تۇرغاندا
مۇئەللىم ئۇچرىدى.
پېشىمنى تارتتى-دە،
مەكتەپكە يۇر، دېدى.

قىچىشقا پېتىنماي،
ئامالسىز ئەگەشتىم.
ئىچىمدە ئويلىدىم:
”ئەمدى مەن تۇگەشتىم...“

مەكتەپكە كەلگەندە،
مۇئەللىم گەپ قىلدى.
-نېمە بولدۇڭ، —دېۋىدى،
يۈرىكىم ”قات“ قىلدى.

—بىلمەن، دېدى ئۇ، —
ئاغىنەڭ قاماقتا.
يوق ئىكەن ئالاقەڭ
بۇدوقى چاتاقتا.

ئۇنىڭدىن بىر قەدەم
ئارقىدا قالغانسەن.
بەلكى بىر تاسادىپ،
ئۆزۈڭمۇ تويغانسەن.

چۆچىسەڭ بۇ ئىشتىن،
راست يانساڭ پەيلىڭدىن،
ساقچىمۇ ھېچقاچان
ئىزدىمەس كەينىڭدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈڭدىن جاي بەرسەڭ
ئىلىمگە، ئەخلاققا،
تاپاتتىڭ داغدام يول،
پاتمايتتىڭ پاتقاققا.

ھېلىمۇ ئۆكۈنسەڭ،
تاپىسەن يولۇڭنى.
پاتقاقتىن تارتىمىز
ئۇزاتساڭ قولۇڭنى. . .

بۇ سۆزنىڭ تەپتىدىن
تەر ئاقتى چىپىلداپ.
ئۆزۈمنى تۇتالماي
يىغلىدىم بۇقۇلداپ.

تەر بىلەن يۇيغاندەك
بولدۇم مەن يۈزۈمنى.
ياش بىلەن ئاچقاندەك
بولدۇم مەن كۆزۈمنى.

ئۆكۈندۈم ئۆزۈمگە،
يىرگەندىم پەيلىمدىن.
ئوغرىلىق زاڭلىرى
تۆكۈلدى قوينۇمدىن. . .

گوياكى قۇتۇلدۇم
چىرمىغان يىلاندىن.
شۇ چاغدا مۇئەللىم
بىر قاقتى دولامدىن.

قۇچتى بىر ئىللىقلىق
مېنىڭ مۇز دىلىمنى.
تەلپۈنۈپ ئۇنىڭغا
ئۈزاتتىم قولۇمنى...

* * *

ئارىدىن يىل ئۆتتى،
ئەمەسمەن غەۋغاچى.
يېقىندا ئاتالدىم
سىنىپتا "ئەلاچى".

مەكتەپمۇ شۇنچە خۇش،
رازى مەن ئۇنىڭدىن.
ئاتاممۇ، ئاناممۇ
خاتىرجەم مېنىڭدىن.

1981-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# سېكرېتار ئوقۇيدۇ ناۋايىنىمۇ

ئاشۇ رايوننىڭ ئادەملىرىگە
كىم بەرگەندۇ بۇنچە بەدئىي دىتنى؟
ئېسى بار ئادەمنىڭ بەرى توقۇيدۇ
ئاز دېگەندە بىر-ئەر بېيىتنى.

بەزىلەر دەيدۇ: ئۇدۇمى شۇنداق،
بەزىلەر دەيدۇ: ھاۋاسى ياخشى.
ئۇدۇمغا ئەركىن نەپەس بولمىسا،
بولمايتتى مۇنچە باھاسى ياخشى.

باشقا سەۋەبى بارمۇ دەپ سوراپ،
تاپتىم يەنە بىر جاۋابىنىمۇ:
چۈنكى سېكرېتار—بىرىنچى باشلىق
ئوقۇيدىكەن ناۋايىنىمۇ.

1981-يىل باھار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ

يەردە بىللە ئىشلىگەندە ئىككىمىز،
ھەممە خەق زوقلانغۇدەك ئامراق ئىدۇق.
ئىپتىشاتتۇق بىللە مۇڭلۇق ناخشىنى،
شوخ، خۇشال كۆيلەرگىمۇ ئورتاق ئىدۇق.

كۆتمىگەندە مەرتىۋەڭ ئۈستى سىنىڭ،
تايلىق، ئەسقاتتى تاغاڭنىڭ ياردىمى.
كۆرمىدىم شۇندىن بېرى ھەم باقمىدىڭ،
سەن بولۇپ ئايروپىلاننىڭ ئادىمى.

ئەمدى بىلدىم، شۇڭا باقماپسەن ماڭا،
يەردە بولغاچقا ھامان ئورنۇم مېنىڭ.
سەن ئۆزۈڭ ئاسماندا تۇرساڭ غاديىپ،
قارىسام، ئاغرىيدىكەن بوينۇم مېنىڭ.

* * *

يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ،
چىقىدۇ ئاسمانغىمۇ يەردىن كىشى.
ئالىدۇ قايتىپ يەنە يەردىن ئوزۇق،
يەرگە باغلىق خەلقى ئالەمنىڭ ئىشى.

1981-يىل ماي، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# موزاي بىلەن تۈلكە

تۈلكە كۆرۈپ باغلاقتىكى موزاينى،
قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتتى تولغۇنۇپ.
"ۋاي بىچارە، —دېدى، —ساڭا نېمە كۈن،
قالغانمىدىڭ بوغۇلۇشقا توغۇلۇپ؟"

"ئامال قانچە، -دېدى موزاي خورسىنىپ، —
شۇنداق بىزار بولدۇمكى بۇ باغلاقتىن..."
"ئۇنداق بولسا، —دېدى تۈلكە، —مەن ساڭا
ياردەم قىلىپ قۇتقۇزاي بۇ قىيناقتىن."

"شۇنداق قىلساڭ، —دېدى موزاي يالۋۇرۇپ، —
شۇ ئەجرىڭگە ئۆينىتاي مەن مىندۇرۇپ."
تۈلكە شۇ ئان يېشىپ ئۇنى باغلاقتىن،
مىنىۋالدى ئوبدان پەيتنى كەلتۈرۈپ.

كەلدى ئۇلار بىر بىدىشنىڭ ئاستىغا،
موزاي ياپراق يېدى، تۈلكە ئۈستىدە.

نەدىن بىلسۇن موزاي ئۇنى، ”نىجاتكار“
شوتا قىلدى ئۆزۈم يېيىش قەستىدە.

موزاي ياپراق يالماش بىلەن ئاۋارە،
تۆلكە يېدى ئۆزۈملەرنى تويغۇچە.
چېچىلغاننى ئاتا قىلىپ موزايغا،
تىكىۋەتتى بىرەر شەپە بولغۇچە.

ئۇزۇن ئۆتمەي كېلىپ قېلىپ خوجايىن،
بولۇشچە يېدى موزاي دۇمبانى.
ئۇقماي ئۇرۇپ بولماس موللا قىلغىنى
گۇناھىنى بىلەلمىگەن جانۋارنى.

1981-يىل 20-ماي، بېيجىڭ.



# ئانا مېھرى

بالا يىغلاپ قىلسا قەغىشلىق،
ئانا ئۇرمايدۇ ئاغزىغا ھەرگىز.
بەلكى ئۆكۆپ،
باغرىغا بېسىپ،
دەيدۇ: ”قوزام، نېمە بولدىڭىز؟“

ئانا پەرۋانە ئۇنىڭ دەردىدە،
بەخش ئېتىپ جىمى ئىشتىياقىنى.
بىردەم پەپىلەپ،
بىردەم ئەمدۈرۈپ،
قۇرۇغدايدۇ بىردەم زاكىنى.

ئاچچىق دورىمۇ بېرىدۇ ھەتتا
ئاجرىمىسۇن دەپ بالا باغرىدىن.
دورىمۇ شىپا،
بىراق دورىمۇ
ئەلا ئەمەس ئانا مېھرىدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالا چوڭ بولۇپ ئەركىلىسىمۇ
كۆتۈرىدۇ مېھرىبان ئانا.
تۇزكور بولۇپلا كەتمىسە زادى،
بۇتناشلارنى سانىماس گۇنا.

ئاغرىق بولسىمۇ،
ياكى كەمبەغەل،
قەدىرلىكدۇر ئۆز ئاناڭ يەنە.
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا سەھەتلىك،
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا تەنتەنە؟

تەڭ بەدەل بارمۇ ئانا ئەجرىگە؟
تەڭ باھا بارمۇ ئانا قەدرىگە؟
تەڭ ۋاپا بارمۇ ئانا مېھرىگە؟
تەڭ جازا بارمۇ ئانا قەھرىگە؟

كۆتۈرۈشلۈك ئانا ھەممىدىن،
بىراق بۇنىڭمۇ چېكى يوق ئەمەس.
بوزەك قىلغۇلۇق ئەمەس ئاننى،
ئانا ھەرگىز بوسۇنچۇق ئەمەس.

دۇنيادا ئەڭ گۇناھ ئىش نېمە؟
ئانا قەرزىنى ئادا قىلمىغان.
دۇنيادا ئەڭ ئۇيات ئىش نېمە؟
ئانا دەردىگە دەرمان بولمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياشاش نە قەدەر گۈزەل، كۆڭۈللۈك،
ئانا ئالدىدا بولماي گۇناھلىق.
ئۆلۈمىڭمۇ بولىدىكەن توي،
ئالالىساڭ ئۇندىن رىزالىق.

1981-يىل ماي، بېيجىڭ.



# ئاتمىش يىلىمىز

—جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئۆتۈپ كەتتى ئاتمىش يىلىمىز،
ئارقىدا قالدى
دەل ئاتمىش يىل ماڭغان يولىمىز.
قايرىلىپ قاراپ ئىزلىرىمىزغا،
مەغرۇرلىنىمىز،
ھەيران قالىمىز.
بىر ھېسابتا
چوڭقۇر مەنىلىك
ئاتمىش توملۇق كىتاب يېزىپتۇق،
موللا بولۇپ قاپتۇق خېلى بىز.

ئاتمىش يىللىق بايان ئۆزگىچە،
نېمىشقا دېسەڭ،
بولدى ئاردا جاھان ئۆزگىچە.
جاھان نېمىشقا ئۆزگىچە دېسەڭ،
بىز ياشىغان زامان ئۆزگىچە.

زامان نېمىشقا ئۆزگىچە دېسەڭ،
بىز يۈزلەنگەن نىشان ئۆزگىچە.

بۇ نىشاننى تاپتۇق شۇ يەردىن:
تارىخنىڭ ئۇلگە-ساۋاقلىرىدىن.
ساقاللىق ئىككى دانىشمەن پۈتكەن
«خىتاپنامە» نىڭ ۋاراقلىرىدىن.
تاپتۇق بىز ئۇنى
پارىژدىكى قانلىق مەيداندىن.
تاپتۇق بىز ئۇنى
تەكەببۇر، سۇرلۇك قىشلىق سارايىنىڭ
غۇلىغان ئوردا راۋاقلىرىدىن.
تاپتۇق بىز ئۇنى
"4-ماي" سىناقلىرىدىن...

شۇ نىشان بويلاپ
ۋەتەندە يېڭىچە كۈرەش باشلىدۇق،
«ئىنتېرناتسىئونال» مارشىنى توۋلاپ.
كۆمدۇق ئاخىرى
قان شوراپ ئەلنى مۈكچەيتىۋەتكەن
ئۈچ رودۇپاينىڭ گۆرىنى كولاپ.
قىرى جۇڭگو ياشاردى قايتا،
چۈنكى دەردكە دەرمان ياراتتۇق،
باھار چىراي دەۋران ياراتتۇق
باھار تېگى ئاتقاچقا پارلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەپ سىپلىڭلار،
نېمىلەر يۇلۇنۇپ،
نېمىلەر ئۇندى؟
نېمىلەر ئۆچۈپ،
نېمىلەر ياندى؟
كۆرسىلەر پەقەت مۇزېيخانىدا
ئادەم يەيدىغان
تىرىكتاپىلارنىڭ تەختىنى ئەمدى.
ئەنە قاراڭ،
ئۇچ بالا تېغى غۇلىغان يەرگە،
رېئاللىققا ئايلىنىپ خىيال،
سوتسىيالىزم بىناسى قوندى.

كومپارتىيەم،
سادىغاڭ بولاي،
ئاتمىش يىللىق باشلامچىمىز سەن.
ئاتمىش يىللىق سەپەر ئۈستىدە
ئالغا ئۇندىگەن ئىلھامچىمىز سەن.
سەن بىلەن بىز تاپتۇق نىجاتلىق،
سەن بىلەن قوندى كۆڭۈلگە شادلىق،
سەن بىلەن مەنىلىك بىزگە ھاياتلىق،
شۇڭا بىز ئۈچۈن جاندىن ئەزىز سەن.

1981-يىل 1-ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم

ئەي قەدىم جاي،
قورغاس بويلىرى—
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق!
سېنى سېغىنىپ كەلدىم يىراقتىن،
ھاياجاندىن "تەنلىرىم ياپراق".

ياش ئەگىگەن كۆزلىرىم بىلەن
باغرىڭغا تويماي قاراۋاتىمەن.
ئۇچۇمۇمغا توپاڭنى ئېلىپ،
چوڭقۇر تىنىپ پۇراۋاتىمەن.

شۇ تاپتا ساڭا تامغان ياشلىرىم
بەلگە بەرگەنمىدۇ كىندىك قېنىمدىن.
ياكى سېنى پۇرىغان چاغدا
تونۇغانسەن تىنىقلىرىمدىن.

يا رەڭگىمگە قاراپ تىڭىرقاپ،
بۇ چار ساقال كىمدۇ دېدىڭمۇ؟
يا ئاۋازىم پەدە چاققاندەك
جىغىلدىسا تونۇيالمىدىڭمۇ؟

مەن ئەمەسمۇ،
بىر چاغدا سەندە
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن.
داقىراتما لەگلەك ئۇچۇرۇپ،
ئاسمىنىڭدىن ئۈن ئاڭلاپ كۈلگەن.

مەن ئەمەسمۇ،
”بويناق“نى باشلاپ،
چىغلىقلاردا توشقان قوغلىغان.
”چاقام-چاقام، يىلان-پاقام“ دەپ،
قايناملارغا تاقلاپ شۇڭغىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
بىنەملىكلەردە
تەتۈر قارماپ ئۆرما ئۆرىغان.
چوڭ كىشىدەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئاكامنى دوراپ،
ئاياغ سېلىپ خامان سورۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
مەكتەپلىرىڭدە
ھەر مەۋسۇمدە ئەلا ئوقۇغان.
نەزمە-قوشاق شەيداسى بولۇپ،
ئون تۆت ياشتا قوشاق توقۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
جەينەكتەك تۇرۇپ،
هارۋا ھەيدەپ ھاشاغا ماڭغان.
چاك كەتكەندە ھارۋا شوتىسى،
تەمتىرەپ يۇرۇپ پوتامدا تاڭغان.

مەن ئەمەسمۇ،
رەگەتكە بەتلەپ،
سېپىل، پوتەيگە ئېتىپ ئوينىغان.
نان، چاي توشۇپ پارتىزانلارغا،
چوماق كۆتۈرۈپ "ھۇررا" توۋلىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
قانچە قىلسىمۇ
زاھىد يولىغا زادى ماڭمىغان.

”پوشكالچى بولغۇم كەلمەيدىكەن“ دەپ،
خەلپىتىمدىن قارغىش ئاڭلىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
لۇتۇنىنى دوراپ،
قىزىل نۇرغا تەلپۈنۈپ ماڭغان.
پەرۋا قىلماي سوغۇق كۆلكىگە،
شېئىرىيەت ئىشقىدا يانغان.

مەن ئەمەسمۇ،
ئادەملىكىمنى
چۈشەنگەن سېنىڭ پەرۋىشىڭ بىلەن.
ئاخىر داغدام يولۇمنى تاپقان
سېنىڭ ئىملاپ ئۈندىشىڭ بىلەن.

ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە، مېنىڭ
”خوش!“ دەپ قوينۇڭدىن ئايرىلغان كۈنۈم.
بۆرۈتلىرىم ئەمدىلا خەت تارتقان،
غارالڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى ئۈنۈم.

تالاي يىللار ئۆتتى ئارىدىن،
يوقلاپ تۇردۇم دەسلەپتە پات-پات.
تولغان ئىدىڭ ھۆسنۈڭگە شۇندا،
بەخت گۈلۈڭ ئېچىلىپ قات-قات.

ئاھ،
ئارىدا قۇيۇنلار قوزتراپ،
سالدى ساڭا سورۇقچىلىقنى،
ۋەيران قىلدى پەرزەنتلىرىڭنى،
ئايرىغاندەك سۇدىن بېلىقنى.

"ئوغلۇم شائىر بولۇپ قاپتۇ" دەپ،
بىر مەھەل سەن قوۋانغان ئىدىڭ.
بىراق تەتۇر شامال چىقسىلا،
چۇشۇڭ بۇزۇلۇپ، غېمىمنى يېدىڭ.

بەلكى مەلۇم بولغاندۇ ساڭا
تۆھمەت پەنجىدە بوغۇلغانلىقىم.
ھەتتا جىنايەت بولدى مەن ئۈچۈن
سېنىڭ قوينۇڭدا تۇغۇلغانلىقىم.

كۆرەلمىدىم سېنى تالاي يىل،
دىلنى ئۆرتىدى سېغىنىش، قاقشاش.
پالاندى بولۇپ يۇردۇم چۆلدىمۇ
لاچىن سوققان توشقانغا ئوخشاش.

ئاھ، قويغىنا،
ئۇنى ئەسلىسەك،

ئېچىشىدۇ ھەسرەتتىن يۈرەك.
يۈلۈندىغۇ كۆلپەت يىلتىزى،
بۇزۇلدىغۇ نۇرغۇن چەمبىرەك.

كەلدىم بۈگۈن قوينۇڭغا يەنە،
تارتمىدى مېنى ھېچكىم گۈناغا.
بارلارنى يوقلاپ،
يوقلارنى يادلاپ،
قول كۆتۈردۈم مەنمۇ دۇئاغا.

دىدارىڭغا قانمىدىم، يۈرتۈم،
باققانسېرى باققۇم كېلىدۇ.
مېھرىڭ سىڭگەن باغرىمنى ساڭا
ياققانسېرى ياققۇم كېلىدۇ.

ئاتام-ئانام دەسسىگەن يەردىن
توپا تۈگدۈم ياغلىقىمغا مەن.
ئاپىرىپ تۆكۈپ ئۆيۈم ئالدىغا،
ئۈندۈرىمەن ئۈندىن گۈل-چىمەن.

مېنى بەزلە سۆيۈملۈك يۈرتۈم،
ئۆكسۈمە سەنمۇ ئەسلەپ ئەلەمنى.
"يەر باغرى سوغۇق، ئۇنتۇلۇپ كېتەر"،
ئۈمىدۋارلىق باسىدۇ غەمنى.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈردۇققۇ قايتىدىن يەنە
قۇتلۇق سەپەرنىڭ تۇغىنى ئەمدى.
ئەڭ ياخشىسى،
ئادالايلى بىز
سورۇقچىلىقنىڭ دېغىنى ئەمدى.

1981-يىل 17-سېنتەبىر، قورغاس-غۇلجا.



# يانبۇلاق

## 1

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن
ماڭا بەرسە بىر ئۇلاق.
—سادىر پالۋان قوشىقى

يانبۇلاق، يان باغرىدىن چىققان بۇلاق،
كۆزى كۆزدىن نېرىراق، پىنھان بۇلاق.
قەھرىمان سادىر بوۋام يامۇل تېشىپ
قاچقىنىدا باشپاناھ بولغان بۇلاق.

شۇندا ئۇ كەلگەندە بويۇڭغا يېتىپ،
بەلكى ئىچكەندۇ سۇيۇڭنى دۇم يېتىپ.
تۈنگەندۇ ئۇ يۇيۇپ يۈز-كۆزىنى،
يولغا چۈشكەندۇ ئۆزىنى سەگىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ پەيتى ئۇ قار كېچىپ، داۋان ئېشىپ،
دەۋرىگە ئۆچمەنلىكى قايناپ-تېشىپ؛
زوراۋانلاردىن قىساس ئالغان ئىدى،
كۆيدۈرۈپ يامۇلنى ھەم سېپىل تېشىپ.

ۋاي ئېسىت، تەييارغا شېيخلار دەستىدىن،
شۇم بۇلاڭچى ھەمدە ساتقۇن قەستىدىن،
كەتتى سادىر ئەجرى توزاندەك توزۇپ،
كەتمىدى ئەمما زۇلۇم ئەل ئۈستىدىن.

ئاردىن كەتتى تالاي يىللار ئۆتۈپ،
نەچچە ئەۋلادنى قارا تۇپراق يۇتۇپ.
ئەمما ياڭراپ تۇردى سادىر ناخشىسى،
كەتمىگەچ ئازادلىق ئارزۇسى يۇتۇپ.

يانبۇلاق، كەلدىم بويۇڭغا مەن بۈگۈن،
مەن ئەمەس قاچقۇن بولۇپ كەلگەن بۈگۈن.
بۇندا جاڭجۇن يامۇلى مىسكىن چىراي،
سادىر ئەۋلادى ئەمەس دەردمەن بۈگۈن.

قىلغىلى كەلدىم تاۋاپ، ئەي يانبۇلاق،
مەقسىتىم سادىر ئىزىنى ياقلىماق.
سۇ ئىچىپ سەزدىم ئۆزۈمنى بۇندا مەن
خۇددى بولغاندەك بوۋامغا ھەمتاۋاق.

سەن كۆرۈندۈڭ، يانبۇلاق، ئەينەك بولۇپ،
تۇرىمەن سادىرنى كۆرگەندەك بولۇپ.
مەن پىغانسىز ناخشا ئېيتسام ئالدىدا،
كەتتى يايراپ چېھرىسى گۈلدەك بولۇپ.

2

ئىلىدىن كۆچۈپ چىقىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

كۆچ-كۆچ ناخشىسى.

ئۆتكىنىمدە يانبۇلاقتىن قايرىلىپ،
خۇددى بىر ناخشا يىراقتىن ئاڭلىنىپ،
ئوي-خىيالىم كەتتى يۈز يىل ئالدىغا،
تىلدىغۇ باغرىمنى بىر ھەسرەت كېلىپ.
بۇ ئەمەسمۇ ئاشۇ كۆچ-كۆچ ناخشىسى،
تىڭشىغاچ، مۇڭ-زارىدىن ئالدىم بىلىپ.
ناخشىنى ئېيتقان ئاشۇ كۆچمەنچىلەر
ياش تۆكۈپ كەتكەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ.
ماختىماڭ بۇنداق جۇدالىقنى پەقەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىللىماڭ كۆچمەنچىنى بەتنام قىلىپ.
شۇ جۇدالىقنى، شۇ مۇدھىش خەيلىنى
شۇ زامان ئۆكتەملىرى كەلگەن ئېلىپ...
بەس، كۆڭۈل، ئالدىڭغا باق، دەۋرىڭ ئۇلۇغ،
قالمىغىن ھەسرەت بىلەنلا چىرمىلىپ.
ئەل كۆچەيسە بولمىغاي سەرسانچىلىق،
يۇرمىگەي پۇقراسى ھەر يان تاسقىلىپ.
چىقمىغاي ھېچ ئەمدى كۆچ-كۆچ ناخشىسى،
خەق تاماشا قىلمىغاي دۇمباق چېلىپ.

1981-يىل سېنتەبىر، قورغاس.

# باياندايىن ئۆتكەن چېغىمدا

باياندايىن ئۆتسەم بۇ قېتىم،
دوستلار توسۇپ ئالدى يولۇمنى.
قونۇپ كەتكىن بۈگۈن بۇندا دەپ،
مەھكەم تۇتۇپ ئالدى قولۇمنى.

كۆنمىسەم ئەگەر سۆكەتتى ئۇلار،
بار ئىكەن بەك تەرسالىقىڭ دەپ.
"خېرىدارىڭ بولمىسا ئەگەر،
نە ئەتىۋا زىبالىقىڭ" دەپ.

ئاخىر مېھمان بولدۇم بىر كېچە،
ئۆتتى قولدىن قەدەھلەر قولغا.
تازا توۋلىدۇق «خانلەيلۈن» نىمۇ،
چۈشۈپ كەتتىم مەنمۇ ئۇسسۇلغا.

خۇشاللىقنىڭ كەيپىنى سۈرگەچ،
ئىختىيارسىز چۆمدۈم خىيالغا.

دەل مەشەدە،
ئۇن تۆت يېشىمدا
ئۆچرىغان ئىدىم بىر چوڭ كاشالغا.

* * *

تاۋۇز ئېلىپ ماڭغانىتىم شۇ چاغ،
ئەگەر ئىزلىق هارۋىغا بېسىپ.
مەقسەت ئۇنى ساتماق غۇلجىدا،
بىراق بۇنىڭغا بولمىدى نېسىپ.

باياندايغا كەلگەن چېغىمدا،
ئىككى ساقچى توستى يولۇمنى.
ئالماپسەن دەپ هارۋا بېلىتى،
سولاپ قويدى باغلاپ قولۇمنى.

ئۆتكۈزدۈم بىر تۈننى سولاقتا،
داق زەي يەردە ”ۋاي دات“نى توۋلاپ.
ئەلەم يۇتۇپ چىقتىم تولغىنىپ،
كۆز ياشلىرىم ئاقتى تاراملاپ.

ئەتىسى ئېلىپ چىقتى سولاقتىن،
يېسۇن دەپ مېنى تازا بۇرنىغا،
ئېلىۋالدى ھەممە تاۋۇزنى،
باشقا جازا بېرىش ئورنىغا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيختى www.uyghurkitap.com

دېدى يەنە: ”ئەسلى ھاشاغا
تۇتماقچى ئىدۇق،
قىلدۇق كەڭچىلىك.“
(بارالمايتتىم ھاشاغا، چۈنكى
ئات-ھارۋامنىڭ ھالى شۇنچىلىك.)

باياندايىنى دەپتىكەن شۇڭا:
”ھارۋىكەشنىڭ سىرات كۆۋرۈكى“.
ئۆتسە بۇ يەردىن نامرات ھارۋىكەش،
جىغىلدايتتى ئەنسىز يۈرىكى.

* * *

ئۆتتى ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل،
كەتتى جاھان تالاي ئۆزگىرىپ.
زوراۋاننى يىغلاتتى زامان،
بوزەكنى خۇش قىلدى كۈلدۈرۈپ.

شۇڭا مەنمۇ بۇندا بۇ كېچە
ۋاي دات ئۇرۇنغا ناخشا توۋلىدىم.
ئەلەم يۇتۇپ تولغانغىنىم يوق،
بەلكى يايراپ ئۇسسۇل ئوينىدىم.

1981-يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىتكىلى
www.uyghurkitap.com

# ئادەم بىز، مەلھەمگە مۇھتاجمىز

مەۋجۇتتۇر كۆچىمىز، ئەقلىمىز،
ساغلاملىق بولسىلا بەدەندە.
بىراق رايىمىزنىڭ ئەكسىچە،
ساقلىقتا كېسەللىك كۆشەندە.

ساغلاملىق ئاسرالسۇن دېيىلسە،
كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغۇلۇق.
كېسەلدىن ئالامەت كۆرۈلسە،
ھايالسىز دوختۇرغا بارغۇلۇق.

قورقمىغىن كېسەلنى ئەملىسە،
"خەق بىلسە سەت" دېگەن گەپمىكەن؟!
ھېكىملەر: "ئاغرىقنى يوشۇرساڭ،
ئۆلۈمۈڭ ئاشكارە" دەپتىكەن.

* * *

شۇنداق بىر كېسەل بار ئادەمدە—
توغرىغا كۇشەندە—خاتالىق.
ۋاقتىدا شىپالىق تاپمىسا،
قىلىدۇ ئادەمنى گۇناھلىق.

شۇنداق بىر دورا بار ئۇنىڭغا،
”تەنقىد“ دەپ ئاتايمىز نامىنى.
جاھىللار ئىچىشتىن سەسكىنەر،
ئاقىللار بىلىدۇ تەمىنى.

ھايات بىز، مۇھتاجمىز مەلھەمگە،
ئادەم بىز، مۇھتاجمىز تەنقىدكە.
مەلھەمسىز يەم بولۇپ كېسەلگە،
تەنقىدسىز پاتىمىز ئىللەتكە.

* * *

تەنقىدچى—پەزىلەت باغۋىنى،
ئىنسانلار خۇلقىنىڭ دوختۇرى.
توغرىنى خاتادىن ئاسرىماق
ئۇنىڭ پاك ۋىجدانىي دەستۇرى.

خاتادىن، ئىللەتتىن دەرد كەلسە،
بۇ دەردىنىڭ دەرمانى — تەنقىدچى.
ئەملىگەي ۋىجدانلىق دوختۇردەك
بولمىغاي باخشىغا تەقلىدچى.

1981-يىل ئۆكتەبىر.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ”ئالدى“نىڭ مەستانىسى

راست ئىكەن دەيدۇ بۇ ئىشنىڭ بولغىنى،
يوق ئەمەستۇ بەلكى راستى-يالغىنى.
مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، گەپ ئىكەن،
كىم چىقارغان بولسىمۇ ئەپلەپتىكەن.

بوپتۇ بىر زات يۇرت بېگى—يۇرتنىڭ چوڭى،
يوق ئىمىش بۇ يۇرتتا بۇ بەگنىڭ تېگى.
ھەممە بابتا ”مەنلا ئالدى“ دەيدىكەن،
يۇرسىمۇ يول، ئالدىنى بەرمەيدىكەن.
كىمكى ئۆتسە ئالدىغا، چەيلەيدىكەن،
ئاپىرىپ دەرياغا غەرق ئەيلەيدىكەن.

بىر كۈنى بەگ بىر تەرەپكە يول ئېلىپ،
كېتىۋاتقاندا ئىغاڭلاپ كېرىلىپ،
بولسا بىر چاغدا قاراپ سەپ سالغۇدەك،
سايىسى ئالدىدا ھە دەپ ماڭغۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەگكە بۇ ئىش بەكمۇ هار كەلگەن چېغى،
ئۆلگۈدەكلا كەپتۇ قەھرى-ئاچچىقى.
ماڭ، يوقالغىن، بىھايا، شەرمەندە دەپ،
سەن مېنى قىلماقچىمۇ دەپسەندە دەپ،
بەرمىسەم، دەپ، ئەدىبىڭنى راست تېپىپ،
سايىسىغا تۇكۇرۇپ، دەسسەپ، تېپىپ.
قوغلىغانچە ھەر قەدەمدە تاش ئېلىپ،
قاپتۇ بىر دەرياغا ئاخىر دۈچ كېلىپ.
شۇندا بەگمۇ ياخشى پۇرسەت كەلدى دەپ،
غەرق قىلاي سايەمنى سۇغا ئەمدى دەپ،
تېخىمۇ شىددەت بىلەن قوغلاپتىكەن،
ئىتتىرەي دەپ سايىنى تاقلاپتىكەن؛
سايىسى سۇغا چۈشۈپلا، كەينىدىن-
ئۆزىمۇ جاي ئاپتۇ دەريا قوينىدىن.

1981-يىل ئۆكتەبىر.



## تەۋەرۈكنى كۆرگەندە

—«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئېلىمىزدىكى تۇنجى نەشرىگە بېغىشلىما

بۈگۈن قايتا ئۆز يۇرتىدا تۆرەلدى
بۈيۈك «دىۋان»—قەشقەر جاھاننەماسى.
چاقنىماقتا ئەۋلادلارنىڭ ئىلكىدە
ئەجدادلارنىڭ دۇردانىلىق مىراسى.

ياقىسىنى تۇتۇپ قالار كۆرگەنلەر
يولۇققاندەك تىلسىماتتەك غەزنىگە.
تەمتىرەيدۇ تەڭداش-ئۆلچەم ئىزدىشىپ،
غەزنىدىكى جەۋھەرلەرنىڭ ۋەزنىگە.

دەيدۇ ھەممە: مۆجىزىكەن بۇ «دىۋان»،
قانداق ئادەم قانداقلارچە پۈتكەندۇ؟
ئەسىرلەرنىڭ ئەقلى لال بۇ ئەمگەككە،
بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى قانداق يەتكەندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەلۇمغۇ، تىل مەيدانىدا قەشقەرنىڭ،
باغدات بىلەن چۈشكەنلىكى بەيگىگە.
جەۋلان قىلىپ شۇندا مەھمۇت چەۋەنداز،
شەرەپ ئېلىپ كەلگەن تاۋغاچ مۈلكىگە.

ۋەتەندىشىم، پەخىرلەن بۇ «دىۋان» دىن،
ئۇ تەۋەررۇك بىلىم كانى ئەمەسمۇ!
دەۋرىمىزدە ئۇنى ئوقۇپ چۈشەنمەك
مەرىپەتنىڭ بىر ئۇنۋانى ئەمەسمۇ!

باھار كېلىپ، يېڭىباشتىن چاقنىدى
ئەجدادلارنىڭ ئەقىل-بىلىم جەۋھىرى.
گويا بۈگۈن ئوقۇماقتا لېكسىيە
زامانىمىز مۇنبىرىدە قەشقەرى.

ئۇيغۇرلارمۇ ئەمەس گومۇش ئەۋلادى،
ئىسنى ئالتۇن قىلالايدۇ گۈل قولى.
چىقىپ كېلەر يېڭى-يېڭى قەشقەرى،
ئامان بولسا ئىچىلىشنىڭ كەڭ يولى.

1981-يىل 1-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# "ھەپرەڭ"گە نەزەر سالغاندا

"ناماز شام گۈل"نى ھەپرەڭ دەيمىز،
چۈنكى مىجەزى-خۇلقى باشقىچە.
ئېچىلىدىكەن گۈلى غۇنچىدە،
گوگۇمدىن باشلاپ قوياش چىققىچە.

سەۋەبىنى ئۇققىدەك بولسام،
ئۇ ئاپتاپتىن قەۋەت قورققىدەك.
قاراڭغۇ ھەم ئۇنىڭ شامىلى
مىجەزىگە بەكمۇ ياققىدەك.

ئۇ ئاپتاپتىن ئالسىمۇ ئوزۇق،
باقمايدىكەن ئاڭا ئېچىلىپ.
كېتىدىكەن كېچىدە يايراپ،
بەرگى-بەرگى كۈلۈپ، يېشىلىپ.

شۇندا ئويلاپ دېدىم ئىچىمدە:
گۈلگە ھەپرەڭ ئەمەسكەن ئۈلگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈنلار بىكار ئوخشاتماپتىكەن
يۈزسىزلەرنى ھەپىرەڭ گۈلگە.

*　　*　　*

مىسالى، بىز گۈلشەننىڭ گۈلى،
ئىچىلايلى رەڭمۇرەڭ بولۇپ.
ئىچىلايلى قوياشقا بېقىپ،
قالمايلى ھەرگىز ھەپىرەڭ بولۇپ.

1982-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



# مۇقام

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سىنى ناخۇن، مۇقام،
جان قاناتلانغاي شۇ ئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن، مۇقام،
سەن بىلەن دائىم ئۈمۈر گۈلزارىمىز گۈلگۈن، مۇقام،
دىلغا ئاتەشتەك ھارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام،
ئاھ مۇقام، ئوتلۇق مۇقام، گۈلگۈن مۇقام، ئالتۇن مۇقام.

سەن ئۈچۈن چىقتى ساتار، تەمبۇر، فارابى قالۇنى،
قوشتى نەغمەڭگە ناۋا ساھىر* ناۋايىنىڭ ئۈنى،
تىزدى مارجاندەك قىدىرخان ھەم رەشىد خانىش سىنى،
سەندە بار بىرنەچچە مىڭ يىلنىڭ مۇسىقى مەزمۇنى،
نەغمىلەر سورۇنىدا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام.

سەندە كۈيلەيدۇ كۆڭۈل كۈيىنى ئۇيغۇر مىللىتى،
سەندە ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋارلىق، پەزىلەت رىغبىتى،

---

* ساھىر—ئەرەبچە «سېھىرگەر» دېگەن سۆز. ئۇنىڭ يەنە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرۋەن، ئاجايىپ سەنئەتكار دېگەن مەنىسىمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەندە روشەن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى،
سەندە ئۇرغۇيدۇ ئازادلىق ئاشىقىنىڭ جۇرئىتى،
سەن ئازادلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئۇيغۇن مۇقام.

ھەر مۇقامنى خۇددى بىر دەريا دېسەك، كۆپ تارمىقى،
ئاقىدۇ شەربەت ئۇنىڭدا ھەممە بار سۈت-قايمىقى،
ھەر مۇقامنى بىر دەرەخ دېسەك، ئۇنىڭ كۆپىدۇر شېخى،
كۆزلىرىڭنى چاقنىتار ھەر شاختىكى گۈل، ياپرىقى،
جانغا راھەت، دىلغا ئارام مېۋىسى نۇرغۇن مۇقام.

ھەممە ئادەم ئىنتىزار ساز ئۇڭشىلىپ باشلانغىچە،
ئۇيغا چۆمگەي بىر ھازا چوڭ نەغمىگە ئاتلانغىچە،
دىل گويا دەريا بولۇپ ئۆركەشلىنەر داستانغىچە،
ئېيتسا بىر داستانىمۇ پۈتمەيدۇ ھەتتا تاڭغىچە،
مەشرىپى ئۇندەر ئۇسسۇلغا، پەيزى مول، جۇشقۇن مۇقام.

سەندە ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل كۈي-نەزمىسى،
بارچە ئۇيغۇرنىڭ سېنىڭسىز قىزىماس توي-بەزمىسى،
سەن خەلقىنىڭ بىباھا، رەڭدار، ئۇلۇغۋار غەزنىسى،
سەن بىلەنمۇ ئۈلچىنەر ئۇيغۇر دېگەننىڭ ۋەزنىسى،
ئېسى بار ئادەم سېنى ھەرگىز دېمەس يوچۇن مۇقام.

بىر مەھەل سەن تاشلىنىپ ئەخلەتكە، بولدۇڭ زەپمۇ خار،
يىغلىدى خەلقىم سېنىڭ ھىجرىڭدە قاقشاپ زار-زار،
شۈكرى ئەمدى، سېنى قۇتقۇزدى زامانەم غەمگۇزار،

قايتىدىن چىقماقتا تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئىز باسار،
ئەمدى يايرا، سەن ئەمەس مەڭگۈ سىرىق، تۇتقۇن مۇقام.

ئەي مۇقام، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كۆركەم قەسرى سەن،
مۇرغىزارنىڭ زىننىتى، گوياكى بۇلبۇل، قۇمرى سەن،
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سەن ھەم قەھرى سەن ھەم پەخرى سەن،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ئەل، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجرى سەن،
سەن گويا لەيلى، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن، مۇقام.

ئەي مۇقام، كەلدى زامانەڭ باشقىدىن نۇر ياغدۇرۇپ،
يېڭى ئەۋلادلار كۆيۈگىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ،
تەنتەنەڭگە تەنتەنە قوشقۇسى زىننەت قوندۇرۇپ،
چالدۇرار ئالقىش-چاۋاك ئالەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ،
ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىڭگە شاھى تون، مۇقام.

1982-يىل 22-فېۋرال، ئۈرۈمچى.



# لى بەينى كۆردۈم

ئوقۇسام شېئىرىنى، كۆز ئالدىمغا كەلدى شائىرى،
بىر قولىدا يۈك قەلەم بار، بىر قولىدا ساغىرى.

مەي قۇياي دېسەم ئاڭا، دەسلەپتە باش لىڭشىتىمىدى،
"ئىلى داچۈي"نى كۆرۈپ، كۆندى ئىچىشكە ئاخىرى.

"ئۆزلىرىنى تونۇغاندەك قىلىمەن، تەقسىر. . ." دېسەم،
"مەنمۇ شۇ يۇرتلۇق" دېدى، قىپتۇ سەپەر چاڭئەنسېرى.

كەپتۇ بالقاشتىن چىقىپ بويلاپ ئىلى دەرياسىنى،
پېتىدىن چۈشمەپتۇ قىلچە، ئارغىماقتەك ماغدۇرى.

مەن بىلەن ئۆلپەتلىشىپ ئىچكەچ، تۆكۈپ دۇردانە سۆز،
ئىلى بويى ھىدىنى تارقاتتى مېھرى ئەنبىرى.

يامىرىدى شۇ ئان ۋۇجۇدۇمغا مېنىڭ لەززەت-ھۇزۇر،
مەيدىن ئارتۇق ئاچتى كەيپىمنى بۇ سەنئەت ماھىرى.

خوشلىشاردا مەن تۇتاي دېسەم ئاڭا يوللۇق سوغات،
دېدى: ”مەن ئالدىم ئۇنى سەن ئېيتقىنىڭدىن ئىلگىرى.

سوغا ئالدىم يول بويى ئۆلپەت تېپىپ، ئىلھام يىغىپ،
ئۆلمىسەم تولغاي يېڭى كۆيلەرگە نەزمەم دەپتىرى.“

بۇ ئوڭۇممۇ يا چۈشۈم؟ قالدىم ھاياجان ئىلكىدە،
گەر چۈشۈم بولسا، ئۇنىڭ مۇنداقتۇ بەلكىم تەبىرى:

جانلىنىپتۇ شېئىرىيەت قايتا قەدىم يۇرتلاردا دەپ،
دەۋرىمىزگە ئاپىرىن ئېيلەپتۇ شائىرلار پىرى.

بولما ھەيران، دوستلىرىم، لى بەيىنى مەن كۆردۈم دېسەم،
بۇ غەزەلگە بولدى ئىلھام ئۇشبۇ دىدار تەسىرى.

1982-يىل مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## گاچا دەپ قالغانمىدۇ

مىڭ جاپادا خالىدا تاپسام ئۇنى،
ۋاي ئىسىت، قاچتى جىمى تاپقان سۆزۈم.
سېھرىلەنگەندەك ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم،
چىرمىغاچ كۆڭلۈمنى بىر سىرلىق سېزىم.

چىقمىغاچقا مەن ھودۇققاقتىن زۇۋان،
ئۇمۇ كەتتى مەلە ياققا يول ئېلىپ.
ئوت-پىراقتىن تېخىمۇ كۆيدى ئىچىم،
بىر قاراپ كولگەن ئىدى ئۇ قايرىلىپ.

يارنى دەسلەپ تاپسا شۇنداق خالىدا،
ھەممە ئاشىق مەن كەبى بولغانمىدۇ؟
ئاھ، ئەجەب غەش بولدىغۇ كۆڭلۈم مېنىڭ،
مېنى ئۇ، دۆت-گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟

1982-يىل 12-ئاپرېل.

## قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا

تېزلىتىپ چەۋەندازلار قاتار سەپكە،
ئات سالدى يەلپۈللىگەن تۇغ تەرەپكە.
كىم بۇرۇن كەلسە ئۈزۈپ شۇ بەيگىدىن،
پەللىدە چۈمۈلىدۇ شان-شەرەپكە.

بەزىلەر قامچىغىلا زورلىغاچقا،
ئاتلىرى چۆشتى سولۇپ پۇشۇلداشقا.
بىر قېتىم قامچا يىمەي چەۋەندازدىن،
بەيگىدە ئۈزۈپ چىقتى جىرەن قاشقا.

ئېسىمگە كەلدى شۇ چاغ شۇ بىر ماقال:
"قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا".
"بەيگىنىڭ ئالدى" دېگەن شەرەپلىك نام
باغلىنىقكەن پەرۋىشكە ھەم ئىجتىھاتقا.

1982-يىل ئىيون، موڭغۇلكۈرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ناخشا ئېيتسپ ئەركە تۇتتى موڭغۇل قىزى

چىرايلىق باينبۇلاق يايلىقىدا
ناخشا ئېيتسپ ئەركە* تۇتتى موڭغۇل قىزى.
مەن نىچۇن ئىچمەي ئۇنى،
ئىچ دەپ تۇرسا
ناخشىسى ھەمدە ئۇنىڭ خۇمار كۆزى.

ناخشا ئېيتتىم مەنمۇ، كۆزۈم خۇمارلاشتى،
بۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ مەيپەرەسلىكتىن.
مەست قىلغان ئىكەن دوستلۇق مۇھەببىتى،
سەگىيدۇ دېمەك مېنى بۇ مەستلىكتىن.

1982-يىل 12-ئىيۇل، باينغۇلىن.

---

* ئەركە— موڭغۇللارنىڭ سۈت ھارىقى.

# ئىلىم ئۈچۈن ئىلىم ئالىمەن

ئۆگەتتى ئىلىم-پەن مۇئەللىم ماڭا،
جېنىمدىن ئەزىزدۇر بۇ تەلىم ماڭا.

زامانەم بېرىپتۇ ئىلىمدىن ئۈلۈش،
ئەمەستۇر بەدەلسىز بۇ تەقسىم ماڭا.

ئىلىم پەنگە تەشنا، بولاي ئۇسسۇزلۇق،
بۇنىڭسىز خېبىردار بولار كىم ماڭا!

ئوقۇشتىن مۇرادىم ھەشەم-تاج ئەمەس،
شەرەپ ئەلگە بولماق مۇلازىم ماڭا.

كۆتۈرگەي گەر ئارتساڭ كىتابنى ئېشەك،
بۇ خىل يۈكچى بولماق نە لازىم ماڭا.

ئىلىمنىڭ ياۋۇز ئاپىتى ساختىلىق،
ۋاپا قىلماس ھەرگىز بۇ زالىم ماڭا.

ئوقۇپ بەرمىسەم نەپ، ئۇيات ھەم گۇناھ،
ياشاشمۇ خەتەردۇر ۋە بەلكىم ماڭا.

1982-يىل، ئىيۇل.



# ئوخرىد بويى

ئوخرىد بويى—
سترۇگا باغرى،
سىياقىڭدىن شېئىر يېغىپ تۇرىدۇ.
بۇندا ئېچىلغان جىمى ئېغىزدىن
گويا شېئىر تېمىپ تۇرىدۇ.

دەرەخلەرنىڭ ئىغاڭلىشىدىن،
يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
كۆل، دەريانىڭ ئۆركەشلىشىدىن،
تورغايلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن
گويا شېئىر ياڭراپ تۇرىدۇ.

غۇر-غۇر ئىللىق شامالليرىڭدىن،
هەر ياڭزا گۈل-چېچەكلىرىڭدىن،
شاخلاردىكى يېمىشلىرىڭدىن،
داستىخاندىكى گېزەكلىرىڭدىن
گويا شېئىر پۇراپ تۇرىدۇ.

قىرلارنىڭ قورۇقلىرىدا،
باغلارنىڭ قىلتاقلىرىدا،
يىگىتلەرنىڭ بۆرۈتلىرىدا،
قىز-چوكانلارنىڭ قاش-كۆزلىرىدە،
لەۋلىرىدە، زىناقلىرىدا
گويا شېئىر ئويناپ تۇرىدۇ.

سەن گۈزەللىك ئۆلگىسىمۇ؟
سەن شېئىرىيەت سەھنىسىمۇ؟
سەن شائىرلار كەبىسىمۇ؟
ساڭا كەلگەن شائىرلارنىڭ
زوق-ئىلھامى قايناپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن يەنە قوينۇڭغا كەلدى
چۈيۈەن پۈشتى،
ھەم قوشۇلۇپ يۈسۈپ ئەۋلادى،
گۈزەللىكنىڭگە قانمىدۇق زادى.
خۇددى بۇلبۇل بولۇپ كۆڭلىمىز،
خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرىدۇ.

شېئىر مىسراسى-يۈرەك رىشتىسى،
چىگدى ئۇلارنى دوستلۇق ئەھدىسى.
پاھ، نە قەدەر ھوزۇر،

بۇ سورۇننى شۇنداق سۈرەتلەش:
خۇددى ماكىدونچە
چەمبىرەك ئۇسسۇلغا ئوخشاپ تۇرىدۇ.

1982-يىل 19-ئاۋغۇست، سترۇگا (ماكىدونىيە)



# دىرىم كۆۋرۈكى ئۈستىدە

تىنىق دىرىم كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە،
بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئالدىدا،
ئالقىشلاندىم شېئىر ئوقۇپ ئۇيغۇرچە
ھەرخىل مىللەت، ھەرخىل ئايماق ئالدىدا.

ھاياجاندا يانغىنىمدا مۇنبەردىن،
ئىستانىسكو ئۆز[1] ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
"پراۋا"[2] دەپ مەھكەم قىستى قولۇمنى،
تەزىم قىلدى ئارقىدىن قول قوشتۇرۇپ.

ماڭا مەلۇم، بۇ ئالقىشنىڭ مەنىسى—
ۋەتىنىمگە، شېئىرىيەتكە مۇھەببەت.
بۇ مۇھەببەت ماڭا ھۇزۇر بەخش ئەتتى،
ۋەتەن، شېئىر غۇرۇرۇمدۇر تا ئەبەت.

1982-يىل 28-ئاۋغۇست، سترۇگا.

---

① نىكىتا ئىستانىسكو—ئاتاقلىق رۇمىنىيە شائىرى.
② پراۋا— رۇمىنىيچە «يارايدۇ» دېگەن سۆز.

# پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى

بالقاندىكى ئوخرىد كۆلى بويىدا،
قەدىمىي سوفىيا مۇناستىرىدا
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
بۇ شېئىر تۇغۇلدى مۇشۇ توغرىدا.

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
يېزىلغان بۇ شېئىر قىزىل قان بىلەن.
گوياكى زۇلپىقار ئۇنىڭ قەلىمى،
جەڭ قىلماقتا ئۆكتەم-زوراۋان بىلەن.

ئۇنىڭ ساداسىدىن ئاڭلىدىم ئېنىق
يالماۋۇز قاتىللار جىنايىتىنى.
ئاڭلىدىم بومبىنىڭ پارتلاشلىرىنى،
ئاڭلىدىم سەرسانلار شىكايىتىنى.

ئوخشاتقۇم كېلىدۇ گويا جەڭچىگە
شېئىر قۇرىدىكى ھەربىر ھەرىپىنى.
قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئانت ئىچكەن ئۇلار

ئۆز ئانا يۇرتىنى،
قۇددۇس شەرىپىنى.

شېئىرنىڭ سەرلەۋھە، نەقراتلىرى
ئوخشايدۇ قەھرىمان سەركەردىلەرگە.
قورشاۋلار ئىچىدە،
چېكىنىشلەردە
تۇغ بولۇپ قوشۇننى باشلار زەپەرگە...

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
ھېچ ئادەم قالمىدى چاۋاك چالمىغان.
بەلكى بۇ مۇناستىر بۇنداق مەنىلىك-
چاۋاكنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

بۇ چاۋاك ئالقىشدۇر ھەققانىيەتكە،
بۇ چاۋاك لەنەتدۇر ئۆكتەم جوھۇتقا.
بۇ چاۋاك تارىخنىڭ ئىرادىسىدۇر،
ئۇ ھەققانىيەتنى تەختكە چىقىرىپ،
تارتىدۇ ئاخىرى ئۆكتەمنى سوتقا.

1982-يىل 31-ئاۋغۇست، ستروگا، ئىسكوپىيە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈل

بىلەيى پولىيە شەھىرىدە
جۇشقۇنلۇق شېئىرىيەت ئاخشىمى.
قىرىلار ھەم ياشلار ئالدىدا
ئوقۇدۇم «تۆگمەس ناخشا» نى.

قىرىلار كۆلۈشتى زوقلىنىپ،
كۆلكىدىن پۈرۈشتى يۈزلىرى.
گۈل تۇتۇپ يۈگۈرۈشتى ئالدىمغا
بىر تۈركۈم قارا تاغ قىزلىرى.

ئالقىشلار ئىچىدە گۈل تۇتتى،
يۈزلىرى يۈزۈمگە يانداشتى.
تولدۇرۇپ كۆكسۈمگە گۈلدەستە
ھەم ئىككى مەڭزىمگە گۈل باستى.

www.uyghurkitap.com

چۈشەندىم بۇ گۈلنى دوست ئەلنىڭ
جۈڭگولۇق قەلبىگە مېھرى دەپ.
چۈشەندىم بۇ گۈلنى شېئىرىمغا
بېسىلغان رازلىق مۆھرى دەپ.

1982-يىل 3-سېنتەبىر، قارا تاغ
جۇمھۇرىيىتى بىلەيى پولىيە شەھىرى.



## تارا كۆۋرۈكى

يۇگوسلاۋىيىنىڭ «كۆۋرۈك» دېگەن كىنو
فىلىمىدىكى تارا كۆۋرۈكىنىڭ ئەسلىگە
كەلگەن قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن

ئىگىزلىكتە تارا كۆۋرۈكى
ياۋروپادا ئىككىنچى كۆۋرۈك.
بىر يۈز سەكسەن مېتىر كېلىدۇ
ئۇنى قوندۇرۇپ تۇرغان ھەر تۈۋرۈك.

يۇگوسلاۋىيە ئۆز قولى بىلەن
مىڭ بىر جاپادا ياسىغان ئۇنى.
كېيىن يەنە ئۆز قولى بىلەن
پارتلىتىپ بۇزۇپ تاشلىغان ئۇنى.

ئۆزى ياسىغان ئىسىل نەرسىنى
بۇزۇشقا قانداق قىيغاندۇ كۆزى؟!
جاۋاب بەردى قىرى پارتىزان،
(شۇ بۇزۇشقا قاتناشقان ئۆزى):

ئاشۇ ھايات-مامات پەيتىدە
نىمە ئىدى بۇنچىلىك زىيان.
چۈنكى ئۆزمەي فاشىست يولىنى،
ئازادلىق يولى بولمايتتى راۋان.

كۆۋرۈك قانچە ئىسىل بولسىمۇ،
ئۇنىڭدىن مىڭ ئەلا ئازادلىق.
ئازادلىق ئۇنى تىكلىدى يەنە،
ئازادلىق ئەلگە بەردى ئاۋاتلىق.

1982-يىل 5-سىنتەبىر، بىلەيى پولىيە.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىنچىنىڭ سۆزى

رەڭگىدىن كۆڭلىنى بىلمەك بەك قىيىن،
يۈزىنى يۇيغاننىلا پاكىز دېمە.
سىنچىلاشنى بىلمىسەڭ ھۆكمىڭ خاتا،
كۆرگىن ئايرىپ، ”سانىماي سەككىز دېمە“.

ئوخشىمايدۇ دەل-دەرەخنىڭ بارلىقى،
مېۋىگە كېپىل بولالماس ياپرىقى،
كىملىكىدىن بەلگە بەرمەس قالپىقى،
قالپىقى چوڭ بولسىلا قىرغىز دېمە.

قەھرىمانمۇ تېرە تاراقلاتقىنى؟
ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ كۆپ شاۋقۇنى،
چوغ ئەگەر پىشسا، چىقامدۇ ئۇچقۇنى؟
ھەيۋىسىز بولغاننىلا ئاجىز دېمە.

قۇدرىتىڭ چەكلىك، مەدەتكار بولمىسا،
ئۇزلۇقۇڭ چاغلىق، خېرىدار بولمىسا،
گەرچە سورۇندا تەلەپكار بولمىسا،
سۆزۈڭ ئالتۇن بولسىمۇ ھەرگىز دېمە.

ئىمتىھاندۇر ئات ئۇچۇن مۇشكۇل سەپەر،
مەرد بىلەن نامەردنى ئايرىيدۇ خەتەر،
تويدا بار، ماتەمدە يوقتىن قىل ھەزەر،
ئۇندىن ھېچ ئىنسانىي خىسلەت ئىزدىمە.

1982-يىل.



# تەلۋە تەنقدچى ”ئاكام“غا مەسلھەت

تىللىما ئادەمنى ئاغزىڭنى بۇزۇپ،
مۇنچە ھەيۋە قىلمىغىن سەن ھۇرپىيىپ.
سەن جازالاشقا تۆرەلگەن جانىمدىك،
ھە دېسە توقماق ئۇرۇپ، خەنجەر سېيىپ؟
”خام سۈت ئەمگەن، دەپتىكەن، ئادەم دېگەن“،
بۇ جاھاندا كىمدە يوق دەيسەن ئەيىب.
دوستنى ئاسراپ ئەملىمەك بۇرچۇڭ ئىدى،
نە ئۈچۈن ھاجەت ئۇنى قىلماق مېيىپ؟
ياخشى باغۋەن ئۆرىمەس، بەلكىم يۆلەر،
بىر كۆچەتمۇ قالسا باغدا قىڭغىيىپ.
ياۋا ئوتلارنى يۇلۇش لازىم دېسە،
سەت ئەمەسمۇ گۈلنىمۇ يۇرسەڭ قىيىپ!
قالمىغان كىم كۈلكىگە ئۆز دوستىنىڭ
چاۋىسىنى زورمۇزور چىتقا يېيىپ.
سەن ئۆزۈڭنى ئۇنچە.راۋۇرۇس چاغلىما،
كەتمىگەنمۇ نەچچە مەيداندا قېيىپ.

كىم ئىشەنگەي بولۇۋالساڭ قەھرىمان،
دائىما جەڭدىن كېيىن ساۋۇت كىيىپ.
ھۆرپىيىشلا قەھرىمانلىق شەرتىمۇ،
بولساڭ ئاقىل، سۆزلە لەۋزىڭنى تىيىپ.
چىنىقىلىپ كىم رەڭگىنى قىلسا قىزىل،
كېتىدۇ تېز سالپىيىپ ھەم سارغىيىپ.
نە كېرەك روھىي گادايلىق-تەلۋىلىك،
چۈنكى ئەلنىڭ روھى بارماقتا بېيىپ.
ئەلگە نەپ بەرمەكچى بولساڭ ئەمدى سەن،
قالغىنىڭ خوپ تەلۋىلىكتىن يالتىيىپ.

1982-يىل كۈز.



# بىر ئىمامنىڭ ئەرزى ۋە قازىنىڭ جاۋابى

بىراۋدىن ئاڭلاپ بۇ ھېكايەتنى مەن،
پۈتتۈم ئاق قەغەزگە قارا خەتنى مەن.

قاراڭ، بىر ئىمامنىڭ بېشى بەك قېتىپ،
قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ھال ئېيتىپ.
— ... پەقىرگە ئۆزلىرى ئېتىماد قىلىپ،
ئىماملىقنى بەرگەن ئىلتىپات قىلىپ.
ۋە لېكىن بۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ
تايىنى يوق ئىكەن ساداقىتىنىڭ.
يىل ئۆتمەي شەكلىنىپ مېنىڭدىن كېچىپ،
بۆلەك مەسچىتلەرگە كېتىشتى قېچىپ.
ھەممىدىن يامىنى، تەخسىر، سىلىنى
يامانغا يانتاياق بولدى دېگىنى.
شۇڭا بەك قايىندىم، ئۆتمىدى لەۋزىم،
ئەمدى مۇشۇ ھەقتە سىلىگە ئەرزىم:
جازاسىنى تاپسا بىرنەچچە مۇرتەد،

جامائەت ئالاتتى بۇنىڭدىن ئىبرەت. . .

قازى ئىش تەكتىدىن خەۋەردار ئىدى،
ئۆزىمۇ پۇشايمانغا گىرىپتار ئىدى.
”خام ئويلاپتىمەن“ دەپ سۆكۈپ ئۆزىنى،
جاۋابەن ئىمامغا دېدى سۆزىنى:
— قىلالمايمەن ئەمدى بۇ ئىشقا سايى،
قايتىپتۇ سېنىڭدىن جامائەت رايى.
ئىلىم بابىدىمۇ تومتاق ئىكەنسەن،
جىنازا نامازغا ئامراق ئىكەنسەن.
”ئېلىپ“تىن ئۆزگىنى بىلمەيدىكەنسەن،
مىلك قىلسامۇ كارغا كەلمەيدىكەنسەن.
لەت قىلار ئادەمنى رىياكارلىقى،
نەپسىنىڭ كەڭلىكى، كۆڭۈل تارلىقى.
بۇنى سەزگەنلەرنى تارتسام جازاغا،
سەۋەبكار بولىمەن چوڭراق نىزاغا.
شۇڭا سەن ماڭا هال ئېيتىشتىن بۇرۇن،
ياخشىسى، جامائەت قېچىشتىن بۇرۇن،
قېچىپ كەتكەن بولساڭ ئۆزۈڭنى سوراپ،
بولمايتتى هالىڭمۇ بۇنچىلا خاراب. . .

1983-يىل.

# ئەمدى

ئىسسىت، ياشلىق گۈلۈم توزدى ھەۋەستىن، پەندىيات ئەمدى،
پۇشايماندىن ئۆزۈم ئۆردۈم يۈزۈمگە مىلك كاچات ئەمدى.

ئۆمۈر تىللاسىنى نەپسىز بازاردا سانىماي خەجلەپ،
سۇنۇق يارماققا زار بولدۇم، مىنىڭ سودام كاسات ئەمدى.

كىچە مەيخانىدا "ھە-ھۇ" دېيىشكەنلەر قايان كەتتى،
"سۆيۈملۈك، مەرد يىگىتكەنسىز" دېگەنلەر ماڭا يات ئەمدى.

ھايات شەترەنجىسىدە لاپ ئەمەس، لازىم ئىكەن ئىدراك،
بولۇپ قالدىم كۆرەڭلەپ ئالدىراپ "شاھ" دەپلا مات ئەمدى.

تالاي تەڭتۇشلىرىم ئۇچتى سامادا خۇددى شۇڭقاردەك،
تىپىرلايمەن ئىچۇن يوق دەپ ماڭا شۇنداق قانات ئەمدى.

www.uyghurkitap.com

دېدىم شۇندا: بۇ دۇنياغا نېچۈن كەلدىم، كېتەي قانداق،
زامانىنىڭ ئىمتىھانىدىن قېچىپ ئۆتمەك ئۇيات ئەمدى.

پۇشايمانىم ماڭا شۇنداق دېدىكى: مەرىپەت ئىزدە،
پەقەت كۆتمە ھەۋەستىن، خام خىيالدىن ئىلتىپات ئەمدى.

كېچىكسەممۇ ھاياتنى باشقىدىن باشلاشقا بەل باغلاي،
ماڭا بەرگەي نىجاتلىق ئۇشبۇ يولدا ئىجتىھات ئەمدى.

1983-يىل باھار، ئۈرۈمچى.



# تەشەككۇر

ئەسكىشەھىرىدە تۈركىيە فولكلور كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋالى ئۆمەر خالىل ئوغلى مېنى لېنتا كېسىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋابەن بۇ شېئىرنى يازدىم.

تەشەككۇر ۋالى، تەشەككۇر سىزگە،
تەشەككۇر، ساھىبخان ھۆرمىتىڭىزگە.
تەشەككۇر، قولۇمغا قايچا تۇتقۇزۇپ،
لېنتا كەس دېگەن دەۋىتىڭىزگە.

ھاياجان ئىلكىدە ئالدىم قايچىنى،
لېنتا كېسىلدى،
ئىشىك ئېچىلدى،
ھەممە ياندىن ياڭرىدى ئالقىش،
ئۇستىمىزگە چېچەك چېچىلدى.

لېنتا ئۈزۈلدى ئالقىش ئىچىدە،
چۈنكى بۇ ئۈزۈش—

باغلاش ۋاستىسى.
ئۈزۈلگىنى راۋانلىق دېمەك،
باغلانغىنى دوستلۇق رىشتىسى.

دوستلۇق رىشتىسى — كۆڭۈل رىشتىسى،
ئىككى ئۇچى ئىككى تەرەپتە.
بىر يۈرەك بېيجىڭ،
بىرى ئەنقەرە،
ھەر ئىككىسىگە دوستلۇق كېرەك-تە!

لېنتا كېسىلەر دوستلۇق ئىلكىدە،
ئېچىلار دوستلۇق ئىشىكى داغدام.
دوستلۇق — جاھاننىڭ ئەڭ چوڭ راھىتى،
دوستلۇق زامانى ھەمىشە بايرام.

* * *

تەشەككۈر ساھىبخان، تەشەككۈر سىزگە،
تەشەككۈر، تۈركىيە، ھۆرمىتىڭىزگە.
بېغىشلىدىم مىسرالىرىمنى
راۋان دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭ —
باغلايلى دېگەن دەۋىتىڭىزگە.

1983-يىل 9-ماي، تۈركىيە ئەسكىشەھىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# يىراقتىن خەت

(بىر مۇساپىر ۋەتەنداش نامىدىن)

ئانا يۇرتۇم، سېغىنىدىم سېنى،
سەنمۇ بالام دەپ ئەسلەمسەن مېنى؟
مېنى سورىساڭ ياتنىڭ يۇرتىدا،
باغرىم كاۋاپ پىراق ئوتىدا.
مەن تاڭ ئالدىدا يولدىن ئاداشقان،
ئىزىنتقۇغا ئەگىشىپ قاچقان.
مېھرىڭدىن ئاجراپ، ھەر يان باش ئۇرۇپ،
مۇساپىر ئۇچۇن تەلەي ئاختۇرۇپ،
كەزدىم، يولۇقتۇم ياخشى-يامانغا،
گاھى ھايانغا، گاھى زىيانغا.
غۇربەتچىلىكنىڭ مۇشكۇللۇكىدىن،
ئۆزۈمنىڭمۇ ئەپچىللىكىدىن،
خۇددى تاشتىن ئۈنگەن گىيادەك
ياكى تەلۋە ئۇرغان شىنادەك،
گاھى ئۆرلەپ، گاھى تولغۇنۇپ،

گاھى شۈكۈپ، گاھى يۇلقۇنۇپ،
گاھى داجىپ، گاھى تىركىشىپ،
گاھى يىقىلىپ، گاھى تىرمىشىپ،
ھۈنەرلىك بولۇپ، ئوقەتمۇ تاپتىم،
بايلارغا خاس سۆلەتمۇ تاپتىم.
باغ-ۋارانلىق ئۆيۈم ھەشەملىك،
بىسات، زىننىتى قىلمايدۇ كەملىك.
لېكىن بولمىغاچ ئانا يۇرت، ياران،
كۆڭلۈم ئۆيدە ھۇۋلايدۇ بوران.
بولسىمۇ ياقۇت زۇننار ئېسىقلىق،
بوينۇم مېنىڭ ھامان قىسىقلىق.
بۇندىكى نى-نى ئويۇن، كۆرگەزمە
ياكى شاھانە زىياپەت-بەزمە
دەبدەبىلىك بولسۇن قانچىلىك،
مەن ئۈچۈن يوق مەشرىپىڭچىلىك.
بۇندا قايناتتى گېزەك زەردەمنى،
سېغىنىمەن دوغاپ، گىردەڭنى.
بۇندا ئازادە لۆم-لۆم تۆشەكتە
سېزىمەن تەننى گويا چۇشەكتە.
بولسىمۇ ماھۇق ياستۇقۇم پۇزۇر،
كېسىكىڭدەك بەرمىدى ھۇزۇر.
چۈشۈمدە كۆرىمەن لەززەتلىرىڭنى:
سەيلىلىرىڭنى، مەشرەپلىرىڭنى،
گۈللۈك ھويلا-ئاراملىرىڭنى،

چۆمۈچلەر چۈشكەن باراڭلىرىڭنى،
قوغۇنلۇق ھەم باغچىلىرىڭنى،
شېكەر سۈيى، كۆكچىلىرىڭنى،
بادام، ئەنجۈر، گىلاسلىرىڭنى،
ئانار، ئۈزۈم، توغاچلىرىڭنى،
پۈچىلىغان كۆكباشلىرىڭنى،
چامغۇر سالغان سۈيقاشلىرىڭنى،
پىژىلداپ تۇرغان كاۋاپلىرىڭنى،
شېرىن مۇسەللەس-مەيزاپلىرىڭنى،
باغلىرىڭنىڭ بۇلبۇللىرىنى،
راۋاپلىرىڭنىڭ مەرغۇللىرىنى،
جەۋلان قىلغان ئۇسسۇللىرىڭنى،
مېھماندوستلۇق يوسۇنلىرىڭنى...
ئاھ، شۇ چۈشلىرىم بۇزۇلمىسىدى،
بەلكى ئۇ مېنىڭ ئوڭۇم بولسىدى...
ھەربىكىتىمدە ئوڭلۇق مەززە يوق،
ئارامىمنىڭ راھەت پەيزى يوق.
سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆگەنگەن ناخشام
ماڭا ھەمراھ ئۇيقۇسىز ئاخشام.
ئوقۇيمەن ئۇنى ئۆكسۈپ ئارانلا،
شۇمۇ كۆڭلۈمگە بىرئاز تەسەللا.
تۇرنىلاردىن سورايمەن سېنى،
شامالLاردىن پۈرايمەن سېنى.
سەن تەرەپتىن ئالسام خەت-خەۋەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياكى كەلسە بىرەر ھەمشەھەر،
سېنى كۆرگەندەك راھەت ئالىمەن،
قىن-قىنىمغا سىغماي قالىمەن.
ھالىڭ ئالدىمدا بولدى نامايان،
ئىلكىمگە ئالدى مېنى ھاياجان.
قۇۋاندىم يېڭى قىياپىتىڭدىن،
قۇۋاندىم بەخت-سائادىتىڭدىن.
قۇۋانسام گەرچە بىر جەھەتتە مەن،
بىر جەھەتتە خىجالەتتە مەن...
ئانا يۇرتۇم، ئەپۇ قىل مېنى،
ھىجرىڭدە سەرسان مەجنۇن بىل مېنى.
چۈشەندىم چىن مۇھەببەتنى مەن،
ئوقۇيمەن دائىم شۇ ھېكمەتنى مەن:
گاداھقا ئۆز تۇپرىقى تەختدۇر،
شۇ تەختتە تۇرماق ئۇلۇغ بەختدۇر!
سەن ماڭا ئەڭ ئەزىز ئانا سەن،
جىمى يۇرتتىن ئەزىزانە سەن.
ئىشقىڭ-ئىمانىم، قىبلەم سەن مېنىڭ،
تاۋاپگاھىم-كەئبەم سەن مېنىڭ.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئالسام دالالەت،
قالغايمۇ مەندە ھەسرەت-نادامەت.
بېشىم بىلەن ماڭساممۇ مەيلى،
يول ئازابى مەن ئۈچۈن سەيلى.
بوسۇغاڭغا قويغاندا قەدەم،

بەلكى ھوشۇمدىن كېتەرمەن شۇ دەم.
شۇندا سۇيۇڭدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم،
تېنىم يايراپ، سەگىيمەن چوقۇم.
سالامىمنى ئالساڭ ئىلىككە،
يەتكۈزەتتىڭ بېشىمنى كۆككە.
باغرىڭغا قويۇپ ئاشۇ بېشىمنى،
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ تۆكسەم يېشىمنى؛
شۇندا بېقىپ ئىللىق نەزەردە،
بەزلەپ يېشىمنى سۈرتسەڭ ئەگەردە،
قالاتتىم خۇددى قۇشتەك يېنىكلەپ،
كىم يەكلىسۇن مېنى غېرىپ دەپ.
ئاڭلىسام بىر-بىر داستان سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۈرتسەم باسقان ئىزىڭنى.
خىزمىتىڭنى قىلسام قول بولۇپ،
يايرىماسمۇ كۆڭلۈم گۈل بولۇپ.
ئوينىسام ھېيت-بايرامنى بىللە،
ئاڭلىسام سۇناي، ناغراڭنى بىللە؛
تەڭكەش قىلىپ ياڭراق ساداغا،
ھېيتگاھ ئالدىدا چۇشسەم ساماغا.
قوشۇلۇپ جۇشقۇن پەيز-زوقۇڭغا،
سالام بەرسەم شانلىق تۇغۇڭغا. . .

1983-يىل ماي-ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# تاك ئاشىقى

(قازاق ئاقىنى تاڭجارىقنى ئەسلەپ)

سەن جاھالەتنى غەزەپلىك قامچىلاپ،
مەرىپەتنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ،
ئۆندىدىڭ ئەلنى گۈزەللىك ۋەسلىگە،
گاھى رەنجىپ، گاھ كۈلۈپ، گاھ ئاھ ئۇرۇپ.

يوق بۈگۈن يۇرتۇڭدا زۇلمەت ئوردىسى،
كەلدى سەن كۈتكەن زامان، تاڭ يورۇدى.
دەۋرىمىزدە ئاچتى گۈل ئارمانلىرىڭ،
مەرىپەت بۇلبۇللىرى شوخ سايرىدى.

ھەق-ئادالەت ئالدى جاي تۆردىن بۈگۈن،
كۆزلىرى ئالاق-جالاق تۆھمەتچىنىڭ.
تۇپىدا ياتساڭمۇ، ئەي تاك ئاشىقى،
مەڭگۈ چاقنايدۇ گۆھەر تۆھپەڭ سېنىڭ.

1983-يىل ئىيۇن.

# „قوزىۋاي“

„قوزىۋاي“ نامى بىلەن داڭ چىقارغان لەززەتلىك
ئىلى تاۋۇزى ئارىلىقتا يوقاپ كېتىپ، بۇ يىل
يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

مانا ئالدىمدا بىر جۇپ قوزىۋاي
ھىلىلا ئۈزۈلۈپ كەلگەن پىلەكتىن.
تاپقاندەك يوقالغان قەدىناسنى مەن،
سۆيۈنۈپ يايراپ كەتتىم بۆلەكتىن.

سوقىچاق، يېشىل، يوللۇق سىياقى
چاقنىتار كۆزۈڭنى، گوياكى زۇمرەت.
پوستىغا پىچاق تېگە-تەگمەيلا
تارىسلداپ يېرىلدى چاچرىتىپ شەربەت.

ئېلىپ بىر تىلىمنى،
ئىككى-ئۈچ شوراپ
ۋە تولدۇرۇپ قوۋۇزلىرىمنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاڭلىيىمغا بېسىپ سۈمەرگەن ئىدىم،
لەززىتى ئىچىمگە ئاقتى غۇرقىراپ.

يۈرىكىم باشقىچە سەگىپ كەتتىغۇ،
تاۋۇزلارنىڭ سەرخىلىنى يەپ.
ئاھ،
ئۇزۇن يىللىق تەشنالىقىمنى
باستىڭغۇ، قوزىۋاي،
باستىڭغۇ ئەجەپ.

توۋا،
ھەيرانمەن،
ئەي قەدىناس شەربەت،
ئارىدا نەگە يوقالغان ئىدىڭ؟
بەلكى "تۆت كونا" تىزىملىكىگە
پۈتۈلۈپ ئەۋرەزگە تاشلانغانمىدىڭ؟
ھېلىمۇ قۇرۇپ كەتمەپتىكەنسەن،
تېپىپسەن ئاخىر پەسلىڭنى يەنە.
ئازاد دېھقان دوقالدىن كېيىن
ياشنىتىپتۇ نەسلىڭنى يەنە.

قوزىۋاي،
قەدىناس تىيانشان شەربىتى،
ھەقلىق سەن تىيانشانغا ئوخشاش ياشاشقا.

سەنمۇ ھەقدار يەر، سۇ، ھاۋاغا،
سەنمۇ ھەقدار ئىللىق قوياشقا.

ئوخشىغىن، قوزىۋاي،
يەتكىن ۋايىغا.
ئانا تۇپرىقىڭدىن ئوزۇق-تەم ئېلىپ.
ئورۇن ئال بېيجىڭ كۆرگەزمىسىدىن،
كۆمۈلگەن داڭقىڭنى نامايان قىلىپ.

1983-يىل ئاۋغۇست، قورغاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## ياماتۇنىڭ تويى

ئىلى دەرياسىنىڭ ياماتۇ كېچىكىگە سېلىنغان زامانىۋى كۆۋرۈك بۇ يىل 26-ئاۋغۇستتا پۈتۈپ، داغدۇغا ئىچىدە قاتناش باشلاندى.

ھەي ئوماق بالىلار،
سەكرەپ-تاقلاپ، چۈۋلاپ-چۇرقىراپ،
نەگە ماڭدىڭلار مۇنچە ئالدىراپ؟
—كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا،
"باركاللا" توۋلاپ بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

—ھەي نۆۋەر يىگىتلەر،
ماڭدىڭلار ئاتلارنى قامچىلاپ نەگە؟
ياكى بارمىكەن بىر يەردە بەيگە؟
—كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا
"يۆلەن" تارتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

—هەي قىز-چوكانلار،
ماشىنا ئۈستىدە توۋلىشىپ،
نەگە ماڭدىڭلار بۇنداق ئولىشىپ؟
—كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا
”يار-يار“ ئېيتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا.

—هەي بوۋاي-هەي مومايلار،
نەگە، هارۋىنى چاپتۇرۇپ شۇنچە؟
نېمە ئاۋارە ئىسسىقتا مۇنچە؟
—كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا
پەتە بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا.

—كىمنىڭ تويى،
قانچە تويدۇ بۇ؟
ئەجەپمۇ بىر داۋرىڭى چوڭغۇ!

—بەللى، ئەپەندىم،
نەلىك ئۆزىڭىز؟
نېمىسى ”قانداق توي“ دېگىنىڭىز؟
بۇ شۇنداق داغدۇغىلىق ئۆتىدىغان توي،

ئىككى ياقتىن "هاي يۆلەن" تارتىدىغان توي.
سېلىپ گاڭدىن پاياندار دەريا ئۈستىگە،
ئۇ قات بىلەن بۇ قاتنى چاتىدىغان توي.

1983-يىل 27-ئاۋغۇست، غۇلجا.



# پىئونېرنىڭ سۆزى

بىر توپ پىئونېر تاغقا ياماشتۇق
چوققىنى كۆزلەپ.
ياماشقانچە،
تىرماشقانچە
باردۇق ئىگىزلەپ.

ھەر سىلجىشتا
يېقىنلاشتۇق بىر قەدەم
مەنزىلىمىزگە.
كۆمۈش تەرلەر بەدەل بولدى
مەرتىۋىمىزگە.

ئوينىپ كەتتى يۈرەكلىرىمىز
تۇغىمىز چوققىدا لەپىلدىگەندە.
يولىمىزغا باقساق قايرىلىپ،
ئاق بۇلۇتلار قاپتۇ تۆۋەندە.

دېڭىزنىڭ شۇندا:
ئاددى نەرسىمۇ
خۇراپات ئالدىدا تىلسىمات ئىكەن.
چۈشەندۈق شۇنى:
«بۇلۇت ئۈستىمىزدە تۇرىدۇ دائىم»-
دېگەن سۆزمۇ خۇراپات ئىكەن.

1983-يىل 31-ئاۋغۇست، ئىلقا.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېئىر مەشرىپى

شىخەنزىدە ئۆتكۈزۈلگەن «بوستان شامىلى» شېئىرىيەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن.

جەم بولدۇق ۋەتەننىڭ يۈزلەپ شائىرى،
جۇڭغار باغرىدا
ئالدى بىزنى قوينىغا بوستان.
سالاملىرىمىز خۇددى مەسنەۋى،
پاراڭلىرىمىز تۈگىمەس داستان.

سورۇنىمىز گوياكى مەشرەپ،
شېئىر ئۇنىڭ نەغمە-ناۋاسى.
سىمفونىيە بولۇپ ياڭرايدۇ بۇندا
خۇاڭخې، چاڭجياڭ،
جۇجياڭ، خېيلوڭجياڭ
ھەمدە تارىمنىڭ جۇشقۇن ساداسى.
ئاقباش بوغدا كۈلمەكتە ئەنە،
ئىجابەت بولغاندەك تەلەپ-دۇئاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالىپ تىپانشان سەنەمگە دەسسەپ،
دىلكەشلىك بىلەن تارتتى ئۇسسۇلغا
تەيشەن بىلەن ھىمالايانى.
كۆرۈۋاتىمەن "مىلىك ئۆي" تېمىدىن
پەسكە چۈشۈپ جەۋلانغا كىرگەن
كۆيچى، ئۇسسۇلچى بۇلبۇلگويانى.

بۇ يەردە ئېچىلدى بۇگۈن گۈل بولۇپ
مۇتەللىپىنىڭ چاچرىغان قېنى
ۋە ئەي چىڭنىڭ ئاققان تەر-يېشى.
شۇ گۈللەرنىڭ ئىغاڭلاشلىرى
ئەمەسمۇ شېئىر سىڭگەن زېمىنىنىڭ
نەغمىمىزگە تەڭكەش ئالقىشى.

دەۋرىمىز باھار،
ئاشىقلارچە كۆيلەيلى ئۇنى
بۇلبۇل بەرگەندەك ئىشقىنى گۈلگە.
يۈرەك سۆزىنى گىرەلەشتۈرۈپ،
باراۋەر، سەمىمىي ئىناقلىق ئۈچۈن
ئورنىتايلى جىلۋىدار ئۇلگە.

1983-يىل 2-سېنتەبىر، شىخەنزە.

# تۇرپان مېھمانخانىسى

مانا، تۇرپان مېھمانخانىسى،
نەزىرىمنى ئۈزەلمىدىم مەن
قالغاندەك ئاڭا كۆزۈم باغلىنىپ.
ئەركىم قېچىپ ئىلكىمدىن مېنىڭ،
كېتەلمىدىم يېنىدىن ئۇنىڭ
ئۇ يان ئايلىنىپ،
بۇ يان ئايلىنىپ.

قاراپ راۋاق، مۇنارلىرىغا،
گويا بېشىم تاقاشتى كۆككە،
ئۆزۈم يەردە تۇرسامۇ گەرچە.
كەشتىدەك نەپىس نەقىشلىرىدىن
ھۇزۇرلىنىپ كۆزۈم تورلىشىپ،
پىچىرلايمەن مەستانىلەرچە.

كۆردۈم گويا مۇشۇ تاپتا مەن
زامان غۇرۇرىدا كۆكسىنى كەرگەن

مەغرۇر گەۋدىنى.
كۆردۇم گويا
بەقەسەم تونلۇق،
بادام دوپپىلىق
خۇشال ئۇيغۇرنىڭ ھۆسنى، قەددىنى.

ئۇ شۇ تاپتا بويىنىنى سوزۇپ،
تەبەسسۇم بىلەن
تيەنئەنمېنگە قاراۋاتىدۇ.
"ئەزان ئېيتقاندەك تۇرىدۇ" دەمسىز؟
يوقسۇ،
ئەنە، تىڭشاپ بېقىڭا،
زامان مۇقامىنى توۋلاۋاتىدۇ.

ئەنە،
يۈركىنىپ ئۇزۇم باراڭلىرىغا،
جالا ئېسىپ ئىشىكلىرىگە،
ئېگىلىپ تۇرىدۇ كېمىر سارايلار.
"مەرھەمەت" دەپ،
ھۆرمەت لەززىتىگە تولدۇرار دىلنى
شەربەت يۇرتىنىڭ پەرىزاتلىرى—
كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلار.
ھەم "رەھمەت"كە چۆمۈلەر دائىم
داستىخان يېيىپ يىلىقمايدىغان
ئۇيغۇر يوسۇنلۇق مېھماندۇستلۇقى.

ھوكەرلەر ئېسىلغان باراڭ ئاستىدا
قىزىپ تۇرىدۇ كەچكى بەزمىسى،
تۈگىمەيدۇ نەغمە-ناۋاسى،
ئۆكسۈمەيدۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى.

ئېيتىڭا،
بۇ مېھرى ئىسسىق سارايغا
قايسى ئۆلكىدىن مېھمان كەلمىدى؟
يەتتە ئىقلىم سەيياھلىرىدىن
كىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمىدى؟
ئاڭلىمىدۇق دېمەڭلار يەنە،
كۆرۈپ ئۇنى زوقمەن كۆز بىلەن
جۇڭنەنخەيمۇ ئاپىرىن دېدى.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆسنى بار،
مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق شەكلى بار.
مېمارچىلىق گۈلىستانىدا
ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسا،
بۇنىڭ كىمگە،
نېمە دەخلى بار؟

ئەي گۈزەل تۇرپان مېھمانخانىسى،
قەدىم تارىخنىڭ يېڭى بالىسى.
سۇنۇلدى ساڭا مىسرالار بىلەن
يۈرىكىمنىڭ تەبرىكنامىسى.

www.uyghurkitap.com

شۇ سۆزگىمۇ قۇلاق سالسىنا،
گۈزەل ئۆلكەڭنى كەڭرى يايسىنا،
ئەي ئازاد سەنئەت نامايەندىسى!

1983-يىل 15-سېنتەبىر، تۇرپان-ئۈرۈمچى.



# ئېتىزدا باھار

قوياشنىڭ ئۆرلىگەنچە ھارارىتى،
باشلاندى ئىللىق شامال زىيارىتى.
ئاق تونىنى چۆرۈپ، يېشىل لىباس كىيىپ،
زېمىننىڭ جىلۋىلەندى قىياپىتى.
قۇشلارنىڭ نەغمىسىدىن سۆيۈندى جان،
ئەمەسمۇ نەغمە دېگەن جان راھىتى.
ئېتىزدا بەس-بەس بىلەن ئىش قايىندى،
دۇيجاڭنىڭ لازىم ئەمەس نازارىتى.
دېھقان خۇش مايسىلارغا كۆلۈپ قاراپ،
بۇ يىلمۇ ئوخشايدۇ دەپ زىرائىتى.
ئوغلىغا تاپىلايدۇ دېھقان بوۋاي:
"باشلاندى ئەمدى يۇرتنىڭ پاراغىتى.
ياراشتى ھۆكۈمەتنىڭ ھالال ئىشلەپ،
باي بولغىن دېگەن يېڭى سىياستى.
پاتقانتى جېنىمىزغا نامراتچىلىق،
قوش ئىدى جاپا بىلەن ئاھانىتى.
ئەمدىغۇ ئىشلىگەننىڭ قەرزى توگەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپەيدى بانكىدىكى ئامانىتى.
باي بولغىن، بىراق ئاچكۆز بولما، بالام،
بەك يامان ئاچكۆزلۈكنىڭ خىجالىتى.
باھارنىڭ ھەر كۈننى يىلغا تەڭ دەپ،
چىڭ تۇتۇش-مول ھوسۇلنىڭ كاپالىتى.
دوقالمۇ ئىللىق پەسىل كۈشەندىسى،
نەدە يوق ياخشى-يامان رىقابىتى؟
دوقالنى ئۆتكۈنچى دەپ سەل چاغلىما،
غاپىلغا چوڭدۇر ئۇنىڭ تالاپىتى.
تەق قىلساڭ تەييارلىقنى سەگەك بولۇپ،
چاغلىقتۇرۇر دوقالنىڭمۇ كارايىتى."

1984-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



## پەشتاقتا

بىر تۇرۇپ ھەيران بولىمەن،
بىراق
خۇشاللىقىمدىن قىزاردى بېتىم.
ئالقىشلىنارمەن دېمىگەن ئىدىم
پەشتاققا چىقىپ ئىككىنچى قېتىم.

دەل بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن
مۇشۇ مەيداندا،
مۇشۇ پەشتاقتا
لەنەتلەنگەن ئىدىم "بۇزۇق ئۇنسۇر" دەپ،
بوينۇمدا تاختاي،
قولۇم باغلاقتا.

ئۇ چاغدىكى گۇناھىم شۇكى:
"كاپىتالىزم يولغا ماڭغان."
بىرنەچچە قېتىم كۆكباش ساتقىنىم
بۇنىڭ ئىسپات-دەلىلى بولغان.

سوراپتىمەن مەنمۇ ئۇلاردىن:
”كاپىتالىزم دېگەن ئوپقانمۇ
ماڭا ئوخشاش
ئىككى پۇڭ يەرگە
قوناق تېرىپ كۆكباش ساتقانمۇ؟“

گۇناھ بولدى گۇناھ ئۈستىگە
شۇ مەيداندا مېنىڭ بۇ سۆزۈم.
ئەۋجىگە چىقىپ تەستەك ئويۇنى،
قانغا بويىلىپ كەتتى باش-كۆزۈم...

* * *

ئۇزۇن ئۆتمەي جاھان ئوڭشىلىپ،
تاپتى مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئېمىن.
ئىش-ئوقتىم كەتتى يۈرۈشۈپ،
”ئىشلەپ باي بول“ دېگەندىن كېيىن.

تېرىلغۇدا مىڭ جىڭچى بولدۇم،
باغۋەنچىلىكتە ئۈلگە ئاتالدىم.
تاپاۋىتىمنىڭ ئۈستىگە يەنە
ھۆكۈمەتتىن مۇكاپات ئالدىم.

يەتتە جان بىز،
ئۈچ ئەمگەكچى بار،

بۇلۇشۇۋالدۇق ۋەزىپىمىزنى.
پېقىر باغنى ھۆددىگە ئالدىم،
خوتۇن كۆكتاتنى،
ئوغلۇم ئېتىزنى.

قوشنامغىمۇ يار-يۆلەك بولۇپ،
دۇئاسىنى ئالدىم بوۋاينىڭ.
دېدى ئۇ: ”تېخىمۇ ئامىتى كەلسۇن
ساڭا ئوخشاش يېڭىچە باينىڭ.“

بارغانسېرى ئۇزاردى قولۇم،
ئۆتتۇۋاتىدۇ ھەر كۈنۈم تويدەك.
كېلىپتۇ بۇلتۇر دارامىتىمىز
جان بېشىغا ئىككى مىڭ كويدەك.

”يېڭىچە باي“ دەپ مۇبارەكلەندىم
ئىككىنچى قېتىم پەشتاقتا چىقىپ.
يىغلىۋەتتىم
تاختاي ئورنىغا
تەقدىر نامىنى كۆكسۈمگە يېقىپ.

* * *

بۇ يىل پەشتاقتا
يېڭىچە بايلار

بۇلتۇرقىدىن ئارتۇق چىقىدۇ.
شۇ قاتاردا بولىمەن مەنمۇ،
بولمىسا، قانداق ھاردۇق چىقىدۇ.

1984-يىل.



# يېشىلزارلىق ئالدىدا

يېشىل ۋادىنى كۆرگەن چېغىمدا
يىگىت سېزىمەن خۇددى ئۆزۈمنى.
كۆرۈپ ئاقارغان ساقىلىمنى سەن،
يالغان دېمە بۇنداق سېزىمنى.

يېشىلزارلىق—ياشلىق باھارى،
يايرايدۇ كۆڭلۈم ئۇنىڭ زوقىدىن.
ئانا تۇپراق بولسا يېشىلزار،
قايغۇم يوق مېنىڭ ساقال ئېقىدىن.

يېشىلزارلىققا سىڭمىسە ئەجرىڭ،
ئانا تۇپراققا يوق ئىكەن مېھرىڭ.
زارلىنىشقا ھەققىڭ يوق سېنىڭ،
يوپۇرماقچىلىك بولمىسا قەدرىڭ.

1984-يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## كېرىلمە، ئەي چۆل

لەنجۇدىن تا ئۈرۈمچىگىچە
قانداق بېسىپ كەلدىمكىن يولنى،
كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش بولدى كۆرۈپ
ئىككى ياقتىكى قەدىمىي چۆلنى.

ئەسلىتىدۇ چۆلنىڭ تېلەتى
كۈرمىڭ ئاۋاق، ئاچ تىلەمچىنى.
كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى،
قانداقمۇ سىڭسۇن
ئادەمنىڭ يېگەن ئاش-نېنى!

شورتاڭ ھاڭلار،
قاقاس چوققىلار
سانامدۇ باتۇر بىزدىن ئۆزىنى؟
دەۋرىمىزنى مازاق قىلغاندەك،
پۈرۈشتۈرىدۇ خۇنۇك يۈزىنى!

كۆرۈپ ئاشۇ سۆرۈن تېلەتنى،
ماڭا بۇگۈن هار كەلدى بەكمۇ.
دېدىم: ئەي چۆل، كېرىلمە ئانچە،
ئەمدى بىز ساڭا يەنە بوزەكمۇ؟

* * *

قىلساقمۇ شۇنچە يەرلەرنى ئاۋات،
ئاز ئەمەس ئىكەن ۋەيرانچىلىق تېخى.
ئاز ئەمەس ئىكەن ئۆتمۈشنىڭ يوكى
ۋە بىهۇدە پالاكەت دېغى.

ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ مانا،
چوڭ چۆل تېمىسى—
چىگىش سوئاللىق.
جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئەمدى
ئېتى ئۇلۇغ غەربىي شىماللىق.

بىز پەقەت تارىخنىڭ شاهىدى ئەمەس،
بەلكى كۈرەشچان ئىشتىراكچىسى.
بىز كونا داغلارنى ئېرىغدىغۇچى
ۋە يېڭىلىقنىڭ ياراتقۇچىسى.

ئەي سۆرۈن چۆل،
كېرىلمە ئارتۇق،

بوزەك بولمايمىز ساڭا ئەمدى بىز.
چۆلنى گۈل قىلىمىز،
زەھەرنى ھەسەل،
چۈنكى دوست تۆتتۆق ئىلىم-پەننى بىز.

1984-يىل ماي.



# يېشىللىقنى قەدىرلە

يېشىللىقتىن جېنىم ئالغاچقا راھەت،
دېگەنتىم: ”بار ئۇنىڭدا نە كارامەت؟“
”يېشىللىق-ئانىسى ئىنسانىيەتنىڭ. . .“-
دېدى ئورمانشۇناس باشلاپ ھېكايەت.
دۇرۇس، ئادەم يېشىللىقتىن تۆرەلگەن،
يېشىللىق بەھرىمەن تاپقان كامالەت.
نېچۈن كۆكلەم دېدۇق ئىللىق باھارنى،
يېشىل-كۆكسىز باھاردىن يوق كالامەت.
خىزىرنى نە ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ دەيمىز،
بۇ نام شەرھى يېشىللىقتىن ئىبارەت.
سالام قىلغىن يېشىللىققا ھەمىشە،
ئۇنىڭسىز ھېچ كىشى بولماس سالامەت.
ئەگەر ئەتراپ قاقاس بولسا، نە پايدا
قۇرۇلسا قانچە كۆپ يۈكسەك ئىمارەت.
يېشىللىقنى ئەگەر سۆيمەيدىكەن كىم،
ئۇنىڭدا بولماس ئىنسانىي لاياقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆچەت تىكمەك ئۇلۇغۋارلىق نىشانى،
ئۇنى نابۇت قىلىش جەزمەن جىنايەت.
ئۇجۇقسۇن بۇ جىنايەت ئەھلى، چۈنكى
تىلەيدۇ ئەلگە ئۇ ئاپەت-پالاكەت.
غازاڭنى دەسسىمە، دوستۇم، قاراپ ماڭ،
ئۇ بىر چاغلاردا بەرگەن ئەلگە راھەت.
كۆچەت تىككىن، يېشىللىقنى قەدىرلە،
دېسەڭ: راھەت كۆرەي بولماي خىجالەت.

1984-يىل ياز.



# چەكمىگىن غەم مەن ئۈچۈن

ئەي رەپىق، كۆڭلۈڭگە رەھمەت، چەكمىگىن غەم مەن ئۈچۈن،
ئۆلگىنىم يوقتۇ، تىرىك مەن، تۇتما ماتەم مەن ئۈچۈن.
مەن بىراۋنى دوست دېسەم، ساتماق بولۇپتۇ ئۇ مېنى،
يەتكۈزەركەن جۈت-بالا نادان ئەقىدەم مەن ئۈچۈن.
كىمكى تۆھمەتنى دەلىل دەپ يەكلىسۇن، مەيلى مېنى،
بولمىغاي بۇ ۋەجدىن ھېچبىر نېمەم كەم مەن ئۈچۈن.
ئۆزگىنىڭ نېسىۋىسىدىن ھېچ تەمەيىم يوق مېنىڭ،
بۇ رەزىللىكنى راۋا كۆرمەس ئىرادەم مەن ئۈچۈن.
دوزىخي دېسە مېنى كۆيدۈرگىلەر، مەن جەننەتىي،
قارغىسا خەلقىم مېنى، لايىق جەھەننەم مەن ئۈچۈن.
ئەلنى رەنجىتمەس ئۈچۈن ئالغان ئانام مەندىن قەسەم،
ئەل بىلەن ھەمدەملا بولسام، ئەلمۇ ھەمدەم مەن ئۈچۈن.
مەنمۇ نۇقسانسىز ئەمەس، دوستۇم ماڭا بولغىن تېۋىپ،
ئاغرىتىپ قىلغان سۆزۈڭ بولغۇسى مەلھەم مەن ئۈچۈن.

1984-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## چوغلۇق يېنىدا چاقچاق بار ئىكەن

چوغلۇقتا قول ئۇزاتقان ئىدىم،
چېقىۋالدى چاقچاق شۇ ھامان.
"نېمە قىلغىنىڭ؟"- دېسەم، دەيدۇكى:
"مەن بۇ يەردە گۈلگە پاسىبان."

چوغلۇق دېگەن سۆيۈملۈك بىر گۈل،
چوڭ بىر زىنىنتى باھارنىڭ، يەرنىڭ.
تۇۋا، نېمە لاياقىتى بار
پاسىبان بولۇشقا گۈلگە زەھەرنىڭ؟

ھەيران بولۇپ ھەيرانلىقىمغا،
دېدى ھېكىم كېلىپ يېنىمغا:
"زەھەر ئوتىنىڭمۇ رەڭگى سەت ئەمەس،
گۈلگىمۇ خېلى ئوخشاپ قالىدۇ.
گۈلگە ئوخشاش ئۇمۇ ھەمىشە
تەبىئەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ.
شۇ خىسلىتى ئاجايىپ ئۇنىڭ:

گۈلنىڭ يېنىدا ئۈنۈۋالدۇ.
ياشاپ گۈلنىڭ باھانىسىدا،
گۈلگە پاسىبان بولۇۋالدۇ.
گۈل ئاشىقى سەگەك بولمىسا،
بارمىقىنى چىشلەپ قالدۇ. . .“

* * *

مەن ھېكمىدىن ئاڭلاپ بۇ سۆزنى،
بىخۇتلۇقۇمنى يەنە بىر سەزدىم.
بۇ ئەتىۋار، ئاچچىق ساۋاقنى
چاقچاق چاققان يېرىمگە يازدىم.

1984-يىل 4-ئىيۇن، قورغاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

## سالامەت بولۇڭ

—ھۆرمەتلىك پېشقەدەم سەنئەتكارىمىز زىكرى ئەلپەتتاغا ئاتاپ

ساز ئۇچۇن بەخشەندە بولغاچ بارىڭىز،
سازغا ئوخشايدۇ گويا دىدارىڭىز.
ناخشىغا جور ئەيلىدى ئادەم تۇگۇل
مەست قىلىپ بۇلبۇلنىمۇ دۇتارىڭىز.
چەكتى ئەلنىڭ قەلبى تارىنى ئەجەب
ساز بىلەن قىلغان كۆڭۈل ئىزھارىڭىز.
يېڭى باب بولدى مۇقام دىۋانىغا
جانغا راھەت جىلۋىدار "روخسارى"ڭىز.
تاش بىلەن گۆھەرنى پەرق ئەتمەيدىغان—
بىناۋالار بولمىسا خۇشتارىڭىز،
كارى چاغلىق بولسىمۇ ھاتەم ئۇلار،
شۇ غەنىمەت—بولسا خەلق دىلدارىڭىز.
نەغمىمىز ئەۋجى ئۇچۇن ساغلام بولۇڭ،
ئۇڭلىنىپ كەتسۇن كېسەل دىشۋارىڭىز.

1984-يىل 2-ئىيۇل.

# چوقفدىكى قارىغاي

يىراقتىن قارىسام،
گويا تاغدەك ئېگىز بىر ئادەم
چۈشمىسۈن دەپ بېشىمغا ئاپتاپ،
يېشىل كۆنلۈك تۇتۇپ تۇرىدۇ.
ياق،
بۇ بەلكى ئۇنىڭ يامغۇرلۇقىدۇ،
چۈنكى ئۇستىدە
بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

قارىسام ئايلىنىپ يەنە بىر ياندىن،
كۆنلۈكمۇ ئەمەس،
ياكى يامغۇرلۇق.
بەلكى بىر ھەيۋەتلىك ئەزىمەت بۈركۈت.
ئۇ كېرىپ يېشىل قاناتلىرىنى،
سوزۇپ يېشىل بويۇنلىرىنى،
ئىنتىلىپ تۇرىدۇ پۈتىنى جۈپلەپ،
گويا ئۇچۇشقا قىلىپ تەرەددۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىنراق بېرىپ قارىغان ئىدىم،
ئادەم دېگىنىم بەلەن بىر چوققا.
كۈنلۈك، يامغۇرلۇق، بۇركۈت دېگىنىم
تاشنى يېرىپ چىققان قارىغاي ئىكەن.
پاھ،
تەبىئەت نەقەدەر ئۇلۇغ سەنئەتكار،
ھەربىر نەقىشىدە سانسىز جىلۋە بار،
ئۇ ھۆنەرگە چەكسىز باي ئىكەن.

1984-يىل 4-ئاۋغۇست، خۇاڭشەن.



## خۇاڭشەنگە چىققاندا

بۇ يىل ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر، گۈزەل مەنزىرىلىك تېغى — خۇاڭشەندە زىيارەتتە بولۇپ، بەكمۇ لەز-زەتلىك تەسىرات ئالدىم.

خۇاڭشەن، سېنىڭ تەرىپىڭ
يېتەكلەپ زوق-مەيلىمنى،
ئېلىپ كەلدى ۋەسلىڭگە.
قەدەم قويۇپ باغرىڭغا،
يوقاتقاندەك ھوشۇمنى،
مەپتۇن بولدۇم ھۆسنۈڭگە.

ئاتلاپ كۆرمىڭ پەلەمپەي،
ئاسمان كۆلى[1] بويىغا
باردىم ئاخىر يېتىپمۇ.
باقسام راۋاق ئۈستىدىن،

---

① ئاسمان كۆلى—خۇاڭشەندىكى بېيخەي كۆلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايغا يېقىن قاپتىمەن،
پەستە قاپتۇ "قۇتۇپ"[1] مۇ.

ئولتۇرغانچە قۇياشمۇ،
ئاق بۇلۇتلار ئايلاندى
ئاستا-ئاستا قىزىلغا.
بۇلۇت ئەمەس، پەرىزات
كۆڭلەك كېيىپ شەپەقتىن،
چۈشتى لەرزان ئۇسسۇلغا.

پەسكە باقساڭ ئېگىزدىن،
كۆرۈنىدۇ زېمىندىن—
ئاسمانغىچە باراقسان.
بۇ گۈزەللىك ئالدىدا
تەنگە سىغماي قالىدۇ
ھاياجاندىن تىرىك جان...

خۇاڭشەن، سېنىڭ باغرىڭدا
بولۇپ گويا قوزىچاق،
ئويناقلىغۇم كېلىدۇ.
بۇلۇت بولۇپ بىر تۇرۇپ،

[1] قۇتۇپ—خۇاڭشەندىكى يۇكسەك بىر چوققىنىڭ نامى.

ئاسمان-پەلەك چوققاڭنى
قوچاقلىغۇم كېلىدۇ.

بۇلبۇل بولۇپ بىر تۇرۇپ
قۇشلىرىڭغا جور بولۇپ،
خەندان ئۇرغۇم كېلىدۇ.
بولۇپ گويا كېپىنەك،
خۇش پۇراقلىق گۈلۈڭنى
شوراپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

بېلىق بولۇپ بىر تۇرۇپ،
كۆللىرىڭنىڭ قوينىدا
شۇڭغۇپ ئۈزگۈم كېلىدۇ.
ئاق قۇ بولۇپ بىر تۇرۇپ،
بالىتچىدەك تولغىنىپ
جەۋلان قىلغۇم كېلىدۇ.

خۇاڭشەن، سېنىڭ پەيزىڭدىن
ئۆچمەس گۈزەل ئىز قالدى
مېنىڭ يۈرەك-قەلبىمدە.
ياندىم قاراپ تىيانشانغا
سالىمىڭنى قۇچاقلاپ،
قالدى كۆزۈم كەينىمدە.

1984-يىل 7-ئاۋغۇست، خۇاڭشەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يۈرەك سوۋغىسى

—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 30 يىللىق تويىغا

سالام قازاق، سالام تۇغقان قېرىنداش،
سالام ساڭا، قىزىل تۇغلۇق ۋەتەنداش.
شېئىرىم بىلەن چاچقۇ چاچاي تويۇڭغا،
بولغاچقا مەن سېنىڭ بىلەن يوسۇنداش.

تەبرىكلىدى ئاستانىمىز تويۇڭنى،
تەبرىكلىدى دوستلار كېلىپ ئۆيۈڭنى.
بىر سورۇندا دومبىراڭغا جور بولاي،
ئىچىپ تۇرۇپ قىمىزىڭنى، چېيىڭنى.

بىز ئەمەسمۇ بىر قازاندا قايىنىغان،
بىر كۆيۈكتە يۈرەكلەرنى تاۋلىغان.
مۇسىبەتتە بەلگە بىردەك ئاق باغلاپ،
توي-تۆكۈندە بىللە ئۆلەڭ توۋلىغان.

بىز ئەمەسمۇ مۈلكىمىز تەڭ بۇلانغان،
بىز ئەمەسمۇ يامۇلغا تەڭ سولانغان.
تەڭ پالاق يەپ، بىللە ئېقىپ قېنىمىز،
ئوخشاش دەردتە دىل رىشتىمىز ئۇلانغان.

بىز ئەمەسمۇ جەڭدە بىللە يەڭ تۈرگەن،
بىز ئەمەسمۇ يىرتقۇچلارنى تەڭ سۈرگەن.
بىز ئەمەسمۇ قىزىل تۇغقا تەلپۈنۈپ،
ئازادلىقنىڭ لەززىتىنى تەڭ كۆرگەن.

بىز ئەمەسمۇ يېڭى، ئۇلۇغ سەپەرنى-
بىللە كەزگەن يېڭىپ جاپا، خەتەرنى.
بىللە تارتىپ زىيانداشنىڭ دەردىنى،
بىللە كۈلگەن قۇچۇپ يېڭى زەپەرنى.

مەيلى قانچە بولسۇن مىللىي پەرقىمىز،
ھەرگىزمۇ يات ئەمەس نىيەت، خۇلقىمىز.
تەقدىرىمىز تا ئەزەلدىن بىر ئىدى،
بۈگۈن ئۇلۇغ سوتسىيالىزم خەلقى بىز.

بۇ ئورتاقلىق مۈشكۈللەرنى ئۆڭتۈردى،
بۇ ئورتاقلىق بىزگە دۆلدۈل مىندۈردى.
بۇ ئورتاقلىق قوغلاپ قايغۇ-ئەلەمنى،
بۇ ئورتاقلىق بىزنى بىللە كۈلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئورتاقلىق بىزنىڭ ھايات ئوتىمىز،
مۇشۇ ئوتسىز ئىللىمايدۇ يۇرتىمىز.
بۇ ئورتاقلىق بىزگە قانات ھەمىشە،
بۇ قاناتسىز جەزمەن غۇلاپ كېتىمىز.

بۇنى ئۇنتۇپ قالساق ئىشلار ئاقامدۇ،
ئورتاق ئارزۇ ئورتاق ئۇنۇم تاپامدۇ؟!
قىتىغىرلار بازار تاپسا مۇبادا،
قۇربانلارمۇ قەبرىدە جىم ياتامدۇ؟

پاسبانى بىز بىرلىكنىڭ، ئۇتۇقنىڭ،
سۇيى ئورتاق بىللە قازغان قۇدۇقنىڭ.
ھوقۇق ئورتاق— گۈللىنىشنىڭ دەستۇرى،
مەستانىسى بولۇپ قالمايلى ھوقۇقنىڭ.

قازاق دوستۇم، مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس بۇ،
ماڭىمۇ سەن شۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ!
راست دېگەندەك ئۇنتۇلسا بۇ ھەقىقەت،
يەتتە ئاتىمىز بىزنى نامەرد دېمەسمۇ.

قازاق دوستۇم، ئاق ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ،
ئاق قىمىزنى ئاق كاسىغا تولدۇرۇپ،
ئىچىۋېرىپ سۆزلەپ قالسام ئەيىب ئەتمە،
ئوشۇق كەتسە، ئالاي ئۆزۈم ياندۇرۇپ.

قىممىزىڭغا بەكمۇ لەززەت كىرىپتۇ،
بۇ لەززەتتىن كۆڭلۈم شۇنداق ئېرىپتۇ.
مەنمۇ مەڭگۈ سادىق دوستلۇق شەرتىگە،
ۋەدە-ۋەدە، ئالدىمدا ئاق تۇرۇپتۇ..

1984-يىل 31-ئاۋغۇست.



## بىر سۈرەتنىڭ تارىخى

تونۇدۇڭمۇ، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟
سىنچىلاپ قارا،
ئوخشامدۇ ماڭا؟
”ئوخشايدىكەن ساڭا“ دەيسەنا،
ئوخشىمەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
سوراپ قالدىڭ،
تارىخىنى دەپ بېرەي ساڭا.

ئۇچامدىكىسى
گىمناستىيوركا—يېڭىلا كىيگەن.
بېشىمدىكىنىڭ ئېتى ”ئىسپانكا“،
ئاسقان تاپانچام ئولجىغا كەلگەن.
مەيدەمدىكى يۇلتۇز-مىدالىم،
بۇنى گېنېرال ئۆز قولى بىلەن
شىخودا بەرگەن...

بىر ئاخشىمى
بۆيرۈق بويىچە
ئاتلاندىم ”تىل“ تۇتقىلى مەنمۇ.
بۇنداق پەيتتە
تىمسىقلاپ ماڭماي بولامدۇ،
ئېپى-جېپى بىزگە بۇ يەرنىڭ
بەش قولدەك ئېنىق بولغان بىلەنمۇ.
تىڭشاپ ماڭىمىز شەپە چىقارماي؛
تىڭشايدۇ يالغۇز قۇلاقلا ئەمەس،
باشتىن تارتىپ تاپانغىچىلىك
پۈتۈن بەدەنمۇ.

. . . سېپىل تۈۋىگە
بىرەر چاقىرىم قالغان ئارىدا
هويلىدىن بىر قىز قاچتى چىرقىراپ.
هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كەينىدىن
كەلدى بىرى قوغلاپ هاسىراپ.
تونۇۋېلىپ قوغلىغۇچىنى—
گومىنداڭچى هەربىي ”نوچى“نى،
ئۆمىلەپ باردىم ئالدىنى توراپ.
دومىلىتىپ بىر چىرماق بىلەن
گەجگىسىگە مىنىۋالدىم-دە،
تارتىۋېلىپ تاپانچىسىنى،
ئاغزىغا پاختا كەپلەپ تىقتاب،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېلىپ ماڭدىم
قولىنى كەينىگە ماتاپ پۇختىلاپ.

سەپدىشىم شۇ ئان
"بۇخەيپا" دەپ ئۆللىق پىچىرلاپ،
توختاتتى قىزنى.
ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ بىر هازا
يىغلىۋەتتى كېيىن بۇقۇلداپ.
نىجاتكار دەپ چۈشىنىپ بىزنى.
ئۇ بىر يېتىم خەنزۇ قىز ئىكەن،
ئىسمى لى دا،
بىلىدىكەن ئۇيغۇرچە سۆزنى.
دېدى ئۆپكىدەپ:
"ماقۇل دېسەڭلار
مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ كېتەي.
ماقۇل دېسەڭلا،
ئۆز قولۇم بىلەن
جىمىقتۇراي ماۋۇ دەيۈزنى!..."

ياندۇق ئاستا كەلگەن تەرەپكە،
يول بويى ئېنىق ئەھۋالنى بىلدۇق.
بىز تۇتقان "تىل" مۇھىم "تىل" ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە باسقۇنچى مەخلۇق.
سەھەردە شتابقا تاپشۇرۇپ ئۇنى،
باشلىقلاردىن تەشەككۇر ئالدۇق.

كېيىنچە لى دا
ئۆزى قاتتىق تەلەپ قىلغاچقا،
روتىمىزغا سېپتىرا قىلدۇق.

بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئارىدىن،
شىخو ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن
غەلىبە شەنگە ئېچىلدى يىغىن.
ئالقىش ئىچىدە
قەھرىمانلارغا مىدال تاقالدى
ياڭرىدى قىزغىن تەبرىك، "ئاپىرىن!"

ئاشۇ يىغىندا
گېنېرال ئىسھاقبېك ئالدىمغا كېلىپ،
"ئەزىمەت!"- دەپ قولۇمنى قىسىپ،
ئۆز قولى بىلەن مۇشۇ مىدالنى
قويغان ئىدى مەيدەمگە ئېسىپ.
مەن مۇنبەردىن چۈشۈۋاتقاندا،
مۇخبىر تارتىپ مۇشۇ سۈرەتنى،
كېيىن گېزىتكە چىقاردى بېسىپ.
بۇ يادنامە غۇرۇرۇم مېنىڭ،
شەرىپىم مېنىڭ.
چۈنكى بۇنى
ئىنقىلاب ماڭا ئەيلىدى نېسىپ.

1984-يىل 23-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

# ۋەسيەت

ئاڭلىشىمچە، چەت ئەلدىكى بىر
دوستۇم مۇنداق دەپ ۋەسيەت
قىلغانمىش.

مەن ئۆلسەم ئەگەر
ئېڭىكىمنى لەڭمەن بىلەن چېتىپ قويۇڭلار.
جەسەتىمنى مەنتىگى بىلەن يۇيۇڭلار.
يەرلىكىمنى سادىر[1]سوققان ئەسۋابتا
ئېگىز دۆڭدىن ئويۇڭلار.
يۇزۇمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،
قىبلە-پىبلە دېگەن گەپنى قويۇڭلار.

1984-يىل.

[1] سادىر ئۇستام— مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر تۆمۈرچى. ئۇنىڭ ياسىغان پولات ئەسۋابلىرى بەك پۇختا بولغاچقا، "سادىر سوققان" دېگەن سۆز "پۇختا" دېگەن مەنىنى ئېلىپ قالغان.

## قالتىس مەسلىھەت

چىقىدىغان بولسا قىرىلار تۆرگە،
قويۇۋەت ھەم ئاقىا بويا ساقالنى.
ئەگەر ئۇ مەنسەپكە پۇتلىشىدىكەن،
يوقاتقىن يۇلۇپلا بۇنداق كاشالنى.

1985-يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇرپان شارابى كەلتۈرۈڭ

ساقى، ھالىمغا راپاۋەت بىلدۈرۈڭ،
تولدۇرۇپ تۇرپان شارابى كەلتۈرۈڭ.
بولمىسۇن شەرمەندە مەست دەپ غەم يېمەڭ،
كەيپىنى سۇرگەندە پەيزىمنى كۆرۈڭ.
ھەر يۇتۇمغا بىر بېيىتتىن ھەق تۆلەي،
قالمىسۇن نېسى، شۇ ئانلا ئۇندۇرۇڭ.
ئۆرلىمەكتە ھېسلىرىم ئۈچكەنسېرى،
مېنى ئىلھام سۇمرۇغىغا مىندۇرۇڭ.
ئىزدىمەيمەن كۆكتە جەننەت كەۋسىرى،
بۇ سەپەردە مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ.

1985-يىل 18-فېۋرال،
تۇرپان مېۋە ئۈچىملىك زاۋۇتى.

# بولمىسا

شان-شەرەپ ئەھلى بولۇش مۇمكىنمۇ باغۋەن بولمىسا،
كۆرستەلەمدۇ ئۆزىنى مەردمۇ مەيدان بولمىسا.
كۆردى كىم ئالتۇن قەپەسكە بەندە بۇلبۇل پەيزىنى،
ياكى ئالماس ئۇ غەزەل ئەركىن گۈلىستان بولمىسا.
بۇ جاھاندا كىم تەلەپ قىلمايدۇ ئەركىنلىك، بىراق،
كەلمىگەي شانلىق ئۇنۇم بىر توغرا مىزان بولمىسا.
تەڭ-باراۋەر ھەممىمىز ئىجادىي ئەمگەك ئالدىدا،
ياخشىسى شۇ: مەسلىھەت كۆپ بولسا، پەرمان بولمىسا.
"ئايدىمۇ داغ بار" دېگەن سۆزنى چۈشەنگەن ھەر كىشى
دېمىگەي: "ھەر نەرسە كامىل بولسا، نۇقسان بولمىسا".
مېھرىبان باغۋەن، سېنىڭدىن گۈل ئۈمىدى شۇ يەنە:
بىر ئۇسال چۆپ دەستىدىن گۈلزارمۇ پايخان بولمىسا.
كەلسە قىش ئۆز پەيتىدە چاغلىق ئۇنىڭمۇ تەشۋىشى،
ئەمما چوڭى تەشۋىش شۇكى سۇنئىي زىمىستان بولمىسا.
ھەممىمىزلا ياخشى سۆز قىلماقنى خالايمىز ھامان،
ياخشىسى شۇ: ياخشى سۆزلەر زادى يالغان بولمىسا.

1985-يىل 2-مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەن شۇنداق بىر ئوغۇل بالا مەن

(ساختىپەزگە ھەجۋىي رەسىم)

مەن ئۆزۈم شۇنداق بىر ئوغۇل بالا مەن،
ھەر يەردە ھەر ياڭزا بولۇۋالىمەن.
قول ئۇزاتمايمەن زىيان تەرەپكە،
قەيەردە نەپ بولسا يۇلۇۋالىمەن.

كىم ماڭا نەپ بەرسە كۈچۈكى بولۇپ،
مىنىمەن دېسە ئېشىكى بولۇپ،
بارغانچە تەڭداش شېرىكى بولۇپ،
كېيىنچە ئۆزىنى مىنىۋالىمەن.

بىراۋنىڭ تارتىش ئۈچۈن دىلىنى،
ياكى كولىماق بولسام ئۇلىنى،
دەسلەپتە ئەپلەپ ياغلاپ گېلىنى،
تىلىنى قىسقا قىلىۋالىمەن.

گۇمانخورنى تاپسام غەيۋەت تۆكىمەن،
ئىچى كاۋاكلارنى كولدۇرلىتىمەن،

كۆرۈنۈپ ئۇلارغا سادىق پېتى مەن،
قەلبىنى قىلتاققا ئىلىشۋالىمەن.

مەدھىيە جامىنى دەسمايە سېلىپ،
ماختانچاق زاتلارغا تۇتۇپ ئېگىلىپ،
بۇ شېرىن كەيپتىن سېخىي-مەرد قىلىپ،
يانچۇقلىرىنى ئۆرۈۋالىمەن.

مۇبادا دوست تۇتماق بولسام بىرىنى،
ئىزدەيمەن ھەمىشە ئاجىز يېرىنى،
ئەگەشتۇرگەندەك گويا بۆرىنى،
قاپقاننى ئالدىدىن قۇرۇۋالىمەن.

ھاۋانىڭ رايىنى سېزىمەن ئالدىن،
بەرمەيمەن پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن،
شۇڭلاشقا چىقىپ ھەمىشە "سول"دىن،
ساداقەت تاجىنى كىيىۋالىمەن.

زىيالىي نامى بولغاندا يامان،
ئېتىلىمەن ئاڭا بولۇپ بىر قاۋان،
زىيالىي قەدىرلىك سانالغان ھامان،
دەرد تارتقان زىيالىي بولۇۋالىمەن.

گاھى بەزى قەلەم ئەھلىنى يالاپ،
(بىرىنى قورقىتىپ، بىرىنى ئالداپ)،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىتابلاردىنمۇ كۆچۈرۈپ جايلاپ،
ئىلىم-پەن شىخىغا قونۇۋالىمەن.

كىمىكى چۈشىنىپ قالغاندا مېنى،
دوستۇم دېمەيمەن ھەرگىزمۇ ئۇنى؛
بەلكى پېيىگە چۈشۈپ بىر كۈنى،
بەتنەزەر كۆزىنى ئويۇۋالىمەن.

ئەگەردە ئۇستۇمدىن بولسا ئەرزىسى،
شۇ ھامان تەيياردۇر ئۇنىڭ ئەنزىسى،
دەلىلدىن كەم ئەمەس تەھلىل ۋەزنىسى،
شۇڭلاشقا دەۋادا يېڭىۋالىمەن.

رەقىبنى جايلاشتا ئالدىم يول تېپىپ،
”رەھبەرلىككە قارشى“ قىلىپ كۆرسىتىپ،
ئىلاج بار سىياسىي گۇناھقا چېتىپ،
يامپاشقا كەلتۈرۈپ ئۇرۇۋالىمەن.

قورقمايمەن ھەرگىزمۇ ھوقۇقى يوقتىن،
قورقمايمەن تامغىسىز ئاھانەت، دوقتىن؛
يار-يۆلەك تاپساملا بىرەر ئەربابتىن،
مەيدەمنى مەغرۇر كېرىۋالىمەن.

تومۇر تۇتۇپ تاپتىم تاغدەك يار-يۆلەك،
ساھەمىزدە ئۇنىڭدىن چوڭى يوق بۆلەك؛

ئۇنىڭ پاناھىدا بولۇپ تومۇ يۈرەك،
قانغىچە دەۋران سۈرۈۋالىمەن.

ئۇ كىمگە غادايسا، مەنمۇ غادىيىپ،
ئۇ كىمگە ئالايسا، مەنمۇ ئالىيىپ،
ئۇ كىمگە ھىجايسا، مەنمۇ ھىجىيىپ،
پوستىغا چوڭقۇر كىرىۋالىمەن.

رەت قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى پىكىرنى،
مەدھىلەپ يازدىم ئىككى شېئىرنى،
ئۈستۈردى بۇ يىل يەنە پېقىرنى،
ئىز باسارلىقىنىمۇ ئېلىۋالىمەن.

باشلىقىمدىنمۇ نوچى خوتۇنى،
ئېرىگە "مەرد" دەپ ماختايدۇ مېنى،
شۇڭا سوۋغات بىلەن يوقلىغاچ ئۇنى،
پات-پات ئۆيىگە بېرىۋالىمەن.

باشلىقنىڭ نەۋرىسى قويسا ئىنتىلىپ،
كۆتۈرىمەن ئۇنى بېشىمغا ئېلىپ؛
كىيىملىرىنى قويسا ھۆل قىلىپ،
"قىلىقى تاتلىق" دەپ سۆيۈۋالىمەن.

باشلىقىممۇ رازى سادىقلىقىمدىن،
ھەمنەپەسلىككە لايىقلىقىمدىن،

شۇڭلاشقا ئۆزۈلمەي تۇردۇم بېغىمدىن،
بارغانچە تېخىمۇ چىڭىۋاتىمەن.

باشلىقنىڭ ماڭا مۇھەببىتىدىن،
قىزغانسا كىمكى مەرھەمىتىدىن،
پايدىلىنىپ بىر زىددىيىتىدىن،
يۈرىكىنى شۇنداق. . . مۇجۇۋالىمەن.

"رەتلەش" خىزمىتى باشلىنىپ قالسا،
باشلىقىمنىمۇ سوراققا ئالسا،
پىكىر بەر دېسە، ئىلاجى بولسا،
كۆزۈمنى مۆشۈكتەك يۇمۇۋالىمەن.

باشلىقنىڭ ئىشى ئوڭمىسا ئەگەر،
يۈزلىنىپ قالسا ماڭىمۇ خەتەر،
قىلماپتىمەن دەپ ياماندىن ھەزەر،
قايمۇققان ئادەم بولۇۋالىمەن.

بولغاچقا ھەر ياڭزا ھۈنىرىم مېنىڭ،
ئوتتۇز ئالتە چوڭ تەدبىرىم مېنىڭ،
ئۆز ئىلكىمدە ئۆز تەقدىرىم مېنىڭ،
يىقىلسامۇ دەرھال تۇرۇۋالىمەن.

1985-يىل.

# يانتولۇق

يۇرۇشى يانتۇ دەپ،
ھەيران بولماڭ قەلەمگە،
چۈنكى شۇنداق ئۇنىڭ ئادىتى.
گەپ شۇ يەردە:
تىكمۇ، يانتۇمۇ
ئۇنىڭدىن پۈتۈلگەن پىكىر قامىتى.
ئۇنىڭ تىكلىكى —
سەممىيەتنىڭ كۈچ، جاسارىتى.
يانتۇلۇقى —
ئەگرى كۆڭۈلنىڭ پەس خۇشامىتى.

1985-يىل.

www.uyghurkitap.com

# كۆچۈرمىچى ئوغرىلار

مايسا كۆچۈرسە بىراۋ ئوغرىلاپ،
(بۇمۇ پەسكەشلىك)،
سىزىلىپ قالسا،
يا خىجىل بولسا،
هوسۇلىدىن زاڭ تۆلەيدىغاندۇ.
پىكىر ئوغرىسى—
كۆچۈرمىچىلەر
خىجىللىقنى بىلمەيدۇ ئەسلا،
زاڭ تۆلەي دېسە ئۆز هوسۇلى يوق،
كىمدىنمۇ قەرز تىلەيدىغاندۇ؟

1985-يىل.

# يېڭى باي كۆۋرۈك ياسىدى

يېڭى باي نۇرۇللا كۆۋرۈك ياسىدى،
ئۆز ساخاۋىتىدىن كۆڭلى شادىمان.
كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەر ئېيتتى تەشەككۇر،
ئوقىتىڭ شۇ يولدەك بولسۇن دەپ راۋان.
ھەمدۇل بوۋاي دۇئا قىلدى ئۇنىڭغا:
”سىراتتىن غۇيۇلداپ ئۆتكەيسەن ئامان!“

1985-يىل باھار، تۇرپان.



## دوستلۇق شەنگە

كىم كۆرۈنگەي، ئەي كۆزۈم، دوستتىنمۇ سۇمباتلىق ساڭا،
ئەي تىلىم، سۆز بارمىدۇ دوست لەۋزىدىن تاتلىق ساڭا.
ئەي كۆڭۈل، ئاۋۇنغىلى ھەر يەردە شادلىق ئىزلىرىڭ،
ئېيتقىنا، تېپىلدىمۇ دوستلۇق كەبى شادلىق ساڭا.
ئەي ئۆمۈر، بىلدىڭمۇ، بولدى دوستى يوقلار ئەڭ خاراب.
دوست كۆپەيتكىن، قانچە لازىم بولسا ئاۋاتلىق ساڭا.

1985-يىل باھار.



# ”باشقىلار ئاۋۋال باي بولسا...“

شۇڭلاشقىمۇ داستان ئۇنىڭ تەرىپى،
گېپىنى ئازراق قىلىپ، كۆپرەك ئىشلىدى.
كىم تۆھپىكار بولۇپ، ئالسا مۇكاپات،
ئۇ، تۆھپىكاردىنمۇ بەكرەك خوش ئىدى.
”زىيانغا كىم مەسئۇل؟“ دېگەن چاغدىلا،
”مەن!“ دەيتتى، باشقىغا ”مەن“ دېمەس ئىدى.
ئۇنىڭ قوشنىلىرى دەيدۇ: ”ئۇنىڭسىز
ئەل قاتارى ئۆتمەك بىزگە تەس ئىدى.“
ئۆزىدىن سورىدىم: ”قولۇڭ گۈل تۇرۇپ،
نېمىشقا بايلىقىڭ ئانچە ئۆسمىدى؟“
ئۇ: ”باشقىلار ئاۋۋال باي بولسا مەن خوش،
نېمىشقا دەمسەن؟ مەن—كوممۇنىست“ دېدى.

1985-يىل 15-ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاچچىق نەسھەت

بالام، قانداق قىلارمەن سېنى،
قاخشىتىسەن نېمانچە مېنى؟
ئويۇنلىغۇ كېچە-كۈندۈزۈڭ،
يا چىقمىدى ئويناپ مۈڭگۈزۈڭ.
ئويۇنۇڭمۇ غەلىتە ئويۇن،
چىقىرىسەن ئويۇندىن قويۇن.
ئوقۇش دېسە ئالۋان كۆرىسەن،
مەكتەپنى بەك يامان كۆرىسەن.
شۇنچە قىلدى مۇئەللىم ساڭا،
كار قىلمىدى ھېچ تەلىم ساڭا.
نەسھەتتىن بەدەر قاچىسەن،
چەللىدە ئات مىنىپ چاپىسەن.
ئوڭغۇل-دوڭغۇل چامدىغان يولۇڭ،
ئەجەب چاققان بۇزۇشقا قولۇڭ.
ساق ئەمەس ئۆينىڭ ھېچنىمىسىمۇ،
قولۇم-قوشنىنىڭ دېرىزىسىمۇ.
بولۇۋالدىڭ سوقۇشقاق خوراز،

ھەممە دېگۈدەك سەن بىلەن ئاراز.
بىردەم بىرىگە داڭگال ئاتىسەن،
بىردەم بىرىگە پاتقاق چاچىسەن.
بىردەم بىرىگە چىرماق سالىسەن،
بىردەم بىرىنى گالدىن ئالىسەن.
”ھاي“ دېگەنگە ھۆرپىيىپ تۇرىسەن،
قېرىلارنى تېرىكتۇرىسەن.
يا ئەدەبلىك دوستۇڭ يوق سېنىڭ،
ئەدەبلىككە خۇشتۇڭ يوق سېنىڭ.
نەلەردىكى سەك-سەكلەر كېلىپ،
نەلەرگىدۇر كېتىدۇ ئېلىپ.
ئۇنداقلارنىڭ ئەجەب ئېپى سەن،
ھەتتا كۆنلەپ يوقاپ كېتىسەن.
مەن بىچارە تىترەپ جالاقلاپ،
سېنى ئىزدەپ ھەريان پالاقلاپ؛
كېچىسىمۇ ھالىم پەرىشان،
دەمسەن بۇنى ئاناڭغا ئاسان؟
تىمىسقلاپ قارىشىڭ غەيرى،
بولغان چېغى قولۇڭمۇ ئەگرى.
تېخىمۇ ئېغىر ماڭا شۇنىسى:
بەزىلەرنىڭ تاپا-تەنىسى.
ياخشى ئىشتا سېنىڭ ئېتىڭ يوق،
ھېچ ئېغىزدا ياخشى گېپىڭ يوق.
ئۆلتۇردۇڭغۇ نومۇسقا مېنى،
ئايمايسەن نېمىشقا مېنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بەرمىدىڭغۇ جېنىمغا ئارام،
كىمنى دوراپ قالغانسەن، بالام.
ياۋاش ئىدى ئاتاڭغۇ بەكلا،
خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەكلا.
كىچىكىدە غۇربەتتە ئۆتكەن،
ئۆمرىنىڭ بەك قەدرىگە يەتكەن.
يەكشەنبە ھەم تەتىلدە ئىشلەپ،
تاپقىنىنى ئوقۇشقا خەجلەپ؛
دائىم دېگۈدەك يۈز نومۇر ئالغان،
ئاخىر ياراملىق ئىنژېنېر بولغان.
بىراق ئۆلتۈردى ئۇنى ئەسكىلەر،
جاھانغا پاتماس قولاقكەستىلەر.
رەھمەتلىك كۆز يۇمۇش ئالدىدا
دېگەن: "بۇرچۇم بولمىدى ئادا.
بېسىپ چىقسا ئوغلۇم ئىزىمنى،
ئۆلدۇم دېمەيتتىم ھەرگىز ئۆزۈمنى.
ئوقۇت، ئاسرا شۇملۇق دەستىدىن،
بولۇپ قالمىسۇن قولاقكەستىدىن..."
ئاتاڭنىڭ شۇ ۋەسىيىتىنى،
ياخشىلارنىڭ نەسىھىتىنى
پىسەنتىڭگە ئالاي دېمىسەڭ،
تۈزۈك ئادەم بولاي دېمىسەڭ،
بارمۇ ياخشى ئاقىۋەت ساڭا؟
ئۆزۈڭگىمۇ ئېچىن ھەم ماڭا.
دوراپ زامان چۈپرەندىسىنى،

ياخشىلارنىڭ كۈشەندىسىنى،
بىرى بولساڭ ئالتە ساراڭنىڭ،
قورۇنماسمۇ روھى ئاتاڭنىڭ؟
مېنىڭ مۇكچىيىپ تاپقان-تەرگىنىم،
ئوقۇسۇن دەپ ساڭا بەرگىنىم،
بېغىشلىغان ئانىلىق مېھرىم،
تىلەكلىرىم، ئەقىدەم، ئەجرىم
قىلچىلىكمۇ بەرمىسە ئۈنۈم،
زەھەر يۇتقاندەك ئۆتمەمدۇ كۈنۈم؟
جېنىم بالام، سۆزۈمنى ئاڭلا،
كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئۆزۈڭنى ئوڭلا!
كۆرسەم سېنىڭ ئوڭلانغىنىڭنى،
زامانغا لايىق بولغانلىقىڭنى،
كۆرسەم بوخچا ئاسقانلىقىڭنى،
مەكتەپكە قەدەم باسقانلىقىڭنى،
بېشىم كۆككە يەتمەسمۇ مېنىڭ،
ئۆمرۈم گۈلدەك ئۆتمەسمۇ مېنىڭ.
يېتەر، ئارتۇق زەخمىمنى ئويما،
جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويما.
ئاڭلا، بالام، نەسىھىتىمنى،
ئاقلاي دېسەڭ بەرگەن سۈتۈمنى.

1985-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئاھ ياشلىقىم

كەتتىڭ ئەجەب تېز، ياشلىقىم،
قالدىمغۇ تۇيماي ئايرىلىپ.
كەتتىڭ ئاشۇ كەتكەن پېتى،
يا باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

يانمايدىكەنسەن ئارقىغا،
بەرمەيدىكەنسەن ھېچ تۇتۇق.
توختاتقىلى بولسا سېنى،
ئاھ، كىمدە باردۇر بۇ ھوقۇق؟

ئەمدى يىراقتىن قارىسام،
سالدىڭ بۆلەكچە ئوت ماڭا.
قانداقچە باققان بولغىيدىم
ئالدىمدا ۋاقتىڭدا ساڭا.

ئاھ، سەن ئىكەنسەن بەخت قۇشۇم،
ئون نەچچە يىل قونغان ماڭا.

كەلگەن ئاجايىپ بىباھا
بايلىق ماڭا، ئىمكان ماڭا.

ئەپسۇس، تۇگەتتىم مەن ئۇنى،
بىنەپ تىجارەتتە سېتىپ.
يوق ئىپتىخارلىق ئىزلىرى،
قالدىم خىجالەتكە پېتىپ.

ئاھ ياشلىقىم، ئاھ ياشلىقىم،
نەلەرگە كەتتىڭ قول سېلىپ.
ھەر قانچە دەشنەم ئاز ماڭا،
دۆشكەلىدى ئەقلىم كېلىپ.

قويدى بۇ ھەسرەتكە مېنى
بەڭباشلىقىم، بىخۇدلۇقۇم.
كەلدى بۇگۈن قەھرىم بىلەن
بۇ ئىللىتىمنى سوتلىغۇم.

ئاچچىق پۇشايماندىن بۆلەك،
تاتلىق تەسەللا يوق ماڭا.
ئالسا ساۋاق مەندىن بالام،
بەلكىم بولار بايلىق ئاڭا.

1985-يىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم،
مۇھەببەت بابىدا چەكسىز يېقىملىق،
جىلۋىدار تىلىم.
نەپرەت بابىدا شۇنچە شىددەتلىك،
زۇلپىقار تىلىم.
مىللىتىمىزنى،
خىسلىتىمىزنى،
ئىززىتىمىزنى
ساقلاپ كەلگەن تۆھپىكار تىلىم.

ئانا تىلىم،
سەن ئاچقان ئەقىل كۆزىمىزنىمۇ.
سەن بىلەن چۈشەندۇق مۇشۇ دۇنيانى
ھەم چۈشەندۇق،
چۈشەندۈردۇق ئۆزىمىزنىمۇ.

سەن بولغاچقا،
ئۇزاق تارىخمۇ شۇنچىلىك يېقىن.
سەن بولغاچقا،
نەچچە مىڭ يىللىق ئابىدىلەردىن
ياڭرايدۇ سادا
چاقنىغاندەك گوياكى چېقىن.
سەن بولغاچقا،
ئالدىمدا هازىر هايات ئادەمدەك
شېئىر ئوقۇيدۇ ئاپرىنچۇر تېكىن[1].

سېنىڭ بىلەن
ئالەمشۇمۇل سۆز قىلالىدى
ئۇيغۇر بالىسى.
سەندە جەملەنگەن جەۋهەرلەر بىلەن
ئىلىم دۇنياسىنى هەيرەتكە سالدى
"قەشقەرى"نىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
سېنىڭ جىلۋىدار نەقىشىڭ بىلەن
يارالدى نەزمىلىك ئىنسانىي دەستۇر—
بوۋام يۈسۈپنىڭ بەخت نامىسى[2].

---

① ئاپرىنچۇر تېكىن—قەدىمقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى.

② بەخت نامە—«قۇتادغۇبىلىك» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ "فۇسەھا"، "بۇلەغا"لىرىڭ[1]

سىنى مىسرالارغا تىزىپ ياراتتى

ئۇيغۇرچە غەزەلنىڭ نەمۇنىسىنى.

سىنىڭ بىلەنمۇ

ناۋايى قىزىپ بەخش ئەتتى ئەلگە

ئىسىل مەنىلەرنىڭ خەزىنىسىنى[2]،

نامايىش قىلدى يۈكسەك چوققىدا

داستانچىلىق تەنتەنىسىنى.

سەن بولغاچقا

تۇغدى زەلىلىنى يەكەن دىيارى.

(ئۇنىڭ غەزىلىگە تالاي شائىرنىڭ

مۇخەممەس باغلاشقا[3]تۇتتى خۇمارى.)

سەن بولغاچقا،

نەۋبىتى شۇنداق گۈلدەستە تۈزدى،

خۇش بۇيى خوتەن ئىپارى.

---

① "فۇسەھا"—(تىل ساھەسىدە) گۈزەل ئۇسلۇبقا ئىگە، "بۇلەغا"—توشۇق، كامالەتكە يەتكەن دىگەن مەنىدە. ئەلشىر ناۋايى ئۆز ۋاقتىدا سەككاكى ۋە لۇتفىلارنى "ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ فۇسەھاسى، تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسى" دەپ ئاتىغان ئىدى.

② بۇ يەردە ناۋايىنىڭ «خەزائىنۇلمە ئانى» ناملىق دىۋانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ شائىر زەلىلىنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرىگە ئۆز دەۋرىدە بىر-قانچە ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرلىرى مۇخەممەس باغلىغان.

سەن بولغاچقا،
خىرقىتىنىڭ سولمىدى گۈلى،
قالمىدى سايراشتىن توختاپ بۇلبۇلى،
گۈم بولمىدى گۈمنام مۇنارى.
سەن بولغاچقا،
ماڭدى ئۇلاپ داستان يولىنى
نازىم بىلال ھەمدە نىزارى.

سەن بولغاچقا،
مىللەت نامىنى ياڭراتقان "ئۇيغۇر"،
سايرامىنىڭ پۇشتى ئارمىيە
مەرىپەتكە ئۇندەپ يۇرتىنى،
يىقىپ جاھالەتكە ئىسيان ئوتىنى،
ئاچتى شېئىرىيەتنىڭ يېڭى بېتىنى.
سەن بولغاچقا،
خانتەڭرىنىڭ بۇلبۇلى لۇتپۇن
كۈيلىدى باھار ئەلچىسى بولۇپ
ماركسىزم ھەقىقىتىنى. . .

ئەي بىباھا ئانا تىلىمىز،
سەندىن ئاڭلىدۇق
دانالارنىڭ نەسىھىتىنى،
ئەجدادلارنىڭ ۋەسىيىتىنى.

سەن ئارقىلىق چۈشەندۇق ئېنىق
تارىخنىڭ قانۇنىي بېشارىتىنى.
ۋە ئىنقىلابقا دالالىتىنى.
شۇڭا قوغلىدۇق زۇلمەتنى سۆكۈپ
ۋە سەن بىلەن ئالقىشلار تۆكۈپ،
قۇچتۇق ئازادلىق پارلاقلىقىنى.

ئانا تىلىم،
ئۆمۈر كۆردۈڭ شۇنچە كۆپ يىل سەن،
بەردىڭ بىزگە نۇرغۇن ئەقىل سەن.
ئەزەلدىن بېرى
قەلبىمىزنىڭ ئەزىز ۋەكىلى ئىدىڭ،
بىز مەۋجۇد ئىكەنمىز
يەنىلا شۇنداق ئەزىز ۋەكىل سەن،
مەۋجۇتلۇقىمىزغا ئەڭ چوڭ دەلىل سەن.
بىز بۈگۈن يېڭى مەنزىلگە ماڭدۇق،
سەنمۇ جەۋھەر ئېلىپ جىمى زۇۋاندىن،
بېيىپ، تېخىمۇ بولغىن ئېسىل سەن!

ئانا تىلىم،
سۆيىمەن سېنى،
سەن ئۆمرۈمنىڭ جېنى-زىننىتى.
ياپىرايدۇ جېنىم،

ئاڭلىسام سېنى باي، ئۈز، پاك پېتى.
قاقشايدۇ جېنىم
يېپىشسا ساڭا مايمۇن ئىللىتى.
تېخىمۇ ھار كېلىدۇ ماڭا،
تاپسا ئىناۋەت ئورىلىپ ساڭا
كاززاپلارنىڭ ئىغۋا-تۆھمىتى،
بىشەملەرنىڭ ھازازۇللۇقى،
ئالدامچىلارنىڭ ساختا ھىممىتى،
ئوغرىلارنىڭ ھارام ئوقىتى.

لېكىن بىز يەنە ئېمىن شۇنىڭغا:
ئىنسانىيەت تاپار كامالەت.
دەيدىغىنىنى ھامان دەپ بولۇپ،
ئۆجۈقىدۇ ئاخىر لەت بولۇپ
ئەقىل ئالدىدا خۇنۇك جاھالەت،
پاكلىق ئالدىدا مەشئۇم قاباھەت.
ئەنە شۇ چاغدا
قىلار تەنتەنە
ئىنسان تىلىدا راۋان لاتاپەت.

ئانا تىلىم،
چىللايدۇ سېنى
تىل دۇنياسىنىڭ بەس-بەس مۇنبىرى.

يىلتىزنىڭ چاڭ سىڭىنىڭ،
زېمىننىڭ مۇڭىنى،
مېۋىگە تېخىمۇ تولىدۇ شەربەت
قانچە پەرۋىش ئەيلىگەنسېرى،
ئۆسكەنسېرى ئەقىل-زوقىمىز،
ئۆچۈپ نادانلىقنىڭ غەلدە-غەشلىرى،
جىلۋىلىنىدۇ سەندە مۇكەممەل
سەمىمىيەتنىڭ سۆزۈك ساداسى،
پەن ئىپادىسى،
سەنئەت تەسۋىرى...
ئاھ، ئۇنداق بولمىسا،
نېمە دېگۈلۈك،
ياراتمىسا تارىخ مۆھەررىرى؟
بۇ بىز ئۇچۇن ئۆلۈم ئەمەسمۇ
ۋە "نەس باستىمۇ سېنى" دېمەسمۇ
قەبرىدە تولغىنىپ مەھمۇت قەشقىرى...

1985-يىل ئاپرېل.

# مېنىڭ تەبرىكنامەم

—ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تونجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا بېغىشلاپ

چوڭ بولغان شۇ تۇپراقتا مەنمۇ ئاڭلاپ
دولقۇنلۇق ئىلى، ئېرتىش شاۋقۇنىنى.
زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشقا چىراغ قىلغان
ئىسيانكار ناخشىلارنىڭ يالقۇنىنى.

ئۇھ تارتقان مەنمۇ تىڭشاپ كىچىكىمدە
"چىن تۆمۈر باتۇر" دېگەن ھېكايىنى.
كۆيگەنتىم ئىختىيارسىز قىز جىبەككە،
ئوخشىتىپ مەختۇمخانىغا چىرايىنى.

مېنىڭمۇ نەققاش بولغۇم كەلگەن ئىدى
ئارىلاپ شۇ قەدىمىي ئالمالىقنى.
مەردلىككە زوقمەنلىكىم ئاشقان ئىدى،
كۆپ ئاڭلاپ "ئالپاش" ھەم "ئارقالىق"نى.

سۆيۈملۈك "كۆرپەش-بايان" داستانىدىن
مېنىڭمۇ يالقۇنجىغان سۆيگۈ-ئىشقىم.
سادىرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندا،
كەلگەنتى مىتىن بولۇپ سىپىل تەشكىم.

ماڭىمۇ لۇتۇن تىرىك ئۇستاز ئىدى،
قەلبىمدە ئۇنىڭ قاينام ئۇدۇمى بار.
تاڭجارىق ئىلھامىمغا ئىلھام قوشقان،
شېئىرىمدا راۋان ۋەزنى-رېتىمى بار.

مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەۋلادى مەن،
قېنى بار ۋۇجۇدۇمدا نىزارىنىڭ.
ئۇيغۇرنىڭ مۇڭلۇق غەزەل-ناخشىسىدا
كۈيى بار قازاقنىڭمۇ مۇڭ-زارىنىڭ.

بۇ يۇرتتا ھەممە مىللەت مۇڭداش ئىدۇق،
تۇتاشقان ئىدى يۈرەك رىشتىمىزمۇ.
كۈيلىسەك خۇشاللىقنى يا قايغۇنى،
ئۆز ئارا جور بولاتتى ناخشىمىزمۇ.

ئازادلىق ئەكەلدى تەڭ بىزگە شادلىق،
شۇڭلاشقا كۈلمەكتىمىز تەڭ شادلىنىپ.
سەنئەتنىڭ سۈزۈك باھار ئاسمىنىدا
ئۇچماقتا ئىلھامىمىز قاناتلىنىپ.

ئەجدادلار ئۈدۈمىغا مىراسخور بىز،
ئىلھامىنىڭ بۇلىقىدۇر ھاياتىمىز.
قاندۇرسۇن شەربەت بولۇپ ئەل قەلبىنى
بەدىئىي ھوسۇلىمىز، ئىجادىمىز.

بار بىزنىڭ ئۆز تىلىمىز، خىسلىتىمىز،
كىم دەيدۇ بىزنى ”لايىق پەگاغىلا“؟
ئىجتىھات ھەم ئىجادىي روھ بولسىلا،
تۆر دېگەن يارىشىدۇ ھەر كىمگىلا.

1985-يىل 21-ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ۋىسال يولىدا

يار ۋىسالى يولىدا يىللار ماڭا بىر كۈنچە يوق،
كەلسىمۇ سانسىز مۇشەققەت مەن ئۈچۈن ھېچقانچە يوق.
بارچە قۇشلار سايرىشۇر گۈللەر ئېچىلغان باغ ئارا،
بارچە قۇشنىڭ ئىشتىياقى گۈل ئۈچۈن بۇلبۇلچە يوق.
ناخشا توۋلاپ مەلىڭىزدىن زادى كەتكۈم يوق مېنىڭ،
مەن كەبى بۇلبۇلغا باغدا سىز كەبى گۈل-غۇنچە يوق.
بىباھادۇر سۆيگۈمىز ئەل ئىشقىغا بولغاچ تۇتاش،
ئۇ كۈن ئايرىلغان مۇھەببەتنىڭ باھاسى قىلچە يوق.

1985-يىل.



# ئۇيغۇر قىزى، جەۋلان قىل

ئۇيغۇر قىزى، كۆلگىن قېنىپ،
باقتى كۈلۈپ دەۋران ساڭا.
زوقۇڭچە چۈشكىن بەزمىگە،
كەڭرى بوگۈن مەيدان ساڭا.

ھۆسنۈڭگە تولدۇق شۇنچە سەن،
دەۋرىڭ باھار، گۈل-غۇنچە سەن.
قۇچتۇڭ سائادەت ۋەسلىنى،
ھاكىم ئەمەس ھىجران ساڭا.

كۆن تەپتىدەك مېھرىڭ سېنىڭ،
ئايدىن سۈزۈك چېھرىڭ سېنىڭ.
ھەر تاڭدا چاقناپ ناز بىلەن،
تازىم قىلار چولپان ساڭا.

ياڭراپ زامان شادىيانىسى،
ئۇرغۇپ كۆڭۈل خەندانىسى،

جەۋلانغا چۈشكىن دەپ جورۇپ،
ياغدى چاۋاك-چۇقان ساڭا.

سۇمبۇل چېچىڭنى ئۆينىتىپ،
ئۆينا پىرىلداپ، قىيغىتىپ.
كۆرگەندە كەكلىك ھەم كېپىك،
قالغاي چوقۇم ھەيران ساڭا.

لەززەت قوشۇپ توي پەيزىگە،
توۋلا مۇقامنى ئەۋجىگە.
ئادەم تۇگۇل، بۇلبۇل كېلىپ،
تەڭكەش قىلار خەندان ساڭا.

كۇيلە ئېلىمنىڭ بەھرىنى
ھەم جىلۋىلەندۇر پەخرىنى.
بەزمەڭگە مەپتۇن ئاشىقىڭ
دېسۇن: تەسەددۇق جان ساڭا.

جۇش ئۇرسۇن ئەلنىڭ خۇشلۇقى،
دوستلارغا ئىللىق دوستلۇقى.
ئېيتسۇن كۆڭۈلدىن ئاپرىن
كەلگەن جىمى مېھمان ساڭا.

جەۋلان قىل، ئەي ئۇيغۇر قىزى،
سەندە خالايىقنىڭ كۆزى.

بىيجىڭ ئۇچۇنمۇ ئىپتىخار
ياراشقىنى جەۋلان ساڭا.

جەۋلان قىل، ئەي ئۇيغۇر قىزى،
تەييار ساڭا شائىر سۆزى:
مىسراغا ئۈنچە-دۇر تىزىپ،
تەقدىم قىلاي مارجان ساڭا.

1985-يىل سېنتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# بايرىمىڭنى تەبرىكلەيمەن، مۇئەللىم

سۆيۈملۈك مۇئەللىم، مەيدەڭنى
تەبرىك گۈلدەستىسى چۈمكەپتۇ.
تۇنۇگۈن ئۈمچەيگەن لېۋىڭگە
بۈگۈن خۇش تەبەسسۇم يۈگرەپتۇ.

كۆردۈم مەن، بايرىمىڭ پەيزىدىن
ئېلىمىنىڭ ئىلىمگە زوقىنى.
ئاڭلاندى ناخشىدەك يېقىملىق
دولقۇنلۇق ئالقىشلار شاۋقۇنى.

لايىق سەن ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەتكە،
ھەقلىق سەن ئەڭ ياڭراق ئالقىشقا.
تاپتۇق بىز، تاپىمىز ئەجرىڭدىن
لاياقەت، ئىقتىدار ھەر ئىشقا.

سىنىڭدەك تۆھپىكار باغۋەنسىز
ئېچىلماس مەرىپەت گۈللىرى.

سېنىڭسىز نېمە دەرد سالمىغان
ئەل-يۇرتقا جاھالەت سەللىرى.

سېنىڭسىز ئۇيلايمىز (غەلىتە)
قۇدۇقنىڭ ئاغزىچە دۇنيا دەپ،
سېنىڭسىز تۇۋلايمىز (كۆلكىلىك)
سايراشتىن ھاڭراشنى ئەلا دەپ.

سېنىڭسىز ئوچۇق كۆز قارىغۇ بىز،
سېنىڭسىز غەپلەتكە بەندە بىز.
سېنىڭسىز بىپىماس روھىمىز،
سېنىڭسىز تىكلەنمەس قەددىمىز.

سېنىڭسىز يورۇماس دىلىمىز،
سېنىڭسىز ئۇزارماس تىلىمىز.
سېنىڭسىز يوق پارلاق پەللىمىز،
سېنىڭسىز يوق راۋان يولىمىز.

خارلانساڭ سەن نەدە ھەم قاچان،
خارابدۇر شۇ ماكان، شۇ زامان.
سەن ئامان، شادىمان بولمىساڭ،
بولامدۇ ئەل ئامان، شادىمان؟

ئىسمىدە ھېلىمۇ شۇ پېتى،
ئاھ، سېنىڭ خارلانغان چاغلىرىڭ.

ئۈنتۈلماس پالاكەت ئۈنگىنى
دەپسەندە بولغاندا باغلىرىڭ.

قالدىغۇ تارىختا داغ بولۇپ
پالاكەت پۈتۈلگەن ۋاراقلار.
يەتكۈزدى تېخىمۇ قەدرىڭگە
شۇ ئاچچىق، ھەسرەتلىك ساۋاقلار.

بۈگۈن لەت بولغاچقا جاھالەت،
قوغلاندى مەرىپەت دۈشمىنى.
قايتىدىن ياشىندى ۋەتەندە
جانجان ئىلىم-پەن گۈلشىنى.

جانلاندىڭ سەن، ئەلمۇ جانلاندى،
كەلگەچكە ئىلىم-پەن باھارى.
نامىڭغا ئاتالغان بۇ بايرام
تارىخنىڭ قانۇنىي قارارى.

يۇيالماس ھېچ كىشى ھېچقاچان
ئىلىمنى خارلىغان گۇناھنى.
كىم ساڭا ھاقارەت ياغدۇرسا،
تۇتۇلماي قالمايدۇ زۇۋانى.

گەر بالام لەۋزىڭنى ئالمىسا،
يوق مېنىڭ ئۇنىڭدەك پەرزەندىم.

گەر ساڭا كىم سالام بەرمىسە،
ئۇ ئادەم بولسىمۇ يىرگەندىم.

مۇنبەرگە چىققانلار كىم بولسۇن،
ئۇلارنى شۇنداقمۇ سىنايمەن:
سەن كەلسەڭ ئورنىدىن تۇرمىسا،
قانداقمۇ ئىنسان دەپ سانايمەن.

سالدىڭ سەن شېئىرىيەت ئىشقىنى
ھەم سۇندۇڭ ئىلھامبەخش جام ماڭا.
شۆھرەتتىن غادايسام ئالدىڭدا،
ھارامدۇر شائىرلىق نام ماڭا.

دۇنياغا كەلدى ھەر ئۇلۇغلار،
سەن بارلىق ئۇلۇغدىن ئۇلۇغ سەن.
ئاسماندا ئەڭ يورۇق كۈن بولسا،
زېمىندە سەنلا ئەڭ يورۇق سەن.

تۆھپىسى ئۆلمەسلەر سەپ تۈزسە،
ساڭا ئەڭ لايىقدۇر باش ئورۇن.
ئۆلمەسلەر نامزادى تۈزۈلسە،
يېزىلغاي نامىڭمۇ ئەڭ بۇرۇن.

ئورتاق سەن جىمى شان-شەرەپكە،
ئەجرىڭ بار ئۇتۇقنىڭ بەرىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياشاشقا لايىق سەن ھەمىشە
جاي ئېلىپ قەلبىمىز تۆرىدە.

تەبرىكلەپ كەلدىم مەن تويۇڭنى،
ئەسسالام، ئەي ئۇلۇغ تۆھپىكار!
شۇ نەزمەم سوۋغاتقا يارىسا،
بۇ ماڭا ئەڭ ياخشى ئىپتىخار.

1985-يىل ئاۋغۇست، سېنتەبىر.



## گىلەمچى قىزغا

جان سىرىمنى ئەمدى ئېيتاي مەن ساڭا،
مەن پۈتۈن ئىشقىم بىلەن زوقمەن ساڭا.
سەن ياراشقان دەستىگاھقا شۆنچە خوپ،
دەستىگاھمۇ ھۆسن بەخش ئەتكەن ساڭا.
لەۋلىرىڭ غۇنچە گويا، مەڭزىڭ ئانار،
قىپتۇ پەرۋىش ئۆزگىچە باغۋەن ساڭا.
كۆزلىرىڭ ئاھۇ، قارا زۇلپىڭ ئىپار،
سىڭدۇرۇپتۇ پەيزىنى خوتەن ساڭا.
قىلدى جەۋلان قوللىرىڭدىن مۆجىزە،
بوپتۇ ئادەت بۇ ئۇدۇملۇق پەن ساڭا.
تۇرغىنىڭدا سەن توقۇپ گۈللۈك گىلەم،
مەھلىيا بولغاي كۆلۈپ گۈلشەن ساڭا.
بىر قاراپ بۇلبۇلغا ئايلاندىم شۇ ئان،
ئاشۇ گۈلنى ئوخشىتىپ ئەينەن ساڭا.
كىم گىلەمدىن پەيز ئېلىشنى خالىسا،
ئىلتىماس قىلغاي كېلىپ جەزمەن ساڭا.
ئاشتى ئەجرىڭدىن سارايلار قىممىتى،

www.uyghurkitap.com

چۈشمىگەچكە مۈشكۈلى ئەرزەن ساڭا.
سەن گويا دولقۇن يېرىپ ئۈزگەن قېيىق،
دەستىگاھىڭ جىلۋىدار يەلكەن ساڭا.
شان-شەرەپىڭ ساھىلى تەزىم قىلىپ،
ئەل غۇرۇرلاندى بولۇپ خۇرسەن ساڭا.
ئاز ئەمەستۇ مۆجىزەڭ مەپتۇنلىرى،
بارمىدۇ مەندەك كۆڭۈل بەرگەن ساڭا.
بولما ھەيران چۆگىلەپ يۈرسەم سېنى،
خالىساڭ شاگىرت بولاي دەيمەن ساڭا.

1985-يىل سېنتەبىر.



# بايرام جامى ئالدىدا

## 1

تولدۇرۇپ، ساقى، ئۇزاتقىن جام ماڭا،
نۆۋىتىمدىن تاشقىرى ئىلدام ماڭا.
بار بۇگۈن موڭغۇلچە مەست بولغۇم مېنىڭ،
ئىزنە بەرسۇن، بەرمىسۇن ئىسلام ماڭا.
پەيز ئالاي مەن ئەل بىلەن بىللە ئىچىپ،
ئەل بىلەن بولغاچقا تەڭ بايرام ماڭا.
ۋادەرىخ، كىمدۇ غەزەپتىن دوق قىلىپ،
مەي ئەمەس، بەرگەن زەھەر ئاخشام ماڭا...
ئاھ، نە خۇش ئىچمەك بۇ بايرام بەزمىدە،
كىم بېرەلەيدۇ بۇگۈن دەشنام ماڭا.
ئوخشىدىم شۇ تاپتا مەن خانتەڭرىگە،
چوڭ ئەمەس جام بولسىمۇ سايرام ماڭا.
مەي دېگەن قوزغايدۇ كۆينى، دەپتىكەن،
كەلدى بۇ مەيدىن خۇشال ئىلھام ماڭا.
مەي ئىچەيلى يۇزلىنىپ ئاستانىغا،
تولدۇرۇپ، ساقى، ئۇزاتقىن جام ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورىبېتى

## 2

قويغىنا، ساقى، ماڭا گۈلگۈن شاراب،
مەن ئۇنى قويماي ئىچەي تامشىپ، شوراپ.
«گوپ» قىلىپ شۇنداق ئىچەيكى زوق بىلەن،
ئىچ-ئىچىمگە لەززىتى كەتسۇن تاراپ.
شۇنچە ياخشى، قانچە تېز قويساڭ ئۇنى،
ھەممىدىن مەن ئىنتىزار بەك ئالدىراپ.
بار جاۋابىم "بۇ شارابقا نە ئۈچۈن
مۇنچە تەشنا" دەپ بىراۋ قالسا سوراپ.
چۈنكى بايراملىق ئىكەن بۇ، شىشىسى—
بويىنىغا ئاپتۇ قىزىل لېنتا ئوراپ.
بۇ شارابنىڭ تەم، ھىدى بەك ئۆزگىچە،
خېلى يەرلەردىن سېزىپ كەلدىم پۇراپ.
مەن ئۆزۈم شۇنداق شارابنىڭ ئاشىقى،
قانچە يىل ھىجرىدە يۈردۈم قاغجىراپ.
كەلسە دەريا بويىغا تەشنا كىشى،
سۇغا ئىنتىلمەي تۇرالامدۇ قاراپ.
ساقىيا، قەستەن كېچىكتىم بەزمىگە،
كەينى-كەينىدىن ماڭا سال ئىشتىراپ.

1985-يىل ئۆكتەبىر.

## بىر ئاق قۇ قونۇپتۇ جۇجياڭ بويىغا

1985-يىل گۇاڭجۇ شەھىرىدە — جۇجياڭ دەرياسى بو-يىدا ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ”ئاق قۇ“ مېھمانخانىسى قەد كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل مېھمانخانى-لارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭ مېھمانى بولدۇم.

بىر ئاق قۇ قونۇپتۇ جۇجياڭ بويىغا،
بېشىنى بۇلۇت ئارا كۆردۇم كۈندۈزى.
ئاخشىمى قارىساڭ،
نۇردىن ياسىلىپ،
ئاسمانغا تىرەلگەن تۇۋرۇكنىڭ ئۆزى.
ھەممە ئادەم دەيدىكەن ئۇنى:
گويا ئېچىلغان ياڭچېڭنىڭ كۆزى[1].

*　　*　　*

---

[1] ياڭچېڭ — گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ قەدىمىي ئىسمى.

بىر ئاق قۇ قونۇپتۇ جۇجياڭ بويىغا،
قوينى بىر شەھەر،
قەسىرگە تولغان،
سانىيالمىدىم سانى قانچىلىك.
بىغىدا كەۋسەر شاقىراتمىسى،
چاچرىتار ئۇنچە،
نەغمىسىگە بۇلبۇل قىلار كۆنچىلىك.
شۇنچە ئىسىل نازۇ نىمىتى،
ئىسىلىقتا ئۇنىڭ قىممىتى،
تاپالمىدىم زادى كەمچىلىك.
مەن بىھىشنى كۆرۈپ باقمىغان،
بىھىش بولسىمۇ بولار شۇنچىلىك.

بىر ئاق قۇ قونۇپتۇ جۇجياڭ بويىغا،
قوينى ئۇنىڭ باھار دائىما.
كۆرىدىكەنسەن دۇنيانى بۇندا،
بۇ گوياكى بىر جاھاننامە.
سۇدىن چىقتىمۇ،
كۆكتىن چۈشتىمۇ؟
ياق،
ئۇ ئىسلاھات ئاتلىق مۆجىزات—
كارامىتىدىن تۆرەلگەن ھۇما.

*　　*　　*

ئەي ئىسلاھات شامىلى،
قۇتلۇق شامال سەن،
سېنىڭ پەرۋازىڭ بىز ئۈچۈن ئامەت.
سەن بىلەن ئېلىم
كۆتۈرمەكتە باشقىدىن قامەت.
يايرا،
تېخىمۇ يايغىن كەڭ قانات،
كۆرسەت يەنىمۇ يېڭى كارامەت.
پەرۋازىڭ پەيزىدىن
تۈمەنلەپ ئاق قۇ،
قونۇپ ۋەتىنىڭ ھەممە يېرىگە،
جەۋلان قىلسۇن يېڭى قىياپەت.

1985-يىل نويابىر، گۇاڭجۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈل ئارا

گۈيجۇ كەنتىدە بىر گۈلچىلىك مەيدانىدا سەيلە قىلىپ، گۈلگە بولغان ئىشتىياقىم تېخىمۇ ئاشتى.

بولدى زوقۇمنىڭ بۇ جاي بىر مەنزىلى،
باغقا كىردىم ئايلىنىپ گۈل كۆرگىلى.
كىردىمۇ، كۆزۈم قاماشتى گۈل ئارا،
بۇندا گۈلنىڭ بار ئىكەن ئۈچ يۈز خىلى.
ھۆسنىنى كۆز-كۆز قىلار بىر-بىرىگە،
بىر-بىرىنى مەست قىلار بۇ باغ گۈلى.
شېئىرىيەت تولغان ئۇنىڭ ھەر بەرگىگە،
نە قەدەر تاڭسىق گۈزەللىكنىڭ تىلى.
ھىدى مەست قىلدى مېنى ئالغاچ نەپەس،
بارمۇ مەستلىكنىڭ بۇنىڭدىن ئەۋزىلى.
گۈل بىلەن ئۈلپەتلىشىپ ئۆتكەن مىنۇت
ھەر ئۆمۈرنىڭ خۇددى ياشلىق مەزگىلى.
شۇندا كۆڭلۈم تۆكتى كۈي بېئىختىيار،
سايرىغاندەك گۈلنى كۆرسە بۇلبۇلى.

يۆتكىدىم گۈلدىن كۆزۈمنى گۈلچىگە،
قول ئۈزاتتىم ئاپىرىن ياغدۇرغىلى.
شۇندا سېزىلدى جىمى گۈلدىن گۈزەل
گۈلچىنىڭ يايراپ ماڭا سۇنغان قولى.

1985-يىل نويابىر، جۇڭشەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## گۈيشەن

گۈيشەن (دالچىن تېغى) ئارىلىدىكى
بېلىقچىلار بېيىشقا باشلاپتۇ.

"گۈيشەن" دەپ ئاتالغان بۇ تاغلىق ئارال
"ئەخلەت قۇيرۇقى" دەپ نام ئالغان بۇرۇن.
شياڭگاڭ ھەم ئاۋمېنىنىڭ ئەخلەت-لاتقىسى
ئېقىپ شۇ ئەتراپتىن ئالغاچقا ئورۇن.

ئۆتەتتى بېلىقچى تىرىكچىلىكى
يامغۇرلار ئاستىدا،
دېڭىز ئۈستىدە،
ھالال تۇرمۇش بۇندا دەككە-دۈككىدە،
قاراقچى چېرىك ھەم بوران دەستىدە.
بىر چاغ...
كەلدى "گۈيشەن" نامىلىق بىر كېمە،
قادالدى ئارالغا ئازادلىق تۇغى.
قۇربانلار قېنىدىن خۇشبۇي گۈل ئۈنۈپ،
"گۈيشەن"گە ئايلاندى ئەخلەت قۇيرۇقى.

*　　*　　*

پىشقەدەم شوجى سۆزلىدى تەمكىن:
”ئازادلىق باھارى كەلمىگەن ئاسان.
ئەپسۇس، ئۆزۈن ئۆتمەي سولاشتۇق يەنە،
ئويلىماي، چاغلىماي ئىسسىپ داشقازان...“

ئۇ كەلگەن بىر چاغدا گويشەنگە چوشۇپ،
دالچىنغا ئايلانغان ئۇنىڭمۇ قېنى.
شۇڭا ئازادلىقنىڭ ئەلچىسى بىلىپ،
بېشىدا كۆتۈرگەن بۇ ئارال ئۇنى.

ئۇ پەيدا بولغاندا ئىككىنچى قېتىم،
”داجەي“ شامىلىنى ئەكەلگەن باشلاپ.
گويشەنمۇ سەتلىشىپ،
ياشلار بىر-بىرلەپ
قاچقىلى تۇرغان يۇرتىنى تاشلاپ.

ئۇ پەيدا بولغاندا ئۈچىنچى قېتىم،
جىلۋىلەندى بۇندا يېڭى كەيپىيات.
بىلىقچى قەۋەتلىك بىناغا كىردى،
كۆز توق ھەم كۆڭۈل توق ئۆتمەكتە ھايات.

بىر چاغدا جاپادىن قېچىپ كەتكەنلەر
ئەمدى بۇ يان قاراپ ئىبىقىۋاتىدۇ.

بۇ يۇرتتىن ئادەمنى قاچۇرغان جاپا
ئەمدى ئۆزى قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.

ھەشەمىلىك كېمىگە چۈشكەن ئەجنەبىي
سەسكىنىپ ئۆتەتتى بۇرۇن بۇ يەردىن،
قاراڭ، ئەمدى سالام بېرىپ چۈشىدۇ
كەلگەندە نەپ ئېلىپ ھەربىر سەپەردىن.

شۇڭا دەيدۇ شۇجى: ئەمدىكى گېپىم
گۈيشەنلىك قەلبىگە يېقىۋاتىدۇ.
ئىسلاھات قۇتقۇزدى مېنى تەندىن،
ھاردۇقۇمنۇ ئوبدان چىقىۋاتىدۇ.

1985-يىل نويابىر، جۇخەي-شېنجېن.



# ئەي كۆڭۈل، كەڭ تۇت ئۆزۈڭنى

ئەي كۆڭۈل، كەڭ تۇت ئۆزۈڭنى، ياقمىغاي تارلىق ساڭا،
قانچە كەڭ بولساڭ يىغىلغاي شۇنچە دىلدارلىق ساڭا.
بىپايان دەيمىز جاھاننى، ئاز ئەمەس تار يەرلىرى،
بولمىسا شۇ تارلىقى يەتكەيمۇ دىشۋارلىق ساڭا.
بىۋاپالىق زەربىدىن سۆكمە جاھاننى بىر يولى،
تېتىماس بۇ زەربىسىز شېرىن ۋاپادارلىق ساڭا.
قانچە كەڭ بولساڭ ئۆزۈڭ، قالماس ھەسەتكە سەندە جاي،
گەر ھەسەت ئالسا ئورۇن، يوق ياخشى ھەمكارلىق ساڭا.
ساختىپەزنىڭ مەرتىۋە، ئۇنۋانغا قىلما ھەۋەس،
بولسا يات تاشلاندى ئەخلەتكە ھەۋەسكارلىق ساڭا.
قىلمىغىن پەس تۆردىكى ئورنۇڭنى سەن، ئەجرىڭنى بىل،
ھەر ئەمەلدارلىقتىن ئەۋزەلدۇر جاۋابكارلىق ساڭا.
ئەل ئۇچۇن تارتقان زىياننى شۇبھىسىز دۆلەت سانا،
كەلتۈرەلمەس خار-زارلىق بۇ چىقىمدارلىق ساڭا.
خۇشلۇقۇڭدا تەنگە سىغماي قالما، دەردتە قورۇلۇپ،
زادى كەڭ بولساڭلا ھامىيدۇر ئۇمىدۋارلىق ساڭا.

1985-يىل دېكابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىچ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# زۇغۇيلار توغرىسىدا

## 1

سۆزۈڭنى خۇش تەبەسسۇم ئىچرە باشلايسەن
ۋە يا مۇڭداش بولۇپ كۆزۈڭنى ياشلايسەن.
ساڭا لازىم قولاق سالغۇچىنىڭ كەيپى،
تومۇر تۇتقاچ ئۇنىڭ قەلبىنى تىڭشايسەن.
ئېرىپ كەتسە، ئاڭا ئامراقلىقىڭ ئۇرغۇپ،
ئېغىزدا بارچە مېھرىڭنى بېغىشلايسەن.
شۇ ئەجرىڭگە ئۆزۈڭنى داڭلىتىپ ھەمدە
رەقىبىڭنى ئۇنىڭ مۇشتىدا مۇشتلايسەن.
سېزىپ قەستىڭنى، رەت قىلسا بولۇشماقنى،
ئۇنىڭدىنمۇ ئېۋەن ئىزدەپ شاپاشلايسەن.
مۇبادا بىر ئېۋەن تاپساڭ، قوشۇپ ئۇننى،
دەلىل نەق دەپ، ”شەرىئەت“كە دورۇسلايسەن.
بىرەر ئەربابقا دۇشمەن كۆرسىتىپ، ئاندىن
ئېلىپ دەستەك، ئۇنىڭغا ئورا راسلايسەن.
ئەقىللىق بولسا ئەرباب، سەن ئۇسۇپ مىخقا،
ئېچىڭ ئۆرتەنسە دەردتىن، كىمگە قاقشايسەن؟

كېچە شىلتىپ قولۇڭنى، باشقا مىنگەنتىڭ،
بۈگۈن نېچۈن بېشىڭنى مۇنچە قاشلايسەن؟
مۇخالىپلارنى سەن هايۋانغا ئوخشاتقان،
ئۆزۈڭ زادى نېچۈك مەخلۇققا ئوخشايسەن؟

2

تىرناق ئاستىدىن كولاپ مەينەت تېپىپ،
باشقىلاردىن زورمۇزور ئىللەت تېپىپ،
پىتنىخورلۇقنى هۈنەر قىلدىڭ، گويا
ئالغىنىڭدەك بىباها هېكمەت تېپىپ.
پىتنە بازارىدا جىق ئالدىڭ هايان،
چوڭ خېرىدارلىق بولۇپ، بەرىكەت تېپىپ.
ئۆزدى كېمەڭمۇ تەۋەككۇل بەهرىدە،
"سول" شامالغا ماسلىشىپ، رىغبەت تېپىپ.
بىگۇناهلار يۇتسا دەستىڭدىن زوقۇم،
سەن بۇنىڭدىن يايرىدىڭ لەززەت تېپىپ.
بولدى سەندىن پىتنە دوكاسى رىزا،
سەنمۇ كېرىلدىڭ مەدەت، هۆرمەت تېپىپ.
"سول" شامال پەسكويغا چۈشكەن چاغدىمۇ،
سەن پېتىڭدىن چۈشمىدىڭ پۇرسەت تېپىپ.
قانچە دوكا سىندى، لېكىن سەن يەنە
قۇترىدىڭ ئالغاچ يېڭى چوپقەت تېپىپ.
خەلق ئالەم نەپرىتى كار قىلمىدى،
ئالمىدىڭ بۇندىن بۆلەك خىزمەت تېپىپ.

ئۆلگۈرەلمەيسەن پۇشايمانغا چوقۇم،
شۇ پېتى ماڭساڭ رەزىل قىسمەت تېپىپ.
سۇرتىڭنى سىزغىنىمدىن مۇددىئا:
ئالسا بۇندىن باشقىلار ئىبرەت تېپىپ.

3

يېيىپ جىڭ ماركىلىق، يالغان تاۋارنى،
قارا ئىغۋاغا نام ئەيلەپ ئىپارنى،
ئۆزۈڭچە باي بولۇپ قالغان چېغىڭ بار،
ئېلىپ ئىلكىڭگە بەش كۇنلۇك بازارنى.
سېنى دەرمىش تېخى چوڭ شەيخۇ دەرۋىش،
تىمىسقىلاپ ياقىلاپ يۇرسەڭ مازارنى.
(بىلىپ-بىلمەي تاۋاپ قىلغۇچى ئازمۇ،
تۇزەيدۇ دەپ ھېسابلاپ ئىش بۇزارنى).
ئۇيالماي تۆھپىكار تونىدا تەرلەپ،
يامانلاپ داغدا قويدۇڭ تۆھپىكارنى.
ساقاڭ ئالچۇ ھامان، ھېچبىر قىمارۋاز
سېنىڭدەك ئوينىيالماس بۇ قىمارنى.
جېنىڭ ئونمۇ سېنىڭ، چەكسىزمۇ ئەقلىڭ،
قەيەردىن تاپتىڭ، ئەي، بۇ ئىقتىدارنى؟
"تادان تۇلكە ئىلىنغاي تۇمشۇقىدىن"—
دېگەن ھېكمەتكە بەرمەي ئېتىبارنى،
شاپاشلاپ، ئاخىرى قان يىغلىغايسەن،
كۇلەر ئاڭلاپ كىشى بۇ نالە-زارنى.

## 4

ئاچاي بىر سۆز، زۇغۇي دوستۇم، رەزىللىك خاتىرەڭدىن،
كى ۋىجدان ھەققىدە تاپقان "ئىجادىي پەلسەپە"ڭدىن.
راۋاندۇر سۆھبىتىڭ يالغۇز كىشىنى ئالدىغاندا،
قايار سۆھبەتدىشىڭنىڭ كالللىسى ماز سەپسەتەڭدىن.
سىنىڭچە يوق ئىمىش ۋىجدان، قۇرۇق گەپمىش دىيانەت،
بۇنىڭغا نەچچە ئىسپات كەلتۇرەرسەن تەجرىبەڭدىن.
لەئىن شەيتان ئىكەنسەن خۇش تەبەسسۇمغا مۆكۈنگەن،
ئۇدۇم ئوخشايدۇ مەككارلىق زاكاڭدىن ھەم چىنەڭدىن.
ئاۋايلاپ مۇڭدىشارسەن ئىككى-ئۈچ ئادەم بىلەن گاھ،
سۆز ئاچمايسەنكى ۋىجدانغا توكۇرگەن ئەڭگىمەڭدىن.
نومۇسنىڭ يىلتىزى ۋىجدان، ئۇنىڭسىزمۇ ھايات سەن،
شۇڭا بولساڭمۇ رەسۋا، تامچە تەر چىقماس چېكەڭدىن.

1985-1986-يىللار.



# كەچمىگىن، دوستۇم، سەمىمىيەتتىن

كەچمىگىن، دوستۇم، سەمىمىيەتتىن،
قويسىمۇ سېنى كەمبەغەل قىلىپ.
بىراق ئاشىدۇ كۆڭۈل بايلىقىڭ،
ئاسرىغىن ئۇنى جېنىڭدەك بىلىپ.
ئۇنىڭسىز سېنىڭ تويمايدۇ كۆزۈڭ،
رەسۋا قىلىدۇ ھەر كويغا سېلىپ.

كەچمىگىن، دوستۇم، سەمىمىيەتتىن،
مەھرۇم قىلسىمۇ مەنسەپ-ئەمەلدىن.
ئۇنىڭسىز زەرباب بولسىمۇ تونۇڭ،
بەرىبىر، لەنەت ياغىدۇ ئەلدىن.
ھامان يۈكسەك مەرتىۋەڭ سېنىڭ،
ئورۇن بەرسىلا خەلقىڭ كۆڭۈلدىن.

كەچمىگىن، دوستۇم، سەمىمىيەتتىن،
قويسىمۇ سېنى ئەخمەق كۆرسىتىپ.
ئۇنىڭسىز ئاقىل بولساڭ، ئۆزۈڭنى

دىتسىز مەخلۇققا قويىسەن چېتىپ.
پەرق ئېتەلمەي يولۇڭنى هامان،
قالىسەن چوقۇم پاتقاققا پېتىپ.

كەچمىگىن، دوستۇم، سەممىيەتتىن،
يۈز ئۆرۈتسىمۇ يارىڭنى سەندىن.
سۆيگۈ بېغىڭ ئادالىنىدۇ،
قۇتۇلىسەن زەھەر تىكەندىن.
سۆيگۈ ئىزدەيدۇ سەممىيەتنى،
بۇلبۇل بەھرىمەن خۇشبۇي چىمەندىن.

كەچمىگىن، دوستۇم، سەممىيەتتىن،
تۇتۇپ بەرسىمۇ خەنجەرگە سېنى.
ئۇنىڭسىز هايات نېمىگە لازىم،
ئۇنىڭسىز شەرەپ تاپتى كىم، قېنى؟
جان قەدىرلىك ۋىجدان بىلەنلا،
سەممىيەت ۋىجداننىڭ جېنى.

1986-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانام قۇچاقلىدى ”ئانام“ دەپ مېنى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراق-
لىشىپ قالغان ئانام بىلەن 24 يىلدىن
كېيىن كۆرۈشتۇم.

مەن بۇ ياقتا،
ئانام ئۇ ياقتا،
ئارىدىن بىر ئەر ئۆمرى ئۆتۈپتۇ.
مەن ئۇنى ھەر دەم سېغىنغىنىمدەك،
ئۇمۇ ھەر دەم مېنى كۈتۈپتۇ.

ئاياغلىشىپ ھىجران تۈنلىرى،
چاقنىدى تاڭدەك ۋىسال جۇلاسى.
شۇنداق ئىكەن تارىخ تەقدىرى،
قوبۇل بولۇپتۇ ئانا دۇئاسى.

يېتىپ كەلگەن دىدار پەيتىدە،
ئانام ئالدىغا كىردىم سالام دەپ.

مەن "ئانا" دەپ باغرىمغا باسسام،
ئۇمۇ باغرىغا باستى "ئانام" دەپ.
(بالىسىنىمۇ "ئانام" دەپ ئاتاپ،
سۆيۈنىدۇ ئەزەلدىن ئۇيغۇر.
"ئانا" بىر ئىسىم بولسىمۇ، بىراق
مەنىسى ئۇلۇغ،
مەزمۇنى چوڭقۇر).

ئانا مېھرى كۆيدۇردى بىزنى،
ئانا مېھرى قۇچتۇردى بىزنى.
ئانا مېھرى سۆيدۇردى بىزنى،
ئانا مېھرى باشقۇردى بىزنى.

"ئانا" دېيىش ئانىدىن قالغان،
"ئانا" دېيىشنى ئانا ئۆگەتكەن.
ھەر ئىككىمىزنىڭ ئانىسى بىرلا،
شۇ ئەمەسمۇ بىزنى كىنەتكەن.

1986-يىل فېۋرال، ئالمۇتا.

# ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا

تاشكەنت شەھرىدە،
ناۋايى ھەيكىلى ئالدىغا كېلىپ،
ئېھتىرام بىلەن بېشىمنى ئېگىپ
ۋە قەدىناسلارچە تۇرسام تىكىلىپ؛
كىمدۇر بىرى:
—بۇ ئۇلۇغ زات بىلەن قانداق تونۇش سىز؟—
دەپ سوئال قويدى تەئەججۇپلىنىپ.

ھەيران بولۇپ بۇ سوئالغا مەنمۇ،
جاۋاب بەردىم:
—گەپىڭكەن ”قانداق تونۇش. . .“ دېگەنمۇ،
مەن پەرھاتنىڭ يۇرتىدىن كەلدىم،
ناۋايى ياشايدۇ پەرھات بىلەنمۇ.

1986-يىل 15-مارت، تاشكەنت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇھەببەتتىكى ۋاقىت ھېسابى

بىر ئاينى ئادەتتە ئوتتۇز كۈن دەيمىز،
دېمەك،
كۈندىن ئاي ئوتتۇز ھەسسە جىق.
بۇ، كالېندارغا تەئەللۇق مەنتىق.

لېكىن،
مۇھەببەتتە بار شۇنداق بىر ھېساب؛
ھېجرانلىقتا
سېغىنىش كۈنلىرى ئايلاردىن ئۇزاق،
ۋاقىت بەكمۇ ئۆتىدۇ ئاستا.
ئەمما ۋىسال پەيتىدە
ۋاقىت نەقەدەر ئۆتىدۇ ئىتتىك،
ئېيى ئۇنىڭ كۈندىنمۇ قىسقا.

1986-يىل مارت، ئالمۇتا.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سالام تۇشۇيمەن

”سالامچى بولساڭ يوقىرى ئۆت!“
—ئاتىلار سۆزى

سالام ئېلىپ ماڭىمەن،
سالام ئېلىپ يانىمەن.
مەن شوتداق ھارۋىكەش،
گەپ تۇشۇمايمەن،
سالام تۇشۇيمەن.

مېنىڭ ھارۋام گەپ كۆتۈرەلمەيدۇ،
سالىمىڭ بولسا خالىغانچە بەر،
ئېغىر كۆرمەيمەن،
ھەقمۇ ئالمايمەن.
دوستلارغا دوستلارنىڭ سالاملىرىنى
يەتكۈزەلىسەم،
لەززەتلىك نەپەس ئېلىپ ”ئوھ“ دەيمەن.

1986-يىل 25-مارت، ئالمۇتا.

# دوستۇمغا

ئاڭلىدىم مەنمۇ يېقىندا چۈشتى دەپ يارلىق ساڭا،
كەپتۇ ئەل ئارزۇسىدىن بۇ چوڭ ئەمەلدارلىق ساڭا.
ئىككىمىز بىر چاغدا بىللە پادا باققان دوست ئىدۇق،
بىر گېپىم بار، دەي، ئېغىر ئالما، بۇ دىلدارلىق ساڭا.
ئۆپچۆرەڭگە ئەمدى مۇھتاجلار كېلەر ھەر ئۆي بىلەن،
ھەم كۆپەيگەن ئىلتىپات ئىزدەپ خېرىدارلىق ساڭا.
سىنچىلاپ ھەر نەرسىنى كۆرگىن ئەقلىنىڭ كۆزىدە،
راست بولۇپ كۆرۈنمىسۇن ئېزىتقۇ-مەككارلىق ساڭا.
گال پېتى قالسۇن گېلىڭ، تۇرسۇن ئۇزارماستىن قولۇڭ،
دارىتماس تىل قىسقىلىقىنى بۇ ئۇلۇغۋارلىق ساڭا.
قانچىلار دەسسەپ خۇشامەت كۆۋرۈكىنى، بولدى غەرق،
دەل شۇ يەردە چىققىلى بولمايدىغان يارلىق ساڭا.
قىل ھەزەر، ئالما ئەقىل تۆھمەتچىدىن، كۆيدۈرگىدىن،
كېلىدۇ نەپرەتنى باشلاپ بۇ ئەقىلدارلىق ساڭا.
ئالقىش ئالغان چاغدا قارغىش بارلىقىنى ئۇنتۇما،

بەكمۇ لازىم ئەنە شۇنداق چاغدا ھوشيارلىق ساڭا.
بىللە چاقساقچۇ ياڭاق دېگەن تەمەدىن نېرى مەن،
ھەم غەرەزسىز بۇ سۆزۈم چامىمچە ھەمكارلىق ساڭا.

1986-يىل 10-ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورىتېكىسى
www.uyghurkitap.com

# ئاگاھ بول، گۈزەل قىز

ئاگاھ بول، گۈزەل قىز، بەڭباشلىقىڭغا،
نەگە ئېلىپ ماڭدى يۈگەنسىز رايىڭ.
بولالامدۇ مەنزىل "ھا-ھا" كوچىسى،
ئەسقاتامدۇ مەڭگۈ ساڭا چىرايىڭ.

ئەجەب كىرىپ قاپسەن بېزەپ كوچىغا،
بۇ كوچىدا نېمە قىلسۇن مۇھەببەت.
ھەۋەس ساقىيلىرى شۇنچە كۆپ بۇندا،
ئىچكۈزىدۇ زەھەر، كۆرسىتىپ شەربەت.

كۆردۈڭمۇ ھالىنى ئاتا-ئاناڭنىڭ،
تۆت ئادەم بار يەردە تۇرالماس بولدى.
ئايىماي ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭ تىرىك،
بەتخۇيۇڭ ئۆزۈڭگە قانچە ئاش بولدى؟

بۇ كوچىدا قاتراپ، ئېزىتقۇ قوغلاپ،
بولىدۇ يۈرىكىمنىڭ ھامان سەكپارە.
نەسىھەت ئاڭلىماي كەتتىمنىڭ ئۇزاقتا،
بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا، بىچارە.

ھاڭنى راۋاق قىلىپ كۆرسىتەر ساڭا
ھەۋەس كېچىسىنىڭ پانۇس چىرىغى.
يۈرىكىم تىتىلداپ تىلەيمەن شۇنى:
نېسىپ بولسا ئىدى نومۇس چىرىغى.

1986-يىل ماي.



## بېزەكلىكتە

قەدىمىي نەقىشلەرگە نەزەر سېلىپ،
كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي ھەيران قېلىپ،
غۇرۇردىن قاناتلىنىپ ئۇچتۇم گويا،
مانىيچە ماھارەتكە زوقۇم كېلىپ.

زوقلاندىم ئۇچقانسېرى ئۆتمۈش سايان،
كۆزۈمگە مۆجىزىلەر بولغاچ ئايان.
بىردىنلا كەلدى سادا زامانەمدىن:
بۇ ياقتا يولنىڭ ئالدى، قايرىل بۇ يان!

كۆردۈمكى نەزەرىمنى بۇ يان بۇراپ،
چۆرەمنى بىر توپ ئۆسمۈر ئاپتۇ ئوراپ.
چۆرقىراپ قايمۇقتۇرۇپ قويدى مېنى،
كەلگۈسى توغرىسىدا سوئال سوراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سورىدى بىرى يېڭى شېئىرىيەتتىن،
سورىدى بىرى رەسىم سەنئىتىدىن،
سورىدى ساماۋى سىر توغرىسىدا،
سورىدى ئېلېكترون ھېكمىتىدىن.
لەرزىگە چۈشتى مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ ئان
چاقماقتەك سوئاللارنىڭ شىددىتىدىن.

زوقۇمنى مەيلى قانچە تارتقان بىلەن،
قەدىمىي نەقىش ئىزى-بېزەكلىكىم.
كېلەچەك زوقى بېسىپ چۈشتى ئۈنى،
بولسىدى مېنىڭ ئاڭا كېرەكلىكىم.
ساقالنى پەش قىلمايمەن ئۆسمۈرلەرگە،
ئالدىدا بولدى ئايان گۆدەكلىكىم.

1986-يىل ئۆكتەبىر، تۇرپان-بېزەكلىك.



## مۇقام ئاڭلاپ

ئۇيغۇر پۇشتى مۇقام ئاڭلاپ تۇغۇلغان،
مۇقامغا ئوخشايدۇ ئەللەي كۈيىمۇ.
مۇقامسىز مەشرەپكە ئوخشىماس مەشرەپ،
مۇقامسىز قىزىماس ياشلار تويىمۇ.

مۇقام ئاڭلىغاندا بوۋاي-مومايلار،
ياشىرىپ قالغاندەك سىزەر ئۆزىنى.
دېيىشىدۇ: "ئادەم شېھىت كېتەرمىش
مۇقام ئاڭلىغانچە يۇمسا كۆزىنى".

شۈكۈر، مۇقام ئاڭلاپ كەلدىم شۇڭغىچە،
ھاياتىم مۇقامدىن بولمىسۇن جۇدا.
دوستلىرىم، مەن ئۆلسەم، يىغا ئورنىغا
مۇقام بىلەن ماڭا دەڭلار ئەلۋىدا.

1986-يىل نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياشلىق لىرىكىلىرى

## (چاتما شېئىر)

### كۆزۈڭدىن سورا

ساڭا قاراپ شۇئان داڭ قېتىپ قالسام،
"ۋاخ، كۆزى ئوق ئىكەن، قېشى كامان" دەپ،
ئالاقزادە قىلىپ تېخىمۇ مېنى،
ئەيىبلەپ كەتتىڭغۇ "كۆزى يامان" دەپ.

ۋە لېكىن سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن،
نە شىددەت، جاسارەت بولسۇن ئۇنىڭدا؟
ئەيىب سانىلامدۇ
بىر قاراش بىلەن
چەكچەيگەنچە تۇرۇپ قالسام يېنىڭدا؟

قارىغان ئەمەس مەن ھېچكىمگە مۇنداق،
ئۇقمايمەن، نېمىدۇ قاراتتى ساڭا.

سۇر بېسىپ، كۆزۈمنى باشقۇرالمىدىم،
ئەپسۇن ئوقۇدىمۇ كۆزلىرىڭ ماڭا.

ۋاباللىق يەتمەسمۇ ماڭا، ئەي گۈزەل،
ئەشۇ ”كۆزى يامان“ دېگەن سۆزۈڭدىن.
ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن
سورىغىن ئۆزۈڭنىڭ جادۇ كۆزۈڭدىن.

## قىلمىغىنا گۈلنى خىجالەت

قىسقۇاپسەن چېكەڭگە بىر گۈل،
تاپىمغاندەك ھۆسنۈڭ كامالەت،
گۈل چېنىپتۇ ھۆسنۈڭ ئالدىدا،
قىلمىغىنا گۈلنى خىجالەت!

## سوغۇق سۇ

سوغۇق سۇ چېچىش دەپ ئاتىغاچقىمۇ
ئەنىسىز سوغۇقلارنىڭ سوغۇق دوقىنى.
مەنمۇ بىزار ئىدىم بۇنداق قىلىقتىن،
سوۋۇتىدىكەن دەپ كۆڭۈل زوقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوغۇق سۇ چېچىپلا قاچتى ئوماق قىز
سۇغا چىقىشىمغا بۈگۈن ئەتىگەن.
شۇ ھامان كۆڭلۈمگە تۇتاشتى بىر ئوت،
توۋا، سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرۈدىكەن.

## راستلىقىڭ- راستچىللىقىڭ

ھەۋىسىڭ يوق ئۇپا-ئەڭلىككە،
شۇنچىلىك يات ھەشەمەت ساڭا.
شۇنچە تولۇق گۈزەللىك سەندە،
سېخىي ئىكەن تەبىئەت ساڭا.

شۇنچىلىك راست قايغۇڭمۇ سېنىڭ،
شۇنچىلىك راست كۈلكەڭمۇ سېنىڭ.
شۇنچىلىك راست تۇرقۇ سىياقىڭ،
شۇنچىلىك راست خۇلقۇڭمۇ سېنىڭ.

شۇ راست قايغۇڭ قايغۇرتتى مېنى،
شۇ راست كۈلكەڭ كۈلدۈردى مېنى.
شۇ راست تۇرقۇڭ قەلبىمگە سىڭدى،
شۇ راست خۇلقۇڭ كۆيدۈردى مېنى.

بەردىم ساڭا ئىشقىي سۆزۈمنى،
ئۆلچىسۇن ئۇنى راستلىقىڭ سېنىڭ،

ئوخشىمىسا قەلبىم ئۈنىڭغا،
كەلگىنىم يالغان دۇنياغا مېنىڭ.

1986-يىلى باھار-ياز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىراس

( «مىراس» ژۇرنىلىغا بېغىشلىما)

ئەۋلادلارنىڭ سۈنىمادۇ كۆڭلى
ئەجدادلاردىن مىراس قالمىسا.
قورۇنىمادۇ ئەجدادلار روھى
مىراسىغا ۋارىس بولمىسا.

شۈكۈر،
بىزگە ئەجدادلىرىمىز
كەتتى تالاي مىراس قالدۇرۇپ.
كەتتى ئۇلار ھاياتىمىزغا
ئۆچمەيدىغان ئۇدۇم ياندۇرۇپ.

قالدى بىزگە مەڭگۈ مىراس،
مەڭگە باي، ھۆسنى چىرايلىق.
گەر ئۇنىڭدىن قالساق ئايرىلىپ،
باسار بىزنى روھىي گادايلىق.

ئۇ ئەڭگۈشتەر،
شۈنچە جىلۋىدار،
ئەلا جىمى جابدۇق ئىچىدە.
ساقلىنىدۇ، جىلۋىلىنىدۇ
كۆڭۈل ئاتلىق ساندۇق ئىچىدە.

ئاسراش ،ئۇنى بۇرچىمىز بىزنىڭ،
بىراق ئۇندىن نەرى ئاشمىساق،
قانداق ياخشى ۋارىس بولىمىز،
جەۋھەرلەرگە جەۋھەر قوشمىساق.

1986-يىل.



www.uyghurkitap.com

# يېڭى يىل، ئاق يوللۇق بولۇپ قال يەنە

ئاق تونلۇق يېڭى يىل
كىرىپ كەلدى ئۆز ئادىتى بىلەن،
ئۈچ يۈز ئاتمىشنىچى ئىشىكنى ئېچىپ.
ئاسمان گۈلشىنىدىن چىققان چېغى ئۇ،
كەلدى شۇڭا ئاق چېچەك چېچىپ.

يېڭى يىل،
سەن بوۋاي ئەمەس سەن،
بەلكى شوخلۇقتىن
بوۋايلاردەك ياسانغان بالا.
بولمىسا، سەن بىلەن ئاشۇ يىللار
پومۇداقلىشىپ ئويىنىشاتتىمۇ،
تەڭتۇشىدەك كۆرۈپ شۇنچىلا.

شۇ ئويۇننى كۆرگەن چېغىدا
ئاتا-ئانىلار ھاياجانلىنىپ،
"باقىن بالاڭنىڭ ئوينىشىغا..." دەپ،
سېۋەت كۆتۈرۈپ بازار ئايلىنىپ،
قۇتلۇقلاپ كۆرۈشكەن يارانلىرىنى،
قازانغا تۇتۇش قىلىدۇ يېنىپ.

يېڭى يىل كەلگەندە بىزگە ھەر قېتىم،
ئۈمىد دەپتىرىگە پىلان تۈزىمىز.
بەزىدە يىلنى كۈلۈپ ئۆتكۈزدۇق،
بەزىدە سارغايدى غەمدىن يۈزىمىز.
ئۇنىمۇ دەيمىز،
بۇنىمۇ دەيمىز،
سەۋەبكار كۆزىمىز،
زامىنى ئۆزىمىز.
ئەمدى ماڭمايمىز
تارىخ رايىنىڭ ئەكسىگە قاراپ.
يول تونۇش بولمىسا،
ماڭىمىز ئۇنى ئىلىمدىن سوراپ.
لېكىن قالمايمىز ھەرگىز كۆلكىگە
مايمۇن كەبى ئۆزگىنى دوراپ.
يىل كېلىپ بىزگە ئاق چېچەك چاچسا،
ئۆزىتىمىز چوقۇم بىز ئۇنى
رەڭمۇرەڭ گۈل-چېچەككە ئوراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەرھابا، يېڭى يىل،
سەن ئۈچۈن بۈگۈن
ئۆزىمىزنى چاغلاپ قىلدۇق تەنتەنە.
ئاق تون كىيىپ،
ئاق چېچەك چېچىپ كېلىپسەن چىرايلىق،
شۇنداق ئاق يوللۇق بولۇپ قال يەنە.

1986-يىل يېڭى يىل ھارپىسى.



# نورۇزدا كەلگەن ئىلھام

”يىل بېشى نورۇز ئېيى. . .“

— «نورۇزنامە» دىن

ئىللىدى زېمىن،
تەرلىدى زېمىن
نورۇز تەپتىدىن ھارارەت ئېلىپ.
توزۇپ ئۇنىڭ ئاق يېپىنچىسى،
كەتتى ئۇچۇپ بۇلۇتقا سىڭىپ.

دېھقان ”شۈكۈر“ دەپ ساقال سىيىپدى
ئېچىپ بولۇپ نورۇز ئېشىنى.
بۇرىماقچى ئەتە ئېتىزغا
«سوپەكباي»[1] نىڭ تۆمۈر بېشىنى.

يىل بېشىدا،
ئىشنىڭ بېشىدا،
دېھقان، يېڭى ئارزۇ پۈكۈپ چىق.

---

[1] سوپەكباي—قول تراكتورى.

تەر تۆكۈشلا قىلماس كۈپايە،
ئېتىزغىمۇ كىتاب ئوقۇپ چىق.

تەبىئەت چاقچاق كۆتۈرەلمەيدۇ،
رەت قىلىدۇ ھامان يالغاننى.
"دېھقان يەرنى ئالدىمىسىلا،
ئالدىمايدۇ يەرمۇ دېھقاننى."

*　　*　　*

خۇشبۇي، ئىللىق نورۇز شامىلى
يەلپۈپ سەگىتتى شائىر قەلبىنى.
نورۇز بىلەن باشلىنار چوقۇم
شېئىرىيەتنىڭ يېڭى تەلقىنى.

ئۇمۇ گويا دېھقانغا ئوخشاش،
بىر پاتمان يەرنى ھۆددىگە ئالدى.
ئۇرۇق قىلىپ پىكىرلىرىنى،
قەلەم چېكىپ قۇرلارغا سالدى.

ئۇمۇ شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ:
ئەجرىم ئەلگە ھوسۇل بەرسە دەپ.
ھەربىر ھەرپ گويا بىر باشاق،
ھەربىر مىسرا بىر سول بولسا دەپ.

يېڭى يىل يېڭى ناخشا تىلەيدۇ،
تېخىمۇ مۇھتاج راستچىل پەدىگە.
يالغان ئېيتماق ئاسان بولسىمۇ،
چىدىماق تەس ئۇنىڭ دەردىگە.

1987-يىل مارت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەمبۇرچى دوستۇمغا

(مۇۋەششەھ)

ھەق ئىدى بولسا لەقەم تەمبۇر ساڭا،
سەن ئۇنىڭغا جور، ئۇمۇ بەك جور ساڭا.

ئۆرگىلەي ناخۇنلىرىڭ ئىزھارىدىن،
تىڭشىماس كىممۇ قاراپ مەغرۇر ساڭا.

سەن كەبى كىم سايرىتالايدۇ ئۇنى،
يا چىقارغانمۇ ئاتاپ ئۇيغۇر ساڭا.

ئەۋجىگە چىققىنىڭ بۇ بابتا جۇش ئۇرۇپ،
بۇ ئۇقۇم سىڭگەن ئىكەن چوڭقۇر ساڭا.

ناخشىڭغا خوپ جىلۋە بەرگەچ بارمىقىڭ،
ئاڭلىغانىنىڭ ئالقىشى بەك زور ساڭا.

جامىكام كەتكەن ئىكەن ”بارىكاللا“ دەپ،
روزى تەمبۇر روھى مەمنۇندۇر ساڭا.

ئايرىغاچقا ساز چېلىپ غەم-قايغۇدىن،
ئەلمۇ چىن چېھرى بىلەن غەمخور ساڭا.

نەغمىدە چالغان بىرەر پەدەڭ ئۈچۈن
يازسىمۇ ئاز نەزمىدىن مىڭ قۇر ساڭا.

1987-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۇاڭشىدىن تېزىپ كەلگەن مىسرالار

## (چاتما شېئىر)

## ناخشا رەسىتىسى

جۇاڭزۇلار يۇرتىغا بېرىپ باھاردا،
مەست بولدۇم ناخشىلار پەيزىنى سۈرۈپ.
چۈشۈپتىمەن بەزمە ئۈستىگە ئۆزۈم،
"سەنيۆسەن" پەيتىگە تازا ئۇلگۈرۈپ[1].

بۇ چاغدا كۆندۈزى ئاتا-ئانىلار
ئەگەشتۈرۈپ بالا، نەۋرىلىرىنى،
ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سۈپۈرىدىكەن
ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى.

---

[1] "سەنيۆسەن" بايرىمى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 3-كۈنى بولۇپ، جۇاڭزۇ خەلقى بۇ بايرامنى كۈندۈزى قەبرە سۈپۈرۈش بىلەن باشلايدىكەن. كېچىسى ياشلار كوچا-كوچىدا توپ-توپ بولۇپ ناخشا ئېيتىشىدىكەن.

بۇ بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋاقتىدا
كەپسىزلىك قىلغاننى دوقۇسلايدىكەن.
ئەجدادلار روھىدىن رازىلىق ئېلىپ،
كېچىنى ناخشىغا بېغىشلايدىكەن.

شۇندا كوچىلاردا توپ-توپ بولۇشۇپ،
ناخشا ئېيتىدىكەن قىزلار، يىگىتلەر.
سادالار ئارقىلىق چىرمىشىدىكەن
ياشلىق قەلبىدىكى ئارزۇ-ئۇمىدلەر.

كۆڭۈل ئەركىنلىكى ناخشىلارغا بەند،
تۇۋلايدۇ، ئاڭلايدۇ، خۇشال ھەممىسى.
ياشلىق دەپتىرىگە پۈتۈلەر شۇندا
سۆيگۈ داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى.

بۇ تۈن كۈندۈزدىنمۇ يورۇق ئۇلارغا،
بولسىمۇ ئەتراپى قارا كۆلەڭگۈ.
ناخشىغا ليۇ سەنجيې[1] روھى ئىلھامچى،
ئاشۇ روھ بىلەن ئۇ ياشايدۇ مەڭگۈ.

---

① ليۇ سەنجيې— جۇاڭزۇلارنىڭ تارىخىي رىۋايەتلىرىدىكى ناخشىغا ماھىر، پاراسەتلىك قىز.

قانداق بازاردۇ بۇ تۇندىمۇ ئاۋات،
بازار ئەمەس، بەلكى ناخشا رەستىسى.
ئىختىيارسىز تۇنەپ چىقتىم كوچىدا،
ناخشىغا باغلىنىپ كۆڭلۈم رىشتىسى.

## كۆڭلۈمنى ئوتۇۋالدى

يەنتەندە ”سەنيۆسەن“دە ئوينايدىكەن
مەيداندا ياشلار تۇخۇم چېكىشتۇرۇپ.
قىز كۇلۇپ چېكىشتۇرسە يىگىت بىلەن،
بۇ ئۇنى قالغىنىكەن ياخشى كۆرۈپ.

ئۇقۇشماي، چېكىشتۇرۇپ ئوينايلى دەپ،
مەنمۇ بىر قىز ئالدىغا كېلىپ قالدىم.
رەت قىلماي چېكىشتۇردى قىزمۇ كۇلۇپ،
بىر چېكىپ تۇخۇمىنى ئۇتۇۋالدىم.

قىيقاسلار ئارىسىدا بىر قىزنىڭچى
دېگەنتى قىزغا: ”ئەجەب كۇلۇپ تۇرۇپ،
ياش ئەمەس، چا ساقاللىق ئادەم بىلەن
زوقلىنىپ ئويىندىڭا چېكىشتۇرۇپ!“

قىزى دېدى: ”ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي
كەلسە ئۇ بۇ يان بېسىپ شۇنچە يولنى،
كۆزىدىن چاقناپ تۇرسا دوستلۇق كۆڭلى،
نېمىشقا يېقىن كۆرمەي بۇ كۆڭۈلنى.“

* * *

مەن تاللاپ ئالغان تۇخۇم قاتتىق چىقىپ،
ئۇتتۇرۇپ قويغان ئىدى تۇخۇمنى ئۇ.
ۋە لېكىن يۇمشاق، ئىللىق سۆزى بىلەن
مەيداندا ئۇتۇۋالدى كۆڭلۈمنى ئۇ.

## يولدا

غۇيۇلداپ ۋېلىسىپىت ماڭار يولدا،
ئالدىغا يىگىت مىنگەن، قولى رولدا.
كەينىگە مىنگىشىپتۇ تەڭتۇش قىزى،
ياغدۇرۇپ تۇرار كۈلكە خۇمار كۆزى...
بىردىنلا قىزنىڭ رەڭگى-ئۆڭى ئۆچتى،
سىقىلدى، كۆڭلىدىن بىر تەشۋىش كەچتى.
دېدى ئۇ: ”چۈشۈپ كېتەي شۇ تۇرقى مەن،
يىقىتىپ قويارسەنمۇ دەپ قورقىمەن.“

”قورقىسەن، — دېدى يىگىت، — نېمە ئىشتىن؟
قورقمىغان ئىدىڭ بايا مىنگىششتىن.
مەن سېنى مىندۇرمىدىم يىقىتقىلى،
بۇنىڭغا گۇۋاھ سۆيگۈ مۇئەككىلى.
ئالساڭلا ئەركىن نەپەس، سىقىلمايسەن،
ماڭا چىڭ يېپىشساڭلا يىقىلمايسەن.“

## دالچىنزار

دالچىننىڭ ئېسىل دەرەخ ئىكەنلىكى
ئايانغۇ سۇمباتىدىن، ياپرىقىدىن.
گۇپۇلدەپ ئېپار ھىدى كېلىدىكەن
ئېچىلسا گۈلى بىلەن تۇپرىقىدىن.

سەير ئېتىپ دالچىنزارنى بىرنەچچە كۈن،
قالدىم مەن بۆلەكچىلا بولۇپ خۇشخۇي.
گۈلىنى كۆرمەستىمۇ ئەسكە ئالسام،
سېزىمەن دىمىغىمدا ئېسىل خۇشبۇي.

دالچىنزار بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن
چاڭئېنىڭ[1] زېمىندىكى ئۆز يۇرتىنى.

---

[1] چاڭئې — خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى خىسلەتلىك دورىنى يەپ، ئايغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن گۈزەل ئايال.

ئۇ ئايغا ئۇچار چاغدا ئېلىۋالغان
دالچىننىڭ بىرە-يېرىم كۆچىتىنى.

ئايدىمۇ دالچىنزار بار دېيىشىدۇ،
ئۇ بەلكى شۇ كۆچەتتىن بولغان بىنا.
ياڭئېمۇ يالغۇزلۇقتا چىداپ كەپتۇ،
دالچىنزار ھەمراھ بولۇپ تۇرغاچ ئاڭا.

## ديدار خاتىرىسى

—پىشقەدەم جۇاڭزۇ يازغۇچىسى يولداش لۇدىغا
بېغىشلايمەن

ھەمنىيەت، ھەمسەپ بولۇپ كەلگەچكىمۇ
ئۇزۇندىن تونۇشاتتۇق غايىبانە.
كۆرۈشتۇق بۈگۈن سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا،
”سەنيۆسەن“ بايرىمىدا شادىيانە.

يېشىڭىز بىزدەكلەردىن خېلىلا چوڭ،
ئاتلانغان سەپەرگىمۇ ئاللىبۇرۇن.
ئەل بىلەن بولالىسام ھەمنەپەس دەپ،
كەلدىڭىز تالاشماستىن تۆردىن ئورۇن.

—ئەل كۆردى ئەجرىڭىزدىن جۇاڭزۇغا خاس
يېڭىچە ئەدەبىيات ئۈلگىسىنى.

يەنىلا ئالقىش ئارا كۆرۈنىسىز،
كەلتۈرسەم كۆز ئالدىمغا كەلگۈسىنى.

## دالچىن شېخى شىلدىرلايدۇ

باراقسانلىق دالچىنزارغا
كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى مېنىڭ.
ئۇنىڭ زۇمرەت ياپرىقىنى
ئەركىلەتكۈم كەلدى مېنىڭ.
ماڭا جاۋاب قايتۇرغاندەك،
دالچىن شېخى شىلدىرلايدۇ.
گويا نازۇك ئاۋاز بىلەن
قۇلىقىمغا شىۋىرلايدۇ:

”سەككىزىنچى ئاي كەلسىلا
چېچەكلىرىم ئېچىلىدۇ.
ئۇندىن ئادەم مەست بولغۇدەك
ئىسىل خۇشبۇي چېچىلىدۇ.
مەست قىلغۇچى خۇش پۇراققا
بەكمۇ خۇمار دەيدۇ سېنى.
راست بولسا، مەن گۈل ئاچقىچە
كۈتۈپ، كۆرۈپ كەتكىن مېنى.“



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېدىم: ”رەھمەت، بىراق ھازىر
يۇرتۇمغىمۇ باھار كەلدى.
بېغىمدىكى قىزىل گۈلۈم
ئېچىلىشقا تەييار بولدى.
مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بۇلبۇل،
كېچىكمەي كەل دېگەن مېنى.
سېنىڭ گۈلۈڭ ئېچىلغىچە،
بېرىپ كۆرۈپ كېلەي ئۇنى.“

## مەن ھەيران

لىجاڭنى كېزىپ ياڭسۇغىچىلىك[1]،
نەزەر تاشلاپ ئىككى قاسناققا.
كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك،
ياقامنى تۇتۇپ ھەيران قاپتىمەن
تاغنى قاپلىغان پايانسىز باغقا.

شۇنداق باغلىق ياڭسۇدا يەنە
بار ئىكەن تېخى ئايرىم باغچىمۇ.
ھەيران بولۇپ دېدىم ئۆزۈمگە:

---

[1] لىجاڭ— گۈيلىندىن ئۆتىدىغان دەريا. ياڭسۇ— گۇاڭشىدىكى مەنزىرىلىك جاي.

توۋا، پايانسىز باغۇ بوستاندا
يەنە باغچىغا ھاجەت قانچىدۇ؟

## دىسەن ئۈستىدە

دىسەن ئۈستىدە گۈيلىنگە قاراپ،
گويا بېھىشنى كۆرۈۋاتقاندەك،
قۇچتى مېنى شېرىن بىر سېزىم،
يالغان ئەمەس مېنىڭ بۇ سۆزۈم.
بىراق، بىردىنلا
يۈزلەنگىنىمدە غەربىي شىمالغا،
نېچۇندۇر، بوغدانى ئىزدەيدۇ كۆزۈم.

## چېگرا بويىدىكى بىر ئەدەبىي
## ژۇرنالغا بېغىشلىما

شېئىرغىمۇ تەشنا چېگرالىرىمىز،
پوستلاردىمۇ تۇرسۇن مىسرالىرىمىز.

1987-يىل 31-مارت—9-ئاپرېل،
نەنىڭ-گۈيلىن.

## ليۇ سەنجيې

ئىز قالدۇرغاچ گۇاڭشى زىيارىتىدىن،
سۆزلەپ بېرەي جۇاڭزۇ رىۋايىتىدىن.

*　*　*

ليۇ سەنجيې— جۇاڭزۇ قىزى، جاسارەتلىك،
سۇمباتلىق، پاراسەتلىك، نازاكەتلىك.
قوشاقتا، غەزەلدە بىر قىز ئىكەن ئۇ،
قوشاق ھەم غەزەلدەكلا ئۆز ئىكەن ئۇ.
كىم قۇلاق سالسا قوشاق-غەزىلىگە،
ۋۇجۇدى كېلىدىكەن زىلزىلىگە.
شۇڭلاشقا سانسىز يۈرەك مەپتۇن بولۇپ.
ئىشقىدا كۆيىدىكەن يالقۇن بولۇپ،
قوشاقتا كىمكى يېڭىپ چىقسا ئۇنى،
ئۆزىگە كۆرىدىكەن لايىق شۇنى...
كەتكەچكە ئۇنىڭ شۆھرەت-داڭقى ئېشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاپتۇ بىر بەگ خوجامنىڭ كۆزى چۈشۈپ.
شۇڭا سۆز ئەۋەتىپتۇ ئەلچى قويۇپ،
ئالدىغا سانسىز گۆھەر، ئۈنچە قويۇپ،
مۇددىئا ليۇ سەنجيېگە ھار كەلسىمۇ،
يالتىراق سوۋغاتلاردىن يىرگەنسىمۇ،
چاندۇرماي دەپتۇ: "بىرىپ دەڭلار ئاڭا،
قىلچىلىك لازىمى يوق بۇنىڭ ماڭا.
ئاۋارە بولمىسۇن بەگ مۇنداق قىلىپ،
چىدىسا كەلسۇن، قېنى، قوشاق ئېلىپ."
بەگ خوجام ئاڭلاپ جاۋاب ئەلچىلەردىن،
ئۈزۈپتۇ ئۈمىد گۆھەر، ئۈنچىلەردىن.
تاپقاندەك بوپتۇ ئامال ئويلاپ تۇرۇپ،
چىللاپتۇ ئۈچ موللىنى تاللاپ تۇرۇپ.
تەرلىمەك بولۇپ خەقنىڭ چاپىنىدا،
ئوينىتىپ تەڭگىلەرنى ئالقىنىدا،
دەپتۇ: "مەن يەڭمەكچىمەن ليۇ سەنجيېنى،
قوشاقتىن تەييارلاڭلار بىرنەچچىنى."
خوجامنىڭ مۇددىئاسى بولغاچ ئايان،
كۆرۈنۈپ موللىلارغا ئاسان ھايان،
"بىز تەييار! —دېيىشىپتۇ قول قوشتۇرۇپ،—
قوشاقنى توقۇيلى بىز قاملاشتۇرۇپ.
ئۆزلىرى ئىلھام بېرىپ بىر تەرەپتە
تۇرسىلا، يېڭىش تەسمۇ ئۇنى گەپتە."
موللىلار بەگ خوجامدىن ئىنئام ئېلىپ،

ئىنئامىنىڭ كۆچى بىلەن ئىلھاملىنىپ،
كۆرسەتمەك بوپتۇ ھۈنەر تاغقا بېرىپ،
خوجامنىڭ ئىشەنچىگە قانات بېرىپ.
بەگ بىلەن بىللە تاغقا ئاتلىنىپتۇ،
كۆڭلىدە نۇرغۇن قوشاق يادلىنىپتۇ.
ئاخىرى مەنزىلگىمۇ يېتىپ كەپتۇ،
"ليۇ سەنجيې ئالدىمىزغا چىقسۇن" دەپتۇ.
چىقىپتۇ ليۇ سەنجيېمۇ تەييارلىنىپ،
بىرقانچە تەڭتۇشىنى بىللە ئېلىپ.
مولللار كۆرمەي ئۇنى تىرناقچىلىك،
يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى ئوغلاقچىلىك؛
تېخىمۇ گىدىيىپتۇ جۇرئەتلىنىپ،
خوجامنىڭ سۆلىتىدىن مەدەتلىنىپ.
ليۇ سەنجيې كۆرۈپ رەقىپ ئەلپازىنى،
قەلبىگە تەڭشەپ ياڭراق ئاۋازىنى،
لەۋزىگە يىغىپ روھىي قۇدرىتىنى،
دەسلەپتە ئېلىپ گەپنىڭ نۆۋىتىنى،
بىمالال ئېچىپ كۆڭۈل دەپتىرىنى،
چاقنىتىپ نازۇك مەنە جەۋھىرىنى،
سادda ھەم نەچچە قىرلىق گېپى بىلەن،
گويا ئوق ياغدۇرۇپتۇ ئېپى بىلەن.
مولللار بۇ "نادانلىق سەھراسى"دىن،
گاڭگىراپ كۈتمىگەن سۆز پەشۋاسىدىن،
ئۆلگۈرمەي تۈزۈك جاۋاب راستلىغىلى،

چۈشۈپتۇ باشلىرىنى قاشلىغىلى.
لىۋ سەنجيې ئاچقىنىدا گەپنى باغدىن،
موللىلار باشلايدىكەن گەپنى تاغدىن.
لىۋ سەنجيې تېپىشماقتەك سوئال سوراپ،
جاۋابتىن قاچسا ئۇلار، ئالدىن توراپ؛
موللىلار چىقالماي بەگ بۇيرۇقىدىن
ھەم ئوقۇپ كەلگەن كىتاب ۋارىقىدىن.
بېشىدا چۈگىلىگەن كەبى تۇگمەن،
كۆزلىرى بولۇپ بىردىن ئالىچەكمەن،
بىر ياقتىن قورقۇپ بەگنىڭ دەشنىمىدىن
بىلجىراپ خەۋەرسىز دەك ھېچنېمىدىن،
دېگىنى مېغىزى يوق شاكالدەك گەپ،
لەت بوپتۇ كاللا دېسە پاقالچاق دەپ.
كۆرسەتكەن كارامىتى بىتچىت بولۇپ،
خوجامنىڭ ئىچى-قارنى تىت-تىت بولۇپ.
ئەيىبنى قويماي يەنە ئۆزگە ئۇ،
تۇكۇرۇپ موللىلارنىڭ يۈزىگە ئۇ،
قولىنى لىۋ سەنجيېگە شىلتىپ تۇرۇپ،
قايتىپتۇ "خەپ!" دەپ بۆلەك پىلان قۇرۇپ.

* * *

بەگ خوجام گەپ سېپىدە گەپ تاپالماي،
ئىشەنگەن موللىلاردىن نەپ تاپالماي،

قىيىنىغاچ يۈرىكىنى پەرىشانلىق،
قالتىس ئىش كۆرۈنۈپتۇ زوراۋانلىق.
يەيمەن دەپ ليۇ سەنجيېنىڭ يۈرىكىنى،
سەپ قىلىپ ئىلكىدىكى چېرىكىنى،
باشلاپتۇ ليۇ سەنجيېنى تۇتماق بولۇپ،
بەرمىسە تۇتۇق، چوقۇم ئاتماق بولۇپ. . .
ليۇ سەنجيې كۆرۈپ بەگنىڭ ئەلپازىنى،
يا بەتلەپ كېلىۋاتقان سەرۋازىنى،
يەم بولۇپ قالماس ئۈچۈن ياۋ قەستىگە،
چىقىپتۇ قىيا تاشلىق تاغ ئۈستىگە.
ئۈرگۈتۈپ نەپرىتىنى قوشاق توقۇپ،
ياڭرىتىپ غەزىپىنى غەزەل ئوقۇپ،
زاماننىڭ كاجلىقىغا، نەسلىكىگە،
زالىمنىڭ شۇملۇقىغا، پەسلىكىگە
سانجىپتۇ ھەر سۆزىنى نەشتەر قىلىپ،
خوجامنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ.
ئەلەمدىن خوجام ئاچچىق زەرداب يۇتۇپ،
تىپىرلاپ تولغىنىپتۇ سانجىق تۇتۇپ.
ئۇ قىزنى ئالالمىغاچ تىز پۈكتۈرۈپ،
قول شىلتىپ چېرىكلەرگە ئوق ئۈزدۈرۈپ،
دەھشەتلىك يۈرۈش قىپتۇ تاغقا قاراپ،
ئاخىرى ليۇ سەنجيېنى ئاپتۇ ئوراپ.
يېقىنلاپ كەلگەنسېرى دۈشمەن قانچە،
ليۇ سەنجيې ناخشىسىنى ياڭراتقانچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېپەنلەپ بەگنىڭ ياۋۇز تاماسىنى،
تاپشۇرۇپ ئەل-يۇرتىغا قىساسىنى،
ئۆزىنى ئاسمان-پەلەك تىك ئېگىزدىن
دەرياغا ئېتىپ، غايىب بوپتۇ كۆزدىن.

* * *

دۈشمەنلەر ئۆلدى دەپتۇ ليۇ سەنجيېنى،
ۋە لېكىن ئامان قاپتۇ ئۇنىڭ جېنى.
ئۆزىنى دەرياغا ئۇ تاشلىغاندا،
جان بەر دەپ ئەجەل ئۇنى قىستىغاندا،
بۇ هالنى بىر بېلىقچى بوۋاي سېزىپ،
شۇڭغىغان پېتى قىزنى ئاپتۇ سۈزۈپ.
بوۋايمۇ تونۇيدىكەن ليۇ سەنجيېنى،
كۆپ ئۆتمەي ساقايتىپتۇ ئەملەپ ئۇنى.
ليۇ سەنجيې شىپا تېپىپ تىلەكداشتىن،
باشلاپتۇ غەزەلىنى يېڭىباشتىن.
ئۇ بولسۇن يا بولمىسۇن نەدە پەيدا،
غەزەلى تارايدىكەن هەممە جايدا.
بۇ غەزەل ئەلگە روهىي غىزا بوپتۇ،
زالىملار جېنىغا چوڭ جازا بوپتۇ.
بۇ غەزەل هازىرغىچە ياڭرايدىكەن،
ئەل بىللە ئېيتىدىكەن، ئاڭلايدىكەن.

1987-يىل ئاپرېل، گۈيلىن-بېيجىڭ.

# شائىر يۇرتىدا شائىرنى ئەسلەپ

## 1

بىر چاغلاردا
مۇشۇ كوچىدا
جالالاتلار توپ-توپ بولۇپ قۇترىغان،
ئېگىلمىگەنلەرگە ئەجەل ئۇچرىغان.
شۇڭا مەشەدە
ئابدۇخالىقنىڭ بېشى كېسىلىپ،
قېنى چاچرىغان.

ئابدۇخالىق ئەزىمەت يىگىت،
چولپان بولۇپ چىققان پارقىراپ،
ئۇ "ئاچىل" بىلەن ئاچتى توسمىنى،
ئىسيان ئېقىنى ئاقتى شارقىراپ.
ئۇنىڭ شىددىتىدىن تولغىنىپ كەتتى
"ياڭ" ئاتلىق شۇم قاۋان چىرقىراپ.
قان كېكىرىپ ئۇجۇقتى "جىن"مۇ،
گويا قۇيۇندەك تېنەپ-پىرقىراپ.

www.uyghurkitap.com

"شىبك" ئۆزاتتى قىلىچىغا قول،
جېنى سىرقىراپ...
يۈرىكى پوك-پوك ئوغرىلار هامان
قىلدى ئۆزلىرىنى شەرمەندە-خاراب.

ئابدۇخالىققا كۆرۈنگەن ئىدى
هۆكۈمران جاهالەت خۇددى چىۋىندەك؛
سەللە ئورىغان رىياكار ئىشان
پەرىشتىنى دورىغان جىندەك.
قوللىرىدىكى تەسۋى دانىسى
نادانلىق قۇشىغا ئەجەللىك ئىندەك.
"ئەقىدە"سى دوزاخنىڭ يولى،
ئۇندەيدۇ جەننەتكە بۇ يول يېقىندەك.
ئابدۇخالىقنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى
بۇ تۇتەكنى يېرىپ ئۆتتى چېقىندەك.

ئابدۇخالىق قورقمىدى زادى
جاللات قەهرىدىن.
مۇتەئەسسىپكە بويۇن ئەگمىدى،
ئەيمەنمىدى قىلچە دەررىدىن.
ئازادلىققا ئاتىدى جانىنى،
سەجدە قىلدى مەرىپەتكە ئۇ،
چىقمىدى هەرگىز ۋىجدان ئەمرىدىن.
قۇزغۇنلارنىڭ قارغىشى بىلەن

كېچەمدۇ ئادەم بۇلبۇل مېھرىدىن! ؟
دوستلار،
ئۇنى قەبرىدىن ئەمەس،
ئىزدەڭلار ئەلنىڭ يۈرەك-باغرىدىن!

## 2

ئالدىمىزدا
بىر يۈكسەك مۇنارنىڭ بەستى تۇرىدۇ.
باقساڭ ئەگەر ئەقىل كۆزىدە،
ئۇلى ئۇنىڭ ئەلنىڭ قەلبىدە،
بېشى ئۇنىڭ ئەرشتە تۇرىدۇ.
ئۈستىدىن قارىساڭ،
سۇلايمان مۇنارى شۇنچىلىك كىچىك
ۋە شۇنچىلىك پەستە تۇرىدۇ.
—بۇ مۇنار تۈرەلگەن زادى نېمىدىن؟
—ئابدۇخالىقنىڭ يۈرەك قېنىدىن!

1987-يىل 17-ماي، تۇرپان.

# سەرۋەتكە قاراپ

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئولتۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىيرىلدى سەرۋەتڭ تاغلىرى.

—قۇمۇل خەلق قوشىقى

سەرۋەتڭ تېغى،
سەن زوركىنىڭ قېرىنداشىمۇ؟
دازىگۇنىڭ[1] ئېمىلداشىمۇ؟
باغرىڭدىكى قىزىل چېچەكلەر
مەردلەر قېنىنىڭ تەپچىرىشىمۇ؟
شەبنەملىرىڭ

---

[1] سەرۋەتڭ، زوركى، دازىگۇ—قۇمۇلدىكى بىر-بىرىگە يانداش تاغلارنىڭ ئىسىملىرى. تارىختىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرى.

شېھىتلەرنىڭ باغرىنى قۇچۇپ،
ئانىلارنىڭ تۆككەن يېشىمۇ؟
كەكرىلىرىڭ
سادىلىقتىن ئالدانغانلارنىڭ
ئاچچىق-ئاچچىق ھەسرەت يېشىمۇ؟

سەرۋەڭ،
مەن ساڭا سالام قىلىمەن،
يۈرىكىمدىن چۇقان سالىمەن،
مەردلىك قىسسەڭنى يادىمغا ئېلىپ.
قان، ياشلارنى ئەسلىگىنىمدە،
كېتىمدۇ مېنىڭمۇ ئىچىم سىيرىلىپ...
ئەمما شۇ تاپتا سىياقىڭ باشقا،
باغرىڭغا كۆمۈلگەن ئېزگۇ ئارمانلار
چىقىپتۇ گويا گۈل بوپ تىزىلىپ.
كەكرىلەر ئۈنسە نېمە يامىنى،
يۇلماي ئاسراپ قالغۇلۇق ئۇنى،
ئاچچىق ساۋاقنىڭ نىشانى قىلىپ.

1987-يىل ئىيۇل، قۇمۇل.

## ۋاي ئىست!...

قايرىلىپ، سىنچىلاپ سەپسىلىپ،
تەكشۈرۈپ شائىرلىق ئىزىمنى،
ئۇچراتتىم مىڭلىغان مىسرادا
ناتونۇش، غەلىتە سىزىمنى.
نىمە گەپ؟
يا خاتا كۆردۈممۇ،
ئەيىبلەش كېرەكمۇ كۆزۈمنى؟
ياق، خاتا قىلغانمەن شۇ يەردە—
قەلبىمدىن ئىزدىمەي ئۆزۈمنى.
ۋاي ئىست، ۋاي ئىست!...
بەس ئەمدى،
دەسسىمەي دىسەم ئۆز يۈزۈمنى،
ئۆز بولۇپ ئەل بىلەن ھەمىشە،
ئاچاي ئۆز قەلبىمدىن سۆزۈمنى.

1987-يىل ماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەزى دەردلەر...

دەرد ئېيتسام ئاڭا ئورۇقلۇقۇمدىن،
ئۇ قاقشاپ بەردى سىمىزلىكىدىن.
مەن ھەسرەت چەكسەم پاكارلىقىمدىن،
ئۇ نالە قىلدى ئېگىزلىكىدىن.
ئۇمۇ تەسەللى بەرمىدى ماڭا،
مەنمۇ يەتمىدىم ئۇنىڭ دەردىگە.
باغلاشمىدى ھېچ يۈرەك مۇڭىمىز،
تۇۋلىغاچ بۆلەك-بۆلەك پەدىگە.

بەزى دەردمەنلەر قالسا ئۇچرىشىپ،
يىغلىشىدىكەن تەتۈر قارىشىپ.

1987-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئامبىرى

# ئەزرائىل ئالدىدا

كەلگەن ئىدى ئۆندەرىگەندەك،
ئەزرائىل ماڭا سوزۇپ قولىنى.
شۇ هامان پەن ماڭا بولىشىپ،
توسۇپ قويدى ئۇنىڭ يولىنى.

شۇندا هاڭ-تاڭ بولۇپ سولاشقان—
ئەزرائىلنىڭ تۇرقىغا قاراپ،
ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى
قىلىۋالدىم چاقچاققا ئوراپ.

ئەزرائىل،
قۇرۇق قايتىمەنمۇ دەپ
كېتىشكە ئانچە رايىڭ بارمىدى.
ئېپ كەتمە دېسەم،
قورقتى دېمىگىن،
مېنىڭ بىرئاز ئىشىم بار ئىدى.

ئەزرائىل،
قورۇق قايتىمەنمۇ دەپ
كۆڭلۈڭنى غەش قىلما ئانچىلىك.
ئېپ كېتىسەن بەربىر مېنى،
كەلمەي تۇر مەن ئالجىغىچىلىك.

كەلمەي تۇر مەن ئالجىغىچىلىك—
دېسەم، كۈلۈپ قارايسەن ماڭا.
ئالجىغانلار ۋەدىگە ئەمەل—
قىلمايدىغىنى ئېنىققۇ ساڭا.

ئەنسىرەيمەن،
مەنمۇ ئالجىسام،
نۇھ ئۆمرىنى تىلەرمەنمىكىن.
ئۆزۈمنىمۇ كۈلكىگە قويۇپ،
ئۆزگىنى بىزار قىلارمەنمىكىن.

هوشۇم بارىدا،
يۇرتىنىڭ ئالدىدا،
سەندىن ئۆتۈنۈپ جاكارلاي شۇنى:
قاچان ئالجىش ئالامەتلىرى
كۆرۈلگەن هامان ئېلىپ كەت مېنى.

1988-يىل يانۋار-فېۋرال، ئۈرۈمچى.

# هاسا ھەم قەلەم

(باجىن ئاقساقالنى يوقلاپ بارغىنىمدا)

قالسىمۇ ھاسىغا چۈشۈپ،
ۋە لېكىن
چۈشمەيتۇ قولىدىن قەلىمى تېخى.
بۇ قەلەم ھاسىدىن قىسقا بولسىمۇ،
ئۈزۈندۇر ھاسىدىن قەدىناسلىقى.
ھاسا ئىزىنىڭ ئۆچمىكى ئاسان،
ئۆچمەس قەلىمىنىڭ ئىزى ھېچقاچان.

1988-يىل 6-ئاپرېل، شاڭخەي.



# لۇشۇننىڭ ھەيكىلى

دېدىكى بىرسى:
"لۇشۇن ياندۇرغانغۇ
يېڭىچە مەدەنىيەت مەشئىلىنى.
نېمىشقا ھەر شەھەردە تىكلىمىدۇق
شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەدىب ھەيكىلىنى؟"

*　　*　　*

بىراۋغا ھەيكەل تىكلە ھەر قەدەمدە،
يا تۇرغۇز يۈكسەك مۇنار ئاسمان-پەلەك.
تۇرىدىن جاي ئالمىسا ئەل قەلبىنىڭ،
زېمىننى بۇلغاشقۇ ئۇ،
نېمە كېرەك؟

لۇشۇن — ئۇ مىللىي روھىي مېمارىمىز،
ياسىغان ھەر دىتالنى تۇجۇپىلەپ.

بېغىشلاپ خەلق ئۆچۈن بار-يوقىنى،
قىلمىغان قىلچىلىكمۇ بەدەل تەلەپ.

لۇشۇنگە قانچە ھەيكەل تىكلىسەكمۇ
ۋە تىزساق قانچىلىك گۈل چەمبىرەكمۇ،
ئۆلچەنمەس بۇ نەرسىدە قەدرى ئۇنىڭ،
كېمەيمەس بۇ نەرسىسىز قىلچىلىكمۇ.

ئۆزىنىڭ ئۆلمەس روھىي ھەيكىلىنى
تىكلىگەن قەلەم بىلەن تىرىكىدە.
مۇزېيدا ئۇ ھەرىكەتسىز تۇرغان بىلەن،
ياشايدۇ ئىنسانىيەت يۈرىكىدە.

1988-يىل ئاپرېل، شاڭخەي.



## خۇڭ شيۇچۇەن سۇرىتى ئالدىدا

خۇڭ شيۇچۇەن سۇرىتى ئالدىغا كېلىپ،
ئىختىيارسىز تۇرۇپ قالدىم تىكىلىپ.
مۇڭداشتىم ئىسيانكار ئەجدادلار بىلەن،
تەپىنەم دەۋرىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

قانچىلىك تىكىلىپ قارىغانسېرى
سۆيۈنىمەن شۇنچە ئۇلۇغ باتۇرغا.
سۆيۈنىمەن شۇنچە،
نېمە ئۇچۇندۇ،
ئوخشىتىپ كۆزىنى بوۋام سادىرغا.

كۆرگەندەك بولدۇم مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن
يوقسۇلغا قەلبىدىكى چەكسىز مېھرىنى.
كۆردۇم ئاتقىنىنى مۇدھىش ئوردىغا
جەملەپ مىليونلىغان دەردمەن قەھرىنى.

كىرگەندەك بولدى قۇلىقىمىزغىمۇ
شۇ چاغدىكى ئەزىم چاڭجىيالڭ شاۋقۇنى.
شاۋۇلدىدى ئاڭا ئاھاڭداش بولۇپ
چوڭ كۆرەنى سوققان ئىلى دولقۇنى[1].

شوندا تىغ كۆتۈرگەن ئىلى بويىدا
"كەتمەنگە يارىلىپ قالغان" جىمى جان.
چۈنكى "ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل" دەستىدىن[2]
بىر مەلىدە ئاران قالغان بىر قازان[3].

خۇڭ شيۇچۈەن نەنجىڭگە قىلغاندا يۈرۈش،
سادىر سىپىل تېشىپ تاغقا يول ئالدى.
جاڭجۇن يامۇلىغا ئوت قويغاندا ئۇ،
خۇڭ شيۇچۈەننىڭ روھى چوقۇم قوۋاندى.

خۇڭ شيۇچۈەنگە ئوخشاش سادىر بوۋامىمۇ
"ئاسىي" دەپ نام ئالغان يۈز ئۆرۈپ خاندىن.
چۈنكى خان بەرمىگەن ئازادلىق ئۈچۈن
رازى ئىدى ئۇلار كېچىشكە جاندىن.

خۇڭ شيۇچۈەنگە ئورتاق سادىرنىڭ مۇڭى،
سادىرغىمۇ ۋەتەن ئۇنىڭ ۋەتىنى.
"قالپاق-جۇڭزا كىيگەن"[4] غالجىرلار بىلەن
قوشۇلمايدۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ قېنى.

* * *

خوڭ شيۈچۈەن سۈرىتى ئالدىغا كېلىپ،
سادىرنى ئەسلىسەم،
دوق قىلماڭ ماڭا.
ھەر ئىككىسىگە ئورتاق شەرەپ ئۆزگىچە،
شىرىك بولالمايدۇ زوزۇڭتاڭ ئاڭا.

1988-يىل ئاپرېل-ماي، نەنجىڭ-بېيجىڭ.

---

ئىزاھلار:

① «چوڭ كۆرەنى سوققان ئىلى دولقۇنى»— بۇ يەردە ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ بولغان:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى باسماقچى.
ئەقىلسىز، نادان بەگلەر
ھاشار بىلەن توسماقچى.—

دېگەن قوشىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل»— ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىدا يۈرگۈزۈلگەن ئەڭ يۇقىرى ئالۋان-ھوسۇل (پاراق) مىقدارى. بۇ پاراق تۈزۈمى بويىچە ھەربىر تۈتۈن (يەنى ھەربىر دېھقان ئائىلىسى) ھەر يىلى ئالۋان ھوسۇل ئۈچۈن 32خو (تەخمىنەن ئۈچ يېرىم مىڭ جىڭ) ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاقمۇ

چىققان:

ئالۋان ھوسۇلۇم تولا،
قويايي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

③ "بىر مەلىدە ئاران قالغان بىر قازان"—بۇ مىسرادا يەنە شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان:

ئاتالىرىمىز نە ھالى
تەيپىنەم زامانىدا.
بىر مەلىدە بىر قازان
زالىملار زامانىدا.—

دېگەن قوشاق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ "قالپاق-جۇڭزا كىيگەنلەر"—بۇ سۆز شۇ چاغدىكى ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ تەسۋىرى. بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

قالپاق-جۇڭزا كىيگەنلەر
بۇ ئالەم بەگلىرى دەرلەر.
كىتاب ھۆكمىگە مەن باقسام،
قىيامەت سەگلىرى دەرلەر.



# كەشتىچى قىزلارنىڭ قولىغا قاراپ

بىر ئۆيگە كىرىشىدۇق ھاردۇق يېتىپ،
ئىككى قىز ئولتۇرۇپتۇ كەشتە تىكىپ.
بېزەيتتى مەشۇت يىپتا ئاق شايىنى،
گۇل چېكىپ-چېچەك چېكىپ، ياپراق چېكىپ.

بارغانچە ئاشۇ سىدام ئاق شايىسى.
تولدى-دە گۇل، ياپراققا قاپلانغىلى.
چىقاردى ھاردۇقۇمنى ھوزۇر بېرىپ،
ئەسلىتىپ گۈلزارنى شۇ ياپراق، گۇلى.

تاماشا قىلىپ ھەيرەت-تەئەججۈپتە
كەشتىچى قىزلارنىڭ قول سەنئىتىنى،
”قولىدىن گۇل ئۈنىدۇ“ دېگەن گەپنىڭ
كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم سۈرىتىنى.

1988-يىل 11-ئاپرېل، سۇجۇ-تەيخۇ بويى.

# „ئۇيغۇرلارنىڭ قولى تەملىك ئىكەن“

پايتەختتە تائاملار بەس-بەسكە چۇشۇپ،
ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى كاۋاپچان.
پولۇخان تۆرەممۇ مۇنبەرگە چىقتى،
ئالغاندەك گويىاكى سايلامدا كۆپ سان.
خېلىسىنى بىسىپ چۈشتى شۇ ھېسىپ،
گال ئاتلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تېز-چاپسان.
„ئۇيغۇرلارنىڭ قولى تەملىك ئىكەن“ دەپ،
ئاغزىنى تامشىدى جىمى تەلەپچان.
چاقناپ مۇكاپاتنىڭ قوش مىداللىرى،
ياغدۇردى شىنجاڭلىق ئۈچۈن شەرەپ-شان.
شۇڭا ئۇستاملارغا ئاپىرىن ئوقۇپ،
نەزمىدىن گۈلدەستە تۇتتى تېيىپجان.

1988-يىل 20-ماي، بېيجىڭ.

# ۋەسىيەتنامىنى يىرتىۋېتىمەن

ئەستاھ،
ئاتام قېرىغانسېرى
بولۇپ كېتىكلىك تولىمۇ ئەنسىز.
نەزەرىدە:
بوگوڭكى ياشلار
بىر-بىرىدىن يولسىز، يوگەنسىز.

دەيدۇ هامان:
”ئاتا بالىسى
ئاتىسىغا ئوخشىسا هېساب.“
(بالا دېگەن قورچاقمىكىنا
خالىغانچە قويغىلى ياساپ؟)

نەسىهەتى كەتتى كۆپىيىپ،
هېچ ئىشى يوق چېپىلمايدىغان.
پۈتكىدەكمىش ۋەسىيەتنامە،
رەت قىلىشقا قىلچە يېرىنى
ئەۋلىيامۇ پېتىنمايدىغان.

زاماننىڭ ئۆزىگە لايىق چېكى بار،
ھەربىر ئەۋلادنىڭمۇ ئۆمرى ساناقلىق.
ئادەم ۋەسىيەتنى ئۇلۇغ بىلسىمۇ،
ھەممىسىگە ئەمەل قىلىشى چاغلىق.

يىللارنىڭ يىللارغا ئوخشىماسلىقى
ئەزەلدىن ئەبەدىي قانۇنىيەتقۇ.
ئۆلچىمى بىر بولسا ئاتا-بالىنىڭ،
بولماستى بۈگۈنكى ئىنسانىيەتمۇ.

مەن ئۆتمەكچى بولسام جاھاندىن شۇنداق-
"ئۆلچەملىك ئاتا بالىسى" بولۇپ،
ئۆزۈمگە ئوخشىماي ياشىشىم كېرەك،
گوياكى بىراۋنىڭ سايىسى بولۇپ.

"بالا ئاتىسىغا قويۇپ قويغاندەك
ئوخشىسۇن" دېسە كىم،
كۈلۈپ كېتىمەن.
ئەگەر ئاتام شۇنداق ۋەسىيەت پۈتسە،
دەپ قوياي،
مەن ئۇنى يىرتىۋېتىمەن.

1988-يىل ماي، بېيجىڭ.

# كۆردۈم شۇنداق ھازىدارنى

كۆردۈم مۇسىبەتتە بىر ھازىدارنى،
كۆزلىرى قىزارغان،
ئاغزى ئۆمچەيگەن.
ئاھ چېكىشلىرىدىن سېزىلەر گويا
يۈرىكى ھەممىدىن ئۇنىڭ بەك كۆيگەن.

بىراق يېقىندىلا كۆرگەنمەن ئۇنىڭ
بىراۋنى قارىلاپ يازغان خېتىنى.
ئوچۇقىنى ئېيتسام،
ئاشۇ مەرھۇمنىڭ
قۇراشتۇرۇلغان "جىنايىتى"نى.

خەت ئەلپازى بىلەن بۈگۈنكى گېپى
بىر-بىرىگە قىلچە ئوخشىماس زادى.
ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى تېخى
ئۇنىڭ ھۆڭرەپ قىلغان ئاھۇ پەريادى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا پەتچىلەر بەردى تەسەللى
بىلمەي ئۇنىڭ ھۆڭرەپ ھۆۋلىغىنىنى.
تىرىك كۆمەرمىكىن
بىلگەندە ئەگەر
تىرىكلەرگە ئۇرا كولىغىنىنى.

1988-يىل 12-ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



# ئىشقى غەزەللەر

## قەدرلەيمەن سېنى، جانان

ھەمىشە كۆڭلىگەندە مەن مۇھەببەتنى،
بېغىشلايمەن ساڭا، جانان، تالاي بەتنى.
زوراۋانلار ماڭا مۇشت تەڭلىگەن چاغدا،
مېنى سۆيدۈڭ، قىلىپ رەت قارىغۇ تۆھمەتنى.
مۇھەببەتنى چۈشەندىم مەن شۇ جۈرئەتتىن،
بېرىپ زەر، ئالغىلى بولماس بۇ خىسلەتنى.
شۇڭا دەيمەن: سېنى سۆيمەكلىكىم، جانان،
ئەمەسمۇ خۇددى سۆيگەندەك ھەقىقەتنى.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ.

## يىغلىما

ئىچ-ئىچىگىدىن ئۆرلىتىپ ئاھ، ئەي قەلەمقاش، يىغلىما،
كۆزلىرىڭدىن مۇنچىلىك كۆپ ئاققۇزۇپ ياش يىغلىما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغىدىن ئادەم تەسەللا تاپسا، مەيلى يىغلىسالىڭ،
ئەمما ھەرگىز كۆز يېشى بولماس يۈلەكداش، يىغلىما.
شۇ يىگىت گۈل بەردى دەپ سەن ئالدىراپ كۈلگەن ئىدىڭ،
كۈلمىسۇن خەق، ئەمدى نامەرد ئاتتى دەپ تاش، يىغلىما.
تىل بىلەن دىلنى ھەمىشە بىر تۇتاش دەپ ئويلىدىڭ،
ھەممىنىڭلا تىل-دىلى بولمايدۇ ئوخشاش، يىغلىما.
يارىشىملىق خوي دېدىڭ يىگىتكە بەڭباشلىقنى سەن،
سېنى يىغلاتقانغا خوش ئۇ كەسپى بەڭباش، يىغلىما.
پەس ھەۋەس-ئالىيجانابلىق ئوت بىلەن گوياكى سۇ،
بولمىدى دەپ بۇ ئىككەيلەننى نىشانداش، يىغلىما.
كۆك چىمەن دەپ يۈگۈردۈڭ يالاڭ ئاياغ، سايدى تىكەن،
يىڭنە سانجىپ ئالغۇچە بەر ئەمدى بەرداش، يىغلىما.
بايقىغىن، كۆپتۇر مۇھەببەت كوچىسىنىڭ ئوي-دۆڭى،
ئەمدى بولغاي ئىبرىتىڭ باشلامچى يولداش، يىغلىما.

## ئوغرىدىن مەككار يامان

بىر گۈزەل باقتى ماڭا مېھرى بىلەن،
قۇچتى باغرىمنى كېلىپ باغرى بىلەن.
ۋەدە بەرگەچ سۆيمەن بىر سېنى دەپ،
قىلدى تەستىق لېۋىنىڭ مۆھرى بىلەن.

بىر مەھەل زەپمۇ سۆيۈندۈردى مېنى
ۋەسلىنىڭ خويمۇ شېرىن بەھرى بىلەن.
بىركۈنى سەيلىگە كەتتى ئۆزىچە،
ئۆرتىدى بىرنەچچە ئاي ھىجرى بىلەن.
سەيلىدىن قايتتى، بىراق يوقلىمىدى،
مېنى ئۇنتۇپتۇ بولۇپ غەيرىي بىلەن.
يىتتۈرۈپتۇ ماڭا بەرگەن ۋەدىنى،
سەيلىدە بولغان چېغى ئوغرى بىلەن.
ئوغرىمۇ چاققان ئەمەسكەن ئۇ قەدەر،
ئاپتۇ يىتتۈرگۈچىنىڭ ئەمرى بىلەن.
مەنمۇ بىلدىم، ئوغرىدىن مەككار يامان،
ئوغرىنى باپلايدۇ ھەم مىكرى بىلەن.

## شۇندىن بېرى

مەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس شۇ باغقا كىرگەندىن بېرى،
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.
ئەگدى شاخنى مېۋىسى، تىللارنى ياردى شېرىنىسى،
پەرۋىشىڭدىن باغ قېنىپ، لەززەت سۇمەرگەندىن بېرى.
باغ قىزى، باغ مەپتۇنى، باغ ئاشىقى قىلدىڭ مېنى،
باغقا باغلاندىم ساڭا ئىشقىمنى بەرگەندىن بېرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنمۇ سەن تىككەن جىرىمدەك باغقا تارتتى يىلتىزىم،
مەپتۇنۇڭ مەن سەنئىتىڭ پەيزىنى سۇرگەندىن بېرى.
شەربەت ئىزدەپ، خەيرىيەت، تاپتىم لېۋىڭدىن ئاقىۋەت،
مەن سېنى ئۆلگە قىلىپ يېڭىمنى تۇرگەندىن بېرى.

## مەيلىمۇ

كەلمەك بولۇپ سەن كەلمىدىڭ، سۆز بولسا يالغان مەيلىمۇ؟
ۋەسلىڭگە ئىمكان بەرمىدىڭ، كۆيدۈرسە ھىجران مەيلىمۇ؟
كۆرمەي سېنى بىغەم ئىدىم، ئازادە، خاتىرجەم ئىدىم،
باغلاپ ئەقىدە مەن ساڭا، بولسام پەرىشان مەيلىمۇ؟
ئىشقىڭ ئۇرۇق، كۆڭلۇم زېمىن، ئاھىم شامال، ياشىم يېغىن،
ئەيلەپ ئېكىننى پەرۋەرىش، ئاچ قالسا دېھقان مەيلىمۇ؟
مەن ئەيمىنىپ گەپ ئاچمىغان، بۇ قىسسىنى سەن باشلىغان،
ئەپسۇس، تېخى پۈتمەي تۇرۇپ، يىرتىلسا داستان مەيلىمۇ؟
كۆلگەن ئىدىڭ سەن گۈل بولۇپ، مەنسايرىغان بۇلبۇلبولۇپ،
بۇلبۇل كېتىپ، قۇزغۇنغا جاي بولسا گۈلىستان مەيلىمۇ؟
مېھرىڭگە مەن لايىق ئىدىم، لەۋزىمگە چىن سادىق ئىدىم،
سادىقلىقىمدىن خارلىنىپ، ئۆرتەنسە ۋىجدان مەيلىمۇ؟
ئالدانغىنىڭدىن تولكىگە، قويدۇڭ مېنى ھەم كۆلكىگە،
ئالدامچى يىرتقۇچ ئالدىدا خارلانسا ئىنسان مەيلىمۇ؟

تۆھمەتتە تەسۋىرلەپ مېنى، ئالدامچى ئازدۇردى سېنى،
مېنى ھەسەتخور دەرمۇ دەپ، يۇرسەم خىرامان مەيلىمۇ؟
كىم بار نادانلىقتىن ھايان تاپقان، چوقۇم تارتار زىيان،
سەن ئايرىلىپ سەرمايىدىن، قىلساڭ پۇشايمان مەيلىمۇ؟

## ئالدىدا

ئەي گۈزەل، قەدرىڭنى بىل، باش ئەگمە ئالتۇن ئالدىدا،
خارلىما ئالتۇن بويۇڭنى ساختا دۇردۇن ئالدىدا.
سەن ئەمدى گويا قىزىلگۈل، ئەسلى بۇلبۇل ئاشىقى،
كىم ئېچىلمايدۇ شۇ گۈل خار بولسا قۇزغۇن ئالدىدا.
كىم مۇھەببەتنى ئويۇن چاغلاپ كۆلۈشنى ئىزدىسە،
كۈلكىگە قالغاي ئۆزى ھەتتاكى مايمۇن ئالدىدا.
لەيلىنى سەت دەپ مازاق قىلغۇچىنىڭ كۆزى بۆلەك،
لېكىن ئۇندىن ئۆزگە ئۇز بولغانمۇ مەجنۇن ئالدىدا.
بولمىسا گەرچە مېغىز، پوستى ئۇنىڭ ئەخلەت-شاكال،
خۇددى شۇ ھەر نەرسىنىڭ شەكلىمۇ مەزمۇن ئالدىدا.
ئايلىنارمىش دۇنيامۇ زىبا سەنەملەر جىنسىگە،
لېكىن ئىنسانىي مۇھەببەت خەس ئۇ مەلئۇن ئالدىدا.
چىن مۇھەببەت قۇدرىتى ئالدىدا مەغلۇپ ساختىلىق،
تۇلكىنىڭ ساق قالمىقى مۇمكىنمۇ كەلكۇن ئالدىدا.

## ئەمدى ئېغىز ئاچما

پەدەز بىلە ماختانما چىمەننىڭ گۈلى مەن دەپ،
چوقان بىلە لاپ ئۇرما سەھەر بۇلبۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىدىڭ ئەسلى ۋاپا باغىنى پەرۋىش،
تۇردۇڭ، ئەجەبا، ئەمدى بىراقلا يولىمەن دەپ.
ئىللىق دېۋىدىم مەن سېنى لەۋزىڭگە قاراپ، ۋاي،
كۆڭلۈك مۇز ئىكەن، يۇرمە باھار مەھسۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىكەنسەن ھەۋەسىڭگە مېنى بەندە،
بەس، ئاچما ئېغىز ئەمدى ماڭا جور بولىمەن دەپ.
دەپسەندە قىلىپ ئۆزگىنى، كۈلمەكچى ئىكەنسەن،
يىغلاپ قالىسەن بۇ كەبى ئويناپ كۈلىمەن دەپ.

## ئۆزۈمدىن ئۆتتى

بىر لېۋەن ئىشقىنى ئىزھار قىلدى ئەيلەپ ناز ماڭا،
ئۇنىدىن كەلدى پەرىزاتلارغا خاس ئاۋاز ماڭا.
تىترىگەن تەن تەرلىدى چوغدەك لېۋىنىڭ تەپتىدىن،
قەھرىتان قىش شۇ ھامان بولدى گوياكى ياز ماڭا.
خۇشلۇقۇمدىن تەنگە سىغماي، يەتتى ئاسمانغا بېشىم،
دەپتىمەن گويا نېسىپ بولدى بەلەن پەرۋاز ماڭا.
مەن نادامەت سازىنى چالمايمەن ھەرگىز دەپتىمەن،

چۈنكى بۇ باشتا سېزىلگەچكە خۇشاللىق ساز ماڭا.
مەن چۆچۈپ كەتتىم كېيىن ساختا قارارىنى كۆرۈپ،
جىن نىقاۋىدەك كۆرۈندى يۈزدىكى پەرداز ماڭا.
مەن ساۋاق ئالغان ۋاپادىن بۇ مۇھەببەت بابىدا،
بىۋاپالىق رەسمىنى ئۇقتۇرمىغان ئۇستاز ماڭا.
ئاھ، نادانلىق ئىلكىدە قالدىم ئەجەب ھەسرەت يۇتۇپ،
نە قىلاي، ئۆتتى ئۆزۈمدىن، مىڭ مالامەت ئاز ماڭا.

## ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار

ئانا، ئۇ "يىگىت"كە دالالەت قىلىپ،
چىپچىلماڭ، دىلىمنى جاراھەت قىلىپ.
تونۇيمەن ئۇ يۈزسىز ھايانكەشنى مەن،
بولۇپ قاپتۇ "يۈزلۈك" تاپاۋەت قىلىپ.
ھەمىشەملا پىنھان ئۇنىڭ سودىسى،
سېزەلمەيدىكەنسىز نازارەت قىلىپ.
غېرىپ ئانىسىنى قويۇپ ئاچ-يېلىڭ،
سەتەڭلەرگە تۇندە زىياپەت قىلىپ؛
بېرىپ سوۋغا ئاچكۆز ئەمەلدارغىمۇ،
پالاقلايدىكەن بەك خۇشامەت قىلىپ.
ئەگەر مەن ئېلىنسام ئۇنىڭ ئىلكىگە،
مېنى خارلىماسمۇ ھاماقەت قىلىپ.
يېتەر، ئەمدى توسماڭ يولۇمنى مېنىڭ،
چۈشەنمەي ماڭا دوق-ئاھانەت قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ئۆزۈم تاللىغان،
ئۇ يۈرمەس غەلىتە تىجارەت قىلىپ.
ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقى شۇنچە كۆپ،
ساداقەتكە قويغان ئامانەت قىلىپ.
ياشايدۇ خۇشامەت، تەمەدىن يىراق،
ھالال مېۋىسىگە قانائەت قىلىپ.
مۇھەببەتتە زادى ئەمەس سودىگەر،
مېنى قويماس ھەرگىز خىجالەت قىلىپ.
كېچەلمەيمەن ئەسلا ئۇنىڭ مېھرىدىن،
ۋاپا ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ.

## ئەجەب گەپقۇ

مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن، ئۆزۈڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ؟
ئەجەپ گەپقۇ، نېمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟
لېۋىمدە مەي بېرىپ، گۈلدەك ئېچىلغىن دەپ مېنى گوللاپ،
سېلىپ جىسمىمغا تەشنالىق، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ.
ماڭا سەن گۈل تاقايمەن دەپ ۋە لېكىن ئاتتىڭ ئازغاننى،
بۇ قانداق گۈل تاقاش بولدىكى، باغرىمنى يارا قىلدىڭ.
كۆتۈرگەيمەن بېشىمدادەپ لاپ ئۇرغانتىڭ، (كۆتۈرمەي قوي) ،
مىنىپ گەجگەمگە ئەكسىنچە "ئېلىپ" قەددىمنى "ي" قىلدىڭ.
مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ-باۋارىلىك،
مېنى نېچۇن ساناپ داڭگال، ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ.
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئۇقۇغان بابتا،

ئەمەس بولسا، نېمىشقا مەن ۋاپا قىلسام، جاپا قىلدىڭ؟
جاھاندا تۇتىيانى ھېچ كىشى كۆرمەپتىكەن زادى،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ.
ساڭا ياغدۇرسا ئەل نەپرەت تېشىنى، ماڭا دۆڭگەمسەن؟
مۇھەببەت رەسمى ئالدىدا ئۆزۈڭ سانسىز گۇنا قىلدىڭ.
سېنىڭدىن شۇنچە بىزار بولغىنىمنى كۆرمىگىن مەندىن،
ئامالىم يوق، بۇ ئەھۋالغا مېنى سەن مۇپتىلا قىلدىڭ.

## جانان كېلىدۇ

ياز كەلدى، تولۇپ قەددى سۇۋادان كېلىدۇ،
يەلپۈنگىنىچە شۇ چېچى بوستان كېلىدۇ.
تارقاتتىمۇ دەپ يۇرمە شامال شۇندا ئىپار،
پۇركۇپ يەنە خۇش بۇيىنى رەيھان كېلىدۇ.
ھېيت كەلدىمۇ دەپ ئەگمە قېشى جىلۋە قىلىپ،
تاڭ ئاتتى مانا دەپ كۆزى چولپان كېلىدۇ.
كاككۇكنى خىجىل ئەيلىگۇدەك كۇلكىسى بار،
گۇل غۇنچىسىدىن ئۇز لېۋى خەندان كېلىدۇ.
بوغجۇمىسىنىڭ بەرىدە ھەر ياڭزا كىتاب،
كۆڭلۇم ئۆيىگە ئۇزگىچە مېھمان كېلىدۇ.
دەستۇر ئېلىپ ئاستانە ئەرەستۇلىرىدىن،
ئەل رەنجىگە مەلھەم يېڭى لوقمان كېلىدۇ.
بىللە ئۇچىمىز دېۋىدى پەن ئاسمىنىدا،
شۇ لەۋزىگە خاس قىلغىلى جەۋلان كېلىدۇ.

كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ تەلپۈندۇ، ئىنتىلىدۇ،
چۈنكى يۈرىكىم پارىسى جانان كېلىدۇ.
چىقماي نە ئۈچۈن قۇچقىلى باغرىمنى ئېچىپ،
ئۆمرۈمگە مېنىڭ ئەزگۇ شەرەپ-شان كېلىدۇ.

## مەلھەم ئوق

يا قىلىپ كۆزۈڭ قېشىڭنى ئاتتى بىر پەيكان ماڭا،
سانجىلىپ قالدى يۈرەككە دەل تېگىپ شۇ ئان ماڭا.
بۇ ئوقۇڭدىن زەخمى يەپ قىينالغىنىمنى بىلمىدىم،
يا هوشۇم كەتتى مېنىڭ، يا بولدى ئۇ دەرمان ماڭا.
ھەممە دەيدۇ: ئوق خەتەرلىك، قىلغۇلۇق ئۇندىن ھەزەر،
بۇنچە خوپ ئوق ئالدىدا لازىم ئەمەس قالقان ماڭا.
ئەمدى بىلسەم ئوق ئەمەسكەن، ئاتقىنىڭ مەلھەم ئىكەن،
سەن ئىكەنسەن دەردكە دەرمان بولغۇدەك لوقمان ماڭا.
سەزدى قەلبىم ئاشۇ مەلھەمدىن ۋاپادار مېھرىنى،
يوق بۇ ئىشقىم بابىدا بۇندىن بۆلەك ئارمان ماڭا.
پاك نىيەتلەر ئەيلىگەي زوق پاك مۇھەببەت ئەھلىگە،
بەختىيارمەن گەر مۇناسىپ بولسا بۇ ئۇنۋان ماڭا.
جان پىدا قىلسام سېنىڭ مېھرىڭ ئۈچۈن يوقدۇر غېمىم،
سەن ماڭا جانان ئىكەنسەن، شۇ ئەمەسمۇ جان ماڭا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۆرگىلەي

گۈلباھار، گۈل مەشۇقۇم، يازغان خېتىڭدىن ئۆرگىلەي،
جانغا ئارام، دىلغا شادلىق رىغبىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن پىراقىڭدا گويا چۆل-دەشتىتىكى تەشنا ئىدىم،
خەت بىلەن كۆڭلۈمگە سۇنغان شەربىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
پاك مۇھەببەت دۇشمىنى قىيناپتۇ، يارىم، بەك سېنى،
ئاشۇ كۈلپەتلەرنى يەڭگەن غەيرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
بىمۇقامغا: مەن ئەمەسمەن دەپ مۇھەببەت ساتقۇچى،
تەڭلىگەن رەڭدار بوسۇتقا نەپرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەر باھاسى زەردىن ئارتۇق دېگىنىڭ چوڭ بايلىقىڭ،
قەدىر-قىممەت ئۆلچىمى گۆھەر دىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
"مەن يوسۇندىن كېچىمەن ساتماقچى بولسا مېنى" دەپ،
ئىلمىغان قارغىشنى كۆزگە جۈرئىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن كۆرۈپ خەتنى، ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى ساڭا،
جان تىكىپ قىلغان قەسەمدەك ھۆججىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

## ئىچىمدە ھەسرىتىم كۆپ

ئوقۇغۇچىلار ھەسرىتىمنى شۇ ۋاراقتىن،
خېتىمگە ئالدىم ئىلھامنى ساۋاقتىن.

بۇرۇن زوقلانغۇدەك بىر گۈل ئىدىم مەن،
سولاشتىم پەس ھەۋەسكە ئىشتىياقتىن.
سىزەتتىم خۇددى مەكتەپنى ئاسارەت،
چىقىپ كەتسەم قۇتۇلغاندەك سولاقتىن.
ئۆزۈمگە بەكمۇ كۆپ قويدۇم تەمەننا،
ئۈمىدىم چوڭ ئىدى ئالىي راۋاقتىن.
ئەجەب شەيدا ئىدىم زىننەت-بوياققا،
ھامان مەغرۇر ئىدىم بۇنداق سىياقتىن.
قونۇپ ھەپتە ئىچىدە نەچچە شاخقا،
پۇرايتتىم ئۇ پۇراقتىن، بۇ پۇراقتىن.
بولۇپ پەرۋانە بەزمە-ئولتۇرۇشقا،
ھۇزۇرلاندىم يېشىل رەڭدار چىراغتىن.
نېپىز كۆڭلەك بىلەن چۈشسەم ئۇسسۇلغا،
قېلىنلار سۈركىلەتتى ھەر قاياقتىن.
ئانام يىغلاپ نەسىھەت قىلسىمۇ، ياق،
ھەۋەس غەۋغاسىدا كەتتىم قولاقتىن.
خۇنۇكلەشتى چىرايىم بارا-بارا،
چىقىپ كەتكەن ئۇچۇن يولدىن-سىجاقتىن.
ماڭا ئەل قويدى «ئاق قۇشقاچ» دىگەن ئات،
دىلىم خورلاندى ئەمدى بۇ ئاتاقتىن.
بېشىمنى كۆتۈرەلمەس بولدۇم ئاخىر،
يۈرەلمەي كوچىدا شاڭخو-مازاقتىن.

ئۆزۈمنى بولغىدىم پاتماي قىنىمغا،
ئۆتەلمەي ياشلىق ئاتلىق چوڭ سىناقتىن.
ئىچىمدە ھەسرىتىم كۆپ، كىمگە يىغلاي،
ماڭا ياردەم قىلىڭلار ھەممە ياقتىن.

## دەپتىمەن

سۆزىنى ئاڭلاپلا ئىنسان دەپتىمەن،
مېنى ئوبدان دېسە، ئوبدان دەپتىمەن.
لەۋلىرى گويا ھەسەلدەك سېزىلىپ،
لەززىتى دەردىمگە دەرمان دەپتىمەن.
نازلىنىپ، جېنىم پىدا دېسە ماڭا،
ئىشقىڭىزغا مەنمۇ قۇربان دەپتىمەن.
دوستلىرىم بەك ئالدىراپ كەتمە دېسە،
بولسىدى توي شۇنچە چاپسان دەپتىمەن.
نازلىنىپ سالدى سېلىق، ئالدىم ئوشۇق،
بار-يوقۇم سىزگە ئاتالغان دەپتىمەن.
توي بولۇپ ئۆتتى كۆڭۈللۈك نەچچە كۈن،
قالدى ئەمدى نېمە ئارمان دەپتىمەن.
بىللە بولغاندەك ياڭاق چاققاندىمۇ،
بولىدۇ تەڭ چۆلدە چوپان دەپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما توي قويدى مېنى قەرزدار قىلىپ،
تۆلىمەكنى بەكمۇ ئاسان دەپتىمەن. . .
كەلسەم ئىشتىن بىر كۈنى، يار ئۆيدە يوق،
بولغىلى كەتكەندۇ مېھمان دەپتىمەن.
بايقىسام قاپتۇ يالاڭغاچ ئۆي ئىچى،
ھەر قاچان بىر ئوغرى ئالغان دەپتىمەن.
بولدى مەلۇم يار يامانلاپ كەتكىنى،
ئۆتكۈزۈپ قويدۇممۇ نۇقسان دەپتىمەن.
بىر ئۇقۇشماسلىق ئۆتۈپتۇ، ئاخىرى
كېلىدۇ ئەيلەپ پۇشايمان دەپتىمەن.
ئەكسىچە، قىلسا تەلەپ ئاجراشقىلى،
نېرۋىسى بوپتۇ پەرىشان دەپتىمەن.
ئېسىلىپ چۇقان كۆتۈرسە كوچىدا،
بەلكى كۈندەشلىككە قالغان دەپتىمەن.
بار ئىكەن يوتقان يىغىش كەسپى ئۇنىڭ،
ئاڭلىغانتىم، ئەمما يالغان دەپتىمەن.
ئالدى خەتنى بار بىساتىمنى قوشۇپ،
مېنى قىلماس مۇنچە ۋەيران دەپتىمەن.
كۆيگىنىمنى قىلدى بورنۇمدىن بولاق،
ۋاي ئېسىت، دەججالنى جانان دەپتىمەن.
خېلى-خېلى دەردكە ۋايجان دېمىگەن،
پايلىماي بۇ دەردكە ۋايجان دەپتىمەن.

## ئەمدى...

سىردىشىم دەپ سېنى مەن، ئېيتتۇدىم ھەممە سىرىمنى،
شۇندا گۆھەر دېۋىدىڭ سەن يۇرىكىمنى، جىگىرىمنى.
ۋەدىلەشكەن بۇ ئۆمۈر لەززىتىنى تەڭ كۆرىمىز دەپ،
ھەمدە يۇكنى كۆتۈرۈشكە مەن يېرىمنى، سەن يېرىمنى.
پىتنە-ئىغۋا قويۇنى چىققىنىدا ئۇچتى قارارىڭ،
كۆرمىدى ئىككى كۆزۈڭ قىلچىمۇ بىر توغرا يېرىمنى.
بىر زاماندا مېنى سىيپاپ ئەركىلەتكەن شۇ قولۇڭدا
ساق تېنىمنى زېدىلەپ ئاچقىلى تۇردۇڭ "يېغرىم"نى.
باغلىغانتىمغۇ بېلىمنى ساڭا سادىق بولىمەن دەپ،
ئەمدىلىكتە "ماڭا سىرتماق" دېدىڭا بۇ كەمىرىمنى.
سەن مېنى ساق يېرى يوق نەرسە دېدىڭ، مەيلى بۇنىڭغا،
كاشكى تاپساڭچۇ ئاشۇ كىبىرىگە لايىق بىجىرىمنى.
ئەمدى بېسىلدى قويۇن، ئاشكارە بولدى قارا ھەم ئاق،
ئاڭلىغايسەن ئەمدى قايسى قۇلىقىڭدا خەۋىرىمنى؟!

## ھوي بالا

ھوي بالا، ئېيتقىن، كىم بولىسەن؟
ھەر كۈنى باغقا بىر كېلىسەن.

بىللە كىتابمۇ ئېيپ كېلىسەن،
يا ئوقۇمايسەن، نېمە قىلىسەن؟
"ئۆرگىلىمەن" دەپ ناخشا ئېيتىسەن،
ئېيتقىنا، كىمدىن ئۆرگىلىسەن؟
ئايلىنىسەنغۇ سەن مېنىلا،
زادى نىماندااق شوخ بالا سەن؟
ئاچقان ئەمەستىم ساڭا چىراي،
سەن نېمە مەقسەتتىن كۈلىسەن؟
پەملىگۈدەك بولسام سېنى مەن،
سۆيگۈگە مەپتۇن بايقىلىسەن.
مەن بۇ چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەپ،
مېھرى گۈلۈمگە ئىنتىلىسەن.
ئويلىغىنىم يوق سۆيگۈنى مەن،
ئالدىرىما سۆز ئاچقىلى سەن.
مەن مېۋە ئىلمى مەپتۇنى مەن،
جورىساڭ ئەقلىڭنى، بىلىسەن.
سەنمۇ كىتابنى راست ئوقۇغىن،
بولما ھەۋەسنىڭ زاڭ قۇلى سەن.
ئايلىنىۋەرمە سەن مېنى كۆپ،
بولمىسا دەشنەم يەپ قالىسەن.
پەسلى كېلىپ گۈل قارشى ئالار،
بولساڭ ئىلمىنىڭ بۇلبۇلى سەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## كۆڭۈلنى كۆڭۈل ئالىدۇ

خېلى كۆپتىن ساڭا كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان ئېھتىياج،
ماڭا باقساڭ، بارۇ يوقۇمنى قىلاي دەيتتىم خىراج.
شۇ تەمەدە ئىلتىجا قىلغان ئىدىم، ماقۇل دېدىڭ،
ئاشۇ ئالتۇندەك سۆزۈڭ بولغان بېشىمغا خۇددى تاج.
سۆز بېرىپ، لېكىن ماڭا كۆڭلۈڭنى زادى بەرمىدىڭ،
ئەيلىدىڭ ۋەيران مېنى تىنىماي قىلىپ تالان-تاراج.
نە ئۈچۈن قويدۇڭ قۇرۇق گەپكە مېنى قەرزادار قىلىپ،
ئىشقى بازارىڭدا تۆلەمدۇ زىيان چەككۈچى باج؟
بەزىلەر دەيدۇ مېنى "مەككارغا بوپسەن مەسخىرە"،
يولۇقار مۇنداق بازارغا بولسا كىمنىڭ بەختى كاج.
گەرچە شۇنداق بولسا ئىشق، كىرمەي دېدىم بۇ كوچىغا،
كىمكى يۈزلەنسە ئاڭا، تاپمايدىكەن روناق-راۋاج.
پاك ۋىسال تاپقۇچىلارغا بەلكى ياقماس بۇ سۆزۈم،
مەن ۋاپا كۆرمەي، بولۇپ قالغاندىمەن غەيرىي مىزاج.
دەيدۇ دوستلار: "پۇل ئەمەس، كۆڭۈلنى كۆڭۈل ئالىدۇ"،
بۇ نەسىھەت بولغۇسى رەنجىم ئۈچۈن مەلھەم-ئىلاج.

## ئەمدى نېمىسى؟

يادىڭدىمۇ، بىز ھەممىدە ئورتاق دېگىنىڭ،
بىر مېۋە، ئەزەلدىن بېرى قوشماق دېگىنىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يادىڭدىمۇ، «لەۋزىڭگە ئىشەندىم بىگۇمان،
يا مەن تازا ئەخمەقمۇ؟» دېسەم، «ياق» دېگىنىڭ؟
چوڭ خەتتە مېنى سۆككۈچى گېزىتنى كۆرۈپ،
ئۆزگەردى سوۋۇشقا ماڭا ئامراق دېگىنىڭ.
ئەمدى مېنى دەيسەنكى، قارا ئىچ-ئىچىدىن،
كەتتى نەگە بىر چاغدا «دىلىڭ ئاق» دېگىنىڭ؟
بالدۇر مېنى سومباتى «ئىلىپ» تەك دېيۇدىڭ،
ئەمدى نېمىسى «يا» كەبى مايماق دېگىنىڭ؟
ئاخشاملا تېخى سەن مېنى پاكىز دېيۇدىڭ،
قانداقچە باھا ئەتىسى قاسماق دېگىنىڭ؟
دەپسەن: «ماڭا مەلۇم ئىدى شۇم قەستى ئۇنىڭ»،
يالغانمۇ بۇرۇن مەقستى پارلاق دېگىنىڭ؟
بىلدىڭمۇ، نە ئۇنتۇاننى ئىلىپ كەلدى ساڭا
بىر دەمدىلا ئۇنداق يەنە مۇنداق دېگىنىڭ؟
قويغان ئەيىبىڭ ئازمۇ ئەمەس، يالغىنى كۆپ،
ئويلاتتى بىراق ئەمدىكى «ئەخماق» دېگىنىڭ.

## باشقىسى

بارمىدۇ ئالدىڭدا خار بولغۇچى مەندىن باشقىسى،
بارمىدۇ ئادەمنى خار قىلغۇچى سەندىن باشقىسى.
ئاقىۋەتنى ئويلىماستىن، باشتا شۇنداق دەپتىمەن:
«يوق جاھاندا ماڭا لايىق سەن لىۋەندىن باشقىسى».
سىنچىلاپ باقمايلا مەن ھۆسنۈڭنى گۈل چاغلاپتىمەن،

بولمىدى لېكىن مۇيەسسەر شۇم تىكەندىن باشقىسى.
قولغا ئالالىدىم گويا سەن زومىگەرنى يار تۇتۇپ،
بولمىدى ھەرگىز نېسىپ زەنجىر، كىشەندىن باشقىسى.
ساڭا باغلانغاچقا ئايرىلدى بۇرادەر-دوستلىرىم،
مەن ئۈچۈن يوق ئەمدى "خوپ بولدى" دېگەندىن باشقىسى.
شاھى تون شەيداسىغا شەيدالىقىڭدىن كەچمىسەڭ،
ھېچ راۋا بولمايدىكەن تەنگە كېپەندىن باشقىسى.
بارچە ئىشق ئەھلى مېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن كۆز ئېچىپ،
بولمىغاچ دۇچ مەن يولۇققان دەردكە مەندىن باشقىسى.

## بەك گول ئىكەنمەن

مەن ئۆزۈم بەك گول ئىكەنمەن لەۋزى يالغاننى كۇتۇپ،
خۇددى ناداننى ئۇمۇلدۇرغۇچى تاداننى كۇتۇپ.
تەلمۈرۈپ گويا بۇلۇتلۇق كۆككە باقتىم تون بويى،
يۈزىنى كۆرسەتمىگەن پىنھانى چولپاننى كۇتۇپ.
سۆيگۈ ئوتىدىن بەتەر بۇ ئىنتىزارلىق ئۆرتىدى،
مەن قوشۇپ ئالدىم ئەلەم دەردىمگە دەرماننى كۇتۇپ.
بىللە مەنزىلگە بارارمەن دەپ ياياق قالدىم ئۆزۈم،
بۇ تەرەپكە رايى يوق بىر غەيرىي كارۋاننى كۇتۇپ.
ۋەدىسىدىن شاد بولۇپ قالدىم ئازابقا ئاقىۋەت،
ئەسلى شادلىقنى ئەمەس، بەلكى پۇشايماننى كۇتۇپ.
ئاخىرى تاپتىم سەۋەبنى، ئۇ شوڭا كەلمەپتىكەن،
لەۋزى ئەجرىگە مېنىڭدىن لەئلۇ مارجاننى كۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن ئۇچۇن گويا مۇھەببەت كوچىسى بازار ئىكەن،
نەقىلاي ئىشقىمغا سەندىن پايدا-ۋىجدانىنى كۈتۈپ.

## مەن بەختىيار

سۆيگۈ باغىمغا يېتىپ كەلدى باھار، مەن بەختىيار،
سىردىشىپ تاپتىم ئۆزۈمگە جۈپ نىگار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر دېھقان بولۇپ چۈشسەم ئېتىزدا ئورمىغا،
زوق بىلەن كەينىمدە باغ باغلايدۇ يار، مەن بەختىيار.
دەستىگاھتا مەن ئەگەر تىلسام .ياغاچ، يارمۇ كېلىپ،
رەندىلەپ تاختاينى ئەيلەر جىلۋىدار، مەن بەختىيار.
مەن ئوقۇغۇچى بولۇپ ھازىرلىسام دەرس، يار ھېرىپ-
كەلسىمۇ ئىشتىن، ئۇنى رەتلەپ تۇرار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر شائىر بولۇپ يازسام شېئىر، ئىلھام قوشار،
پۈتكىچە مەندىنمۇ ئارتۇق ئىنتىزار، مەن بەختىيار.
مۇڭغا چۆمسەم مۇڭلىنار، كۈلسەممۇ بىللە كۈلكىسى،
خۇشلۇقۇم، قايغۇمغا شېرىك غەمگۇزار، مەن بەختىيار.
بىز ھامان سىرداش، يۆلەكداش، تاپا-تەنە بىزگە يات،
شۇڭا ھەرقانداق جاپا قىلمايدۇ كار، مەن بەختىيار.
"نە ئۇچۇن سەن ماڭا مۇنچە مېھرىبان، ئامراق" دېسەم،
"ئۆز غېمىڭگە بەنت ئەمەس سەن" دەيدۇ يار، مەن بەختىيار.
"بالىمىز تارتسۇن ساڭا" دېسەم، "ساڭا تارتسۇن" دېدى،
ئىككىمىزگە ئوخشىسا، يار بەختىيار، مەن بەختىيار.

# خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم

خەت يېزىپسەن رەنجىشىڭدىن كەچكىنىڭنى بىلدۈرۈپ،
يەرگە كىردىم مەن خىجىللىق ئاستىدا خەتنى كۆرۈپ.
سەن ماڭا سۇنغان ئىدىڭ، راست، تۇنجى سۆيگۈك گۈلىنى،
شۇ ھامان قىسقان ئىدىم، تۇرغاچقا مەنمۇ تەلمۈرۈپ.
ئاشۇ كۆكلەم پەسلىدە ھۆسنۈڭگە خوپ شەيدا بولۇپ،
شادلىقىمدىن سېنىمۇ يۇرگەن ئىدىم مەن كۈلدۈرۈپ.
بىر قويۇن كەلگەن ھامان كۆزگە كۆرۈندۈڭ ئۆزگىچە،
تەكتىگە يەتمەي ئۇنىڭ، .كەتتىم ئۆزۈممۇ ئۆزگۈرۈپ.
ساڭا تۆھمەت دېگى چۇشكەندە ئەجەپ قىلدىم ئەلەم،
بىر كاساپەت ئىلكىگە كۆڭلۈم شېخىنى ئەگدۈرۈپ.
ئاخىرى تىنجىپ قويۇن، ساھىلغا چىقتىڭ سەن ئامان،
مەن بۇرۇختۇم بولدۇم، ئەپسۇس، يەلكىنىمنى چۆكتۈرۈپ.
ھەسرىتىم ئارىمىنى ئويغاتقاچقىمۇ چەكتىم ئازاب،
قىلمىشىمنى قايتا كۆز ئالدىمغا بىر-بىر كەلتۈرۈپ.
شۇندا چىللاپسەن باھارغا سەن مېنى، قانداق باراي،
مەن دوقالغا جور بولۇپ، كەتسەم باھاردىن يۈز ئۆرۈپ.
خەتتە دەپسەن: چوڭ گۇناھكار نەس دوقال ھەم شۇم قويۇن،
بىز ئەمەس، ئۇ قانچىلارنى قىلدى ۋەيران تەزدۈرۈپ.
ياق، ماڭا ئاز ”قارا يۈز، شەرمەندە“ دەپ قويسا لەقەم
ھەم سازايى قىلسىمۇ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ.
تىللىساڭمۇ مەيلىدى، چىللاپ بەتەر قىلدىڭ خىجىل،
مەن باراي ئالدىڭغا قايسى يۈز بىلەن، قانداق يۈرۈپ؟ . . :

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

## كەلسە

(ئاشىقنىڭ كۆڭۈل كۈيى)

كۆزۈم يولدا، نە بولغاي شۇ نىگارىمدىن خەۋەر كەلسە،
لېۋىم چاڭقاق، نە بولغاي ئابىكەۋسەردىن ئەسەر كەلسە.
خەۋەرگە شۇنچە تەشنا مەن، بولارمەن قانچىلىك مەمنۇن،
شۇ دىلبەر مەن تەرەپكە يول ئېلىپ شۇئان ئەگەر كەلسە.
قاراڭغۇلۇق تىقىلدى كۆزلىرىمگە دەردى ھىجراندىن،
تۈن ئايلانماسمىدى تاڭغا، بولۇپ چولپان سەھەر كەلسە.
ئۈنىڭسىز خۇددى جانسىز مەن، تىرىك مەن ۋەسلىدە جەزمەن،
تاپارمەن ھەر قېتىم بىر جان شۇ جانبەخش يار ھەر كەلسە.
بۇ كەلسە كىم كۈلەر مەندىن بىساتى يوق قەلەندەر دەپ،
مۇھەببەت نۇرىدىن كۆڭلۈم ئۆيىگە شۇنچە زەر كەلسە.
ئۇ كەلسە بىھېساب غەيرەت پۈتۈلمەسمۇ ۋۇجۇدۇمغا،
قىلىپ غەم قىلچە ئەگمەسمەن ماڭا قانچە خەتەر كەلسە.
ۋاپادار ۋەسلىگە ئاشىق كىشى زارلانمىغاي دەردتىن،
مۇھەببەت راھىتى مەغلۇپ قىلار ھەر دەردىسەر كەلسە.
جۇدالىق ئاخشىمى ئاققان يېشىم يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ،
نە بولغاي شۇ نىگارىمدىن ماڭا تاڭدەك خەۋەر كەلسە.

1978–1984-يىللار.

# ماتەم ناخشىلىرى

## ماتەم

—ئەخمەتجان قاسىمى ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئاھ! . . .
كۆزى بولسا ئۆلۈمنىڭ ئەگەر،
باغرى ئېزىلگەن،
ئەمدىلەتىن ھاياتىنىڭ تېگى سىزىلگەن،
نۇرغا قانمىغان ئەل غۇرۇرىغا
سالامدۇ چاڭگال؟!
تۇفى!
شورى قۇرۇسۇن قارا ئۆلۈمنىڭ!
ئارامىنى بۇزۇپ كۆڭلۈمنىڭ،
كەلگەن ئېغىر شۇم خەۋەرنى
قايسى قۇلاق بىلەن ئاڭلايدىكەنمەن،
قايسى تىلىم بىلەن سۆزلەي بۇ دەردنى؟!
ئاھ، ئېغىر قايغۇ،

ئاھ، ئېغىر ئەھۋال. . .
كۆرەش يوللىرىنىڭ مۇشكۇللىرىنى
كۆرەشچان خەلق بىلەن بىللە-تەڭ تارتقان
دانا ئوغلانلارنى يۇتتى بۇ ئۆلۈم.
بۇ ئۆلكىنىڭ دەردلىك كۆكسىگە
قايغۇ، ماتەم ئوتلىرىنى
ياقتى بۇ ئۆلۈم.

ھەي،
ئاچچىق دەردلەرنى
ئېزىلگەن باغرىغا سىڭدۈرگەن ئۆلكەم،
بىراق
سىنغدۇرالامسەن بۇگۈنكى غەمنى؟
تارتىپ باققانمىدىڭ بۇنداق ئەلەمنى؟!
سەن يوقاتتىڭ
يېڭى تارىخىڭنىڭ سەردارلىرىنى.
سەن يىتتۈردۈڭ
ئەھمەتجاندەك ئېسىل ئادەمنى!. . .
سىلكىندى ۋۇجۇد،
تىپچەكلىدى دىل،
گويا تىققاندەك يۈرەككە يىگىنە.
ئەگەر يىغا بىلەن ئۆچۈقسا ماتەم،
بىز بۈگۈن ياش بىلەن ياسايتتۇق دېڭىز.

ئۆلدى دېمەڭلار،
ئۆلدى دېمەڭلار،
ئېسىل ئوغلانلارنى ئۆلدى دېمەڭلار!
قىزىل چوغدەك يېنىپ-يېلىنجاپ،
قالدى ئۇلارنىڭ باسقان ئىزلىرى.
ئەنە،
قۇلىقىمىز تۇۋىدە ياڭراۋاتىدۇ
ئۇلارنىڭ ئاشۇ مۇنبەردە تۇرۇپ،
بىزگە جېكىگەن ئۆتلۈق سۆزلىرى:
بوزەك بولمايمىز!
بوزەك قىلمايمىز!
دوستلار، ۋارقىراڭلار
ئۇلارنىڭ هايات شۇئارلىرىنى.
خۇش قىلىش مۇمكىنمۇ شېھىت روهىنى
كۆز ياش ئاققۇزۇپ.
ئۆلۈم هەرقانچە مۇدهىش بولسىمۇ،
ئەزىز ئىستەك گۈلشىنىنى
كېتەلمەس توزۇتۇپ،
چەيلەپ ياتقۇزۇپ.

دوستلار،
ئاتلىنىڭلار شانلىق زەپەرگە،
ئۇلارنىڭ پارلاق ئىزىدىن مېڭىپ.
ساقلاڭلار كۈرەشچان ۋەسىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرەككە تېگىپ،
يۈرەككە تېگىپ،
ئۇلارنىڭ روھى كۆلەر شان قوچۇپ،
كىشىلىك دۈشمىنىنى بىز چىقساق يېڭىپ.

1949-يىل نويابىر، غۇلجا.

## يولداش گوموروغا مەرسىيە

ئۆتەر-ئۆتمەي بۇ يىل دۇنياڭ* بۇ ياندىن،
ئېسىل گولاۋ ۋىدالاشتى جاھاندىن.

قىزىل سەنئەت سېپى ماتەمگە چۆمدى
جۇدا بولغاچ ئاجايىپ قەھرىماندىن.

ئۇ بولغان قەھرىمان لۇشۇنگە سەپداش،
ئەزىز بىلگەن قىزىل بايراقنى جاندىن.

شۇڭا بارغانچە قەلبى توق قىزاردى،
شۇڭا ماڭدى ئاداشماي چوڭ نىشاندىن.

---

* دۇنياڭ- 5-ئاينىڭ 5-كۈنى چۇ يۈەننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى بايرام.

زىيانداشنى كۆرۈپ نۆلگە باراۋەر،
شەرەپلىك ئۆتتى ئالىي ئىمتىھاندىن.

ئۇ كەتتى قالدۇرۇپ ھەر خىل ئېسىل گۈل،
سولاشماس، زادى كەتمەس خۇش بۇيى ئاندىن.

قىزىل ئەجداد ئىزى ئىلھامچى بىزگە،
چوقۇم ئۆتكەيمىز ھەر قانداق داۋاندىن.

تۈزۈپ سەنئەت سېپىنى پات-يېقىندا،
ئالارمىز مول ھوسۇل جەزمەن خاماندىن.

1978-يىل 6-ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ

ئەسكە ئالغانتىم بۇگۈن لۇتۇن، سېنى،
ئاقتى كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلىرىم.
يېڭىباشتىن بولدى چۆپ-چۆپ
تېخى نەمدىن ئەكچىمەي يەڭ، پەشلىرىم.
يىغلىۋەتتى ئىختىيارسىز ئۆزلىرى
مېنى "بەس" دەپ بەزلىگەن يولداشلىرىم.

يادىمىزدا ئاشۇ ئەنسىز كېچىلەر،
موما ئۈستىدە پالاقلايتتى گومىنداڭ بايرىقى...
سەن ۋەتەننىڭ قايغۇسىنى كۈيلىسەڭ،
تىلدى باغرىڭنى مۇناپىقلار تىغى.
سېنى نابۇت قىلدى جاللات ھودۇقۇپ،
سەن ئادا بولدۇڭ ئەلەمدە تۇنجۇقۇپ،
ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلماي تېخى.

ئاخىرى تاڭلار ئېتىپ،
كەلگىنىدە گۈلباھار پەسلى يېتىپ،
بولدى گۈلشەنگە ئىگە گۈل ئامرىقى.
شۇندا گۈل ئاچقان ئىدى غۇنچەڭ سېنىڭ،
بولدىكىن نەرىڭ ئۇشۇقچە،
كەلدىغۇ "سول" تەلۋىلەرنىڭ تارلىقى.
بىر مەھەل تەتۈر شامالار قوزىرىدى،
چۈشتى ئەجدادلارنى خارلاش بۇيرۇقى.
زەپمۇ ئۇر-ئۇرغا يولۇقتى شان-شەرەپ،
كىيگۈزۈلدى ساڭىمۇ نەس قالپىقى.

تەلۋىلەر قىلدى گومىنداڭنى خۇشال،
بۇ ئەلەمنى ئويلىسام شۇ تاپتا مەن،
يۈرىكىم چىم-چىم قىلىپ،
ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ ئۇھ تارتىمەن.
ئېيتقىنا، لۇتۇن قېرىنداش، نەدە سەن؟

مەن قوياي دېسەم بېرىپ گۈل چەمبىرەك،
ئاختۇرۇپ قەبرەڭنى نەدىن تاپىمەن؟

بىر قېتىم كۆرگەن چۈشۈمدە:
قاپتىمەن مەنمۇ ئۆلۈپ ئايەم كۈنى.
نەدىدۇر بىر جايدا ئەرۋاھلار ئارا
قايغۇلۇق ھالەتتە ئۇچراتتىم سېنى.
سەن ماڭا شۇنداق دېدىڭكى:
"گۈللىرىم ئېچىلغىلى تۇرغان ئىدى،
نېمە ئىش ئەمدى يەنە سولاشقىنى؟"
مەن دېدىمكى:
"مەنمۇ ھەيرانمەن بۇڭا،
قورقىمەن ئېيتىشقا گەپنىڭ راستىنى..."

ئاشۇ چاغدا
يېنىمىزغا كەلدى بىر ئادەم يېتىپ،
ئۇ كۆرۈشتى شۇنچە ئىللىق بىز بىلەن.
بايقىسام ئۇ بابا چېن تيەنچيۇ ئىكەن،
بىزگە ئۇ بەردى تەسەللا،
ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن:
"نېمە ئىش بولدى زېمىننىڭ ئۈستىدە،
بايقىساق مەلۇمغۇ ئۆتكۈر كۆز بىلەن.
چىقتى مەيدانغا نىجىس ئالۋاستىلار،
ئۆزىنى گويا پەرىشتە كۆرسىتىپ،

ئۆزگىچە پەرداز بىلەن.
شۇ مەرەز ئالۋاستىلار
ئۆزگىچە تارىخ توقۇپ غەۋغا سېلىپ،
مۇشتلىششقا سالدى ئۆزنى ئۆز بىلەن.
يول خەتەر،
لېكىن يورۇقدۇر پەللىمىز،
بەربىر ماڭماي ئامال يوق
باشتا ئاچقان ھەم سىنالغان ئىز بىلەن...“

راستىن ئېيتسام، چۈش ئەمەسكەن كۆرگىنىم،
ئىنقىلاب ئەجدادىنىڭ قايغۇ-غېمى.
ئاخىرى قىڭغىرنى، تۈزنى ئايرىدى
ئەمەلىيەت — چىن ھەقىقەت ئۆلچىمى.
يېڭىباشتىن چاچتى پارلاق نۇرىنى
دەۋرىمىزنىڭ ئىنقىلابىي تەلىمى.
بولدى رەسۋا خەلقى ئالەم ئالدىدا
شۇم نىيەت ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىمى،
بەردى ئەۋلادلارغا ئىلھام، كۈچ-مەدەت،
قايتا ئۆتكەندە شېھىتلار ماتىمى.

قەبرە يوقلاش مەۋسۇمىدە
ئەسلىدىم، لۇتۇن سېنى.
سېنى ئەخلەت دېسىمۇ چۈپرەندىلەر،
خەلقىمىز چىن قەلبىدە

ئەتىۋارلايدۇ بىلىپ ئالتۇن سىنى.
سەن بىرىپ يىللارغا مەزمۇنلۇق جاۋاب،
ئارزۇ قىلدىڭ
قىپقىزىل نۇرغا جاھان پۈركەنسە دەپ،
قىلىدۇ ئەۋلادلىرىڭ مەمنۇن سىنى.
بىز چوقۇم شەنىڭگە تىكلەيمىز مۇنار؛
قويىمەن شۇندا مۇنارنىڭ ئالدىغا
شېئىرىيەتتىن راسلىغان گۈل-غۇنچىنى.

1979-يىل مارت، بېيجىڭ.

## نىم شېھىت خاتىرىسىگە

تۇرىدۇ تۇرقۇڭ غەزەلدەك كۆزۈ كۆڭلۈم ئالدىدا،
مەن تېخى لال سەن كەبى شېرىن تەكەللۇم ئالدىدا.

بۇندا باشلامچى ئىدىڭ سەن مەرىپەت ئەشئارىغا،
يېڭىچە سەنئەتتە نامىڭ بولدى مەلۇم ئالدىدا.

زومىگەر قۇززات يولۇقسا ھومىياتتىڭ قەھرىلىك،
ئېگىلەتتىڭ يا كەبى دەپسەندە مەزلۇم ئالدىدا.

باشقىچە جەۋلانغا كىردى قەلىمىڭ ئاتقاندا تاڭ،
دېمىدىڭمۇ جەڭگىۋار كۈيگە قوشۇلدۇم ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com

قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۇرتۇڭنى سەن،
بىزگە مەلۇم تۇرغىنىڭ قانداق تەرەھھۇم ئالدىدا.

كۆيلىرىڭ گويا مۇقامىنىڭ نەغمىسىدەك جىلۋىدار،
بىز ھامان مەپتۇن ئىدۇق ھەربىر تەرەننۇم ئالدىدا.

تۆت زىيانداش قىلدى گۆھەرنى گويا ئەخلەتكە تەڭ،
ئېيتقۇسىز دەپسەندە بولدۇڭ بىر ئوچۇم شۇم ئالدىدا.

خەستە ھالىڭنى بېرىپ يوقلاي دېسەم، مەن بەنت ئىدىم،
گەر كۆرۈشسەم سۆز قىلالايتتىمۇ مەھكۇم ئالدىدا.

قۇترىغان چاغدا جۇدۇن بولدۇڭ بۇ ئالەمدىن جۇدا،
ۋاي ئېسىت، كەتتىڭ گۇناھسىز ياخشى مەۋسۇم ئالدىدا.

توزۇمايدۇ شېئىرىيەت گۈلزارىدا ئەجرىڭ سىنىڭ،
بىز بىلەن بىللە يەنە، بولساڭمۇ مەرھۇم ئالدىدا.

1979-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

## مەرھۇم دوستۇم قاۋسلقانغا مەرسيە

«ئايرىلغان قۇربىسىنان جامان ئېكەن،
مۇلدىرلەپ قارا كۆزدە جاس كېلەدى.»

—قازاق خەلق قوشىقى.

ئۆتكۈزدۈق ئۆتتۈز يىلنى قولتۇقلىشىپ،
سىردىشىپ، ئۇلپەتلىشىپ، چاقچاقلىشىپ.
ياشىدۇق بىر ئائىلە ئادىمىدەك،
ئۆزئارا ئۈيغۇرلىشىپ، قازاقلىشىپ.
كۈيلىدۇق ئەل بەختىنى، ئەل مۇڭىنى،
خۇشاللىق ھەم قايغۇغا ئورتاقلىشىپ.
دەپسەندە قىلغاندىمۇ زىيانداشلار،
ھە دېسە دۆشكەلشىپ، توقماقلىشىپ؛
تەلپۈنۈپ تۇردۇق يەنە قىزىل تۇغقا،
تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئامراقلىشىپ.
قايتىدىن باھار كېلىپ "ئەمدى راسا
كۈيلەيلى" دېيىشكەنتۇق بەل باغلىشىپ.
قەلىمىڭ يېڭى قۇرلار باشلىغاندا،
ۋاي ئېسىت، قالدى ئۆمرۈڭ ئاياغلىشىپ.
دوستلىرىڭ قالدى يىغلاپ نادامەتتە،
يادنامە ۋاراقلارنى ۋاراقلىشىپ.
كەتسەڭمۇ سەن خوشلىشىپ تىرىكلىكتىن،

روھىمىز ئۆتەر يەنە قۇچاقلىشىپ.
تىنچ يات، سەنمۇ كۆچەت تىككەن بۇ باغ
ياشنايدۇ كۆركەملىشىپ، ئاۋاتلىشىپ.

1980-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



# مازار

—ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر قوماندانى دەلىلقان
سۈگىربايېۋ قەبرىسى ئالدىدا

ئىززەتلىك ئەجدادلار ياتقان قەبرىنى
مازار دەپ ئاتايمىز ئېھتىرام بىلەن.
بىر ئېسىل مازار بار قىران بويىدا*
ئاتىلار دەلىلقان دېگەن نام بىلەن.

گېنېرال دەلىلقان قازاق پەرزەنتى،
گومىنداڭ باغرىنى ئۆرتىگەن ئاتەش.
غەزىپى يەنئەنىنىڭ قەھرىگە ئورتاق،
شادلىقى تيەنئەنمېن تويىغا تەڭكەش.

ئازادلىق تېڭىغا جاننى ئاتىغاچ،
كەتسىمۇ ئالەمدىن كۆيۈپ كۆل بولۇپ؛
پاك روھى ئەلنىڭ كۆڭۈل بېغىدا
ئېچىلار ھەمىشە سولماس گۈل بولۇپ.

ئەۋلىيا دېگەنمۇ نۇقسانسىز ئەمەس،
ۋە لېكىن قەدىرلىك ئۇنىڭ خىسلىتى.

---

* قىران—ئالتايدىكى بىر دەريا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتسىمۇ تەلۋىلەر مازارغا چالما،
كۆمۈلمەس شەرەپلىك شېھىت ئىززىتى.

1980-يىل ئاۋغۇست، ئالتاي.

## ئەسئەت ئىسھاقوۋقا مەرسىيە

مۇبادا ياخشىلار بولسا ئىدى جەزمەن سائادەتلىك،
چوقۇم سەن ئىسمۇ جىسمىڭدىن سائادەتكە لاياقەتلىك[1].

تىزىلسا نەزمىدەك ياڭرار ساڭا خاس ئۇشبۇ خىسلەتلەر:
جاسارەتلىك، ساداقەتلىك، پاراسەتلىك، نازاكەتلىك.

ۋۇجۇدۇڭغا پۈتۈلگەن تورسا شۇنداق پاك پەزىلەتلەر،
ئىبسىت، ئەبزى[2]، نېچۈن ئاخىر بولۇپ قالدىڭ جىنايەتلىك؟

ئامال قانچە، پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلىگەن چاغدا،
پەزىلەت بولدى دەپسەندە، ھۆكۈم سۈرگەچ قاباھەتلىك.

سېنىڭ راستچىللىقىڭ تۆھمەت بىلەن ھەرگىز چىقىشمايتتى،
گوياكى بولغىنىدەك ئوت بىلەن سۇ زىت-رىقابەتلىك.

---

① ئەسئەت—ياخشىلىق، سائادەتلىك دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.
② ئەبزى—تاتارچە "ئاكا" دېگەن سۆز.

سېنىڭ كۆز يۇمغىنىڭمۇ شۇم-رەزىل تۆھمەتكە بىر ئىسيان،
كىرىشكەن چىشلىرىڭمۇ قىلدى بۇ ھالغا شاھادەتلىك.

ئۆزۈڭ كەتتىڭ چىچمپ شولا، تەۋەررۈك خىسلىتىڭ قالدى،
سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ مەۋجۇت، يوقالماس بۇ ئامانەتلىك.

خازان پەسلى كېتىپ، ئەلگە بۇگۈن قايتا باھار كەلدى،
ئىرادەڭدىن ئۈنەر گۈل، ئەمدى روھىڭمۇ سائادەتلىك.

1980-يىل ئۆكتەبىر.

## سازەندە دوستۇم ئابدۇللا ھامۇتقا مەرسىيە

سېنى ئۆلتۈرگەن جاپامۇ، يا يۈرەكنىڭ يارىسى؟
يا ئەجەلنىڭ زەربىمۇ، يا پىتنە-تۆھمەت قارىسى؟

ۋاي ئېسىت، بىۋاخ ئۈزۈلدى ياش ھاياتنىڭ رىشتىسى،
ياق، ئۈزۈلدى بەلكى ئۇيغۇر سازىنىڭ بىر تارىسى.

چاكى چاك قىلدى مېنىڭ باغرىمنى ماتەمنىڭ تىغى،
ئاقتى شۇ چاكتىن يۈرەكنىڭ خۇن بولۇپ بىر پارىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانچە قىلدۇق سېنى كەتكۈزمەس ئۈچۈن، قان يىغلىدۇق،
بۇ جۇدالىقنى توسۇشنىڭ بولمىدى ھېچ چارىسى.

زەخمىلەندى سەن كېتىپ ساز ئەھلىنىڭ ئەزالىرى،
قىلغىلى مەلھەم ئاڭا دەرھال تېپىلماس دارىسى.

سەن ئۈچۈن توي بولغۇسى ھەم كۆلگۈسى روھىڭ سېنىڭ،
ھەر قاچان ساز-نەغمىنىڭ چىقسا سېنىڭدەك ۋارىسى.

1980-يىل 3-نويابىر، ئۈرۈمچى.

## ئەلۋىدا

—ئۇستاز ماۋدۇنغا مەرسىيە

ئامال قانچە، ئۆز پەيلىدىن يانمايدىكەن
تەبىئەتنىڭ ئەجەل ئاتلىق ئەزرائىلى.
شۇ ۋەجىدىن كەتتى بۈگۈن ئارىمىزدىن
مەدەنىيەت سورۇنىنىڭ ئاقساقىلى.

ئىختىيارسىز ئاق قەغەزگە ئاقتى يېشىم،
مەرسىيەمنىڭ ۋەزىنلىرى—ئېسەدىشىم.

بەللىرىڭگە مىسرالاردىن قارا باغلاپ،
باباۋشەنگە ماتەمدىن تالاي قەلەمدىشىم.

ئەلۋىدا، ئەي قەلەمداشلار پېشىۋاسى،
ئەلۋىدا، ئەي مېھرى ئىسسىق ئۇستازىمىز.
ياشىدىڭىز ھالال ئىشلەپ، پاكىز قېرىپ،
جان ئۇزۇقى—تۆھپىڭىزدىن جىق رازى بىز.

ئۇمىدىڭىز قەلىمىمىزنىڭ ۋارىقىدا،
تىنچ يېتىڭ، تەشۋىش يېمەي بۇ توغرىدا.
ئەجرىڭىزگە رەڭداش گۈللەر ئېچىلىدۇ
سىزگە تونۇش تيانشاننىڭ كەڭ باغرىدا.

1981-يىل 31-مارت، ئۈرۈمچى.

## ئۇنتۇماس خەلقىڭ سېنى

—مەرھۇم دوستۇم ئابلىزخان مامۇت خاتىرىسىگە

سەن ئاچاتتىڭ خوش ئاۋازىڭدىن ناۋا گۈلزارىنى،
جور بولاتتى دىل كۈيى چەكسەڭ دۇتارىڭ تارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

روزى تەمبۇردىن دۇئا ئالدىڭ ئۇنى مەمنۇن قىلىپ،
جىلغىلەندۇردۇڭ ئاجايىپ زىكرىڭنىڭ "رۇخسارى"نى.

مەنمۇ شۇنچە پەخىرلەنگەنىمىز ساڭا ئۇلپەت بولۇپ،
كۆڭلۈم ئۆرتەندى يوقاتقاچ سەن كەبى دىلدارىنى.

سەن كۆمۈلسەڭمۇ بىراق ئۆلگەڭ كۆمۈلمەس ھېچقاچان،
ئۇنتۇماس خەلقىڭ سېنىڭدەك نەغمە سەنئەتكارىنى.

1983-يىل ئۆكتەبىر.

## ئالاھىدە مۇسىبەت

— "ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى" مەرھۇم ئابلىھەمىت سىدىقنى ئەسلەپ

شۇ كۈنى مىجەزىممۇ بۆلەكچىدى،
تۇرغاندەك گويا بىسىپ سول يېنىمنى.
تۇيۇقسىز ئاڭلاپ مەن كۆز يۇمغىنىڭنى،
بىلەلمەي قالدىم قويغان-تۇتقىنىمنى.

تولغىنىپ كەتتى جىمى سەپداشلىرىڭ،
شۇم خەۋەر ئۇرۇلغاندەك توقماق كەبى.
ئۈزۈلۈپ سەۋر. يىپى شاگىرتلارىڭ،
تۆكۈلدى كۆز ياشلىرى مونچاق كەبى

تاۋۇتۇك ئۆزىغاندا ھەيۋەت بىلەن،
ئىلىمگە تەنتەنىلىك ھۆرمەت بىلەن،
مەرىپەت زوقمەنلىرى پەخىرلەنسە،
نېمە دەر جان باققانلار ”ھەرىكەت“ بىلەن! ؟

ئەجرىڭگە لايىق ئېتىك ئالاھىدە،
شۈكلاشقا مۇھەببىتىڭ ئالاھىدە.
مەن يازدىم ئالاھىدە مەرسىيەمنى،
ئاھ، دوستۇم، مۇسىبىتىڭ ئالاھىدە.

جىم ياتقىن، قورۇنمىسۇن روھىڭ سېنىڭ،
جىم ياتقىن، ئالاھىدە ئابلنەپسەت!
پۈركەيدۇ چېچەك بولۇپ مەقبەرەڭنى
سەن پۈككەن ئالاھىدە ئالىي ئۈمىد.

1985-يىل 5-ئىيۇن.

## مەرھۇم زىكرى ئەلپاتتاغا مەرسىيە

خۇددى نەشتەردەك تېگىپ قاقشاتتى جاننى ھىجرىڭىز،
خۇن بولۇپ قالدى جىمى يۇرتداش، قېرىنداش-باغرىڭىز.

سىز ئەمەسمۇ يېڭى سەنئەت گۈلشىنىنىڭ بۇلبۇلى،
تىلدا داستان دىلغا لەززەت بەخش ئەتكەن ئەجرىڭىز.

سىز ئۇدۇملۇق ھەم ئىجادكار نەغمە-ساز مېمارى سىز،
بولدى سەنئەت ھەيكىلى قۇرغان ئاجايىپ قەسرىڭىز.

قەسرىڭىزنىڭ نەقشى قايسى دىلنى مەپتۇن قىلمىسۇن،
جىلۋىلەندۇرگەن ئۇنى تارتقان مۇشەققەت-جەبرىڭىز.

سىز مۇقاملار پەيزىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ۋۇجۇد،
ھەم مازار بولدى مۇقاملار تۇپرىقىدا قەبرىڭىز.

”مەنىسىز ئۆتتۇم“ دېيىش لايىق ئەمەس سىزگە پەقەت،
قەرزىڭىز يوق، تۆھپىڭىز كۆپ، رازى سىزدىن دەۋرىڭىز.

نەغمىڭىز شۇنچە يېقىملىق، خۇلقىڭىز تەڭكەش ئاڭا،
كۆكسى كەڭ سەنئەتچىنىڭ تىمسالى سىزنىڭ ئۆمرىڭىز.

جەننىتى سىز، بولغۇسى ”رۇخسارى“ڭىز جەننەت كۈيى،
سىزگە تەزىم قىلدۇرار «غېرىب-سەنەم» نى مېھرىڭىز.

1986-يىل 4-ئاپرېل.

## شان-شەرەپ ئەھلى

—مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا تىزىلغان مىسرالار

كۆپ ئىدى ئۆمرۈڭدە ۋىجدان ئەھلىدىن ھۆرمەت ساڭا،
چۈنكى بولغاچقا مۇجەسسەم كۆپ ئېسىل خىسلەت ساڭا.

مىننىتى يوق تۆھپە سۇندۇڭ ئەل ئۇچۇن، مىللەت ئۇچۇن،
بەردى جاي شۇڭلاشقا تۆردىن ئەل ساڭا، مىللەت ساڭا.

بىرنى بىر دەيتتىڭ ۋە يالغان ۋەدىدىن خالىي ئىدىڭ،
راستچىللىقتىن يانمىدىڭ چاڭ سالسىمۇ دەھشەت ساڭا.

راستچىللىقنىڭ ئالدىدا يالغانچىلىق بولغاچقا لەت،
چۈشتى كەينىڭدىن پېيىڭگە تىغ بولۇپ تۆھمەت ساڭا.

بەتغەرەز "ھەرىكەت" ھامان تۆھمەتچىگە بولغاچ مەدەت،
ئاقىۋەت ئاپەت ئېلىپ كەلدى رەزىل "ھەرىكەت" ساڭا.

نەۋقىران پەيتىڭدە كەتتىڭ، قالدى نۇرغۇن ئارمىنىڭ،
بولمىدى گۈلدىن ھەسەل ياغدۇرغىلى پۇرسەت ساڭا.

يازدى تارىخ قاتىلىڭنى قارا لەنەت بابىغا،
ھەم پۈتۈپ بەردى "شەرەپ-شان ئەھلى" دەپ ھۆججەت ساڭا.

ئارزۇ-ئارمانىڭ بۈگۈن قىلماقتا ئەلدە تەنتەنە،
ئەلگ راۋان روھىي تەسەللا بۇ ئۇلۇغ شەۋكەت ساڭا.

1986-يىل 24-ئۆكتەبىر.

## نىساخان

—ئاتاقلىق خەلق نەغمىچىسى مەرھۇمە نىساخان خاتىرىسىگە

كۆچا نەغمىسىدىن ئېچىلغاندا سۆز،
كېلەر كۆز ئالدىغا ھامان نىساخان.
ئۈچ نەغمىچىگە تەڭ ماھارىتى بار،
داپ، دۇتار ھەم ئۇنى راۋان نىساخان.

تۇتقاچقىمۇ بەلكى سەنئەت چوققىسى—
"مىڭ ئۆي"نىڭ يېنىدىن ماكان نىساخان.
ناخشا ۋادىسىدا مىڭلاپ ئۇنچىدىن
راسلىغان ئاجايىپ خامان، نىساخان.

ئەسىرلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانى كۈيى
نەغمىڭىزدە نۇردەك ئايان، نىساخان.
زامان سەھنىسىدە مىراسىڭىز كۆپ،
مىڭ-مىڭ رازى سىزدىن زامان، نىساخان.

سورايدۇ يۇرتداشلار مېنىڭدىن بۇگۇن:
نەدىدۇر، كەتكەندۇ قايان ئىساخان؟
مەن دەيمەن: چاقىرىپ كېتىپتۇ ئۇنى
جەننەت بەزمىسىگە ئامانىساخان.

1987-يىل مارت.

## يۈرەك ياشلىرىم

—ئانامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيەم

”كەتكەنلەرغۇ كېلەر بىر كۈنى،
كەلمەيدىكەن كەتمەنلىگەنلەر.“

—ئاتىلار سۆزى

كۆپتىن بېرى چۇشۇم بۇزۇلۇپ،
ئۆتەر ئىدى غەشلىكتە كۈنۈم.
بۇگۇن ماڭا شۇم خەۋەر كېلىپ،
چۇشۇپ كەتتى ئىچىمگە ئۇنۇم.

تامدى مۇنچاق-مۇنچاق ياشلىرىم،
كۆزدىن ئەمەس،
يۈرەكتىن تامدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

تۈنۈگۈنلا بار ئىدى ئانام،
مەڭگۈ ئايرىلىپ قاپتىمەن ئەمدى.

ئانا،
شۇنداق يەرگە كېتىپسىز
"ئانا" دېسەم،
"ھە" دېمەيدىغان.
مەن قالدىم بەك ئېغىر ئازابتا،
ئەسلەپ، تولغىنىپ ھەسرەت يەيدىغان.

باغرىڭىزدا تۆرەلدىم، ئۆستۈم
مەن پۇشتىڭىز—
يۈرەك پارىڭىز.
مۇشتەك گۆشنى ئادەم قىلغۇچە،
كەتتى قانچە كۈچ-مادارىڭىز.

قورۇقلىرىڭىز ئىزى ئەمەسمۇ
پەرزەنت ئۈچۈن چەككەن جاپانىڭ.
سۈتىڭىزدەك ئاپئاق چېچىڭىز
ئاق گۈلىغۇ مېھرۇ ۋاپانىڭ.

قانمىغاندەك، ئانا، سىز ماڭا،
قانمىغان ئىدىم مېھرىڭىزگە مەن.
مىڭ-مىڭ ئەپسۇس،

تېگىشلىك بەدەل
تۆلىيەلمىدىم ئەجرىڭىزگە مەن.

تامدۇرماسمىدىم ئاغزىڭىزغا سۇ،
بولغان بولسام قېشىڭىزدا مەن.
بەرمەسمىدىم روھىي تەسەللا،
«ياسىن» ئوقۇپ بېشىڭىزدا مەن.

ھەقدار تۇرۇپ ئاڭلىيالمىدىم
رازىلىق بەرگەن ئاۋازىڭىزنى.
چىقالمىدىم تۇپراق بېشىغا
كۆتۈرۈپ، ئانا، جىنازىڭىزنى.

ئېلىپ كىرگەندە لەھەت ئىچىگە،
مۇردىڭىزنى ئۇشلىيالمىدىم.
يەتتە قېرىنداش قاتارىدا مەن
بىر كەتمەن توپا تاشلىيالمىدىم.

ھازىدار ئادەم ھەر قانچە بولسا،
يىغلاپ-يىغلاپ قالاتتى پەسلەپ.
بىراق ھەسرەتتىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم،
تىرىك ئايرىلغان كۈنلەرنى ئەسلەپ.

بۇ ھەسرەتنى كىمدىن كۆرىمەن،
بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالىمەن.

«تەقدىر شۇنداق»قا كۆنگەچكە مەنمۇ،
شۇنداق دېمەي قانداق قىلىمەن.

1988-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## سەن لەھەتتە ئەمەس، بەلكى مۇنبەردە

—مەرھۇم دوستۇم ئابدۇكېرىم خوجىغا مەرسىيە

ئەجەل چاڭگىلىنى سوزۇپ بىمەھەل،
ئارىمىزدىن سېنى ئېپ كەتتى يۇلۇپ.
قايغۇنىڭ شىددەتلىك ئىزتىرابىدىن
تۇنجۇقۇپ كەتتىم توك تەپكەندەك بولۇپ.

ئۈچتۇڭمۇ تىرىكلەر تىزىملىكىدىن،
ئالالمىدۇق سېنى ئەجەب قۇتقۇزۇپ.
بەك لازىم ئىدىڭغۇ بۇگۈن ئۈچۈن سەن،
كەتكىنىڭ نېمىسى باھاردا تۇزۇپ؟

ئاتقانىسەن باھارغا سوۋغات گۈلدەستە،
ئىستىھزا ئوقىنى قاتمال دوقالغا.
دورىماي،
جاۋابنى ئۆزۈڭ ئىزدىدىڭ
زامان سوراۋاتقان يېڭى سوئالغا.

تۇرغۇزۇڭلار ماڭا ھەيكەل، دېمىدىڭ،
كەتتىڭ ھەيكىلىڭنى ئۆزۈڭ تۇرغۇزۇپ.
قىتتىغىر قۇيۇنلار غاجىسۇن قانچە،
مۇمكىن ئەمەس ئۇنى كەتمىكى بۇزۇپ.

شېئىرىيەت ھەققىدە،
بوسوش ھەققىدە
سۆز ئېچىلغان يەردە سەنمۇ ھازىر سەن.
سەن لەھەتتە ئەمەس،
بەلكى مۇنبەردە،
روھى ئۆلمەيدىغان تىرىك شائىرسەن.

دوستۇم،
مەن شۇنىڭدىن قىلمايمەن گۇمان:
ئىسلاھاتچىلارنىڭ پەخرىدۇر ئەجرىڭ.
قاتماللىق كۆلكىگە قالغانچە،
شۇنچە
ئاشىدۇ ئالقىشلار ئىچىدە قەدرىڭ.

1988-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# سىز خەلق قەلبىدە ياشايسىز كۆلۈپ

— ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ئابلىز مۇھەممەدى
ۋاپاتىغا مەرسىيە

ئەمدى بىر ئۇھ دەي دېگىنىڭىزدە،
چاپلىشىۋالدى كېسەل ئەجەبمۇ.
داغدا قويۇپ كەتتىڭىز بىزنى،
كار قىلماي ھېچ ئىلاج-سەۋەبمۇ.

زۇلمەت ئىچىدە قىيناقتا ئۆتكەن
ياشلىقىڭىزنىڭ تەڭدىن تولىسى.
تاڭدىن كېيىنمۇ تارتتىڭىز يەنە
قالغاندەك ئۇنىڭ قازا-چالىسى.

جىق تارتقان خائىن، جاسۇس دەردىنى
ھەم بەرگەن ئىدىڭىز ئۇلارغا دەككە.
يەنە قالغىنىڭىز نېمىسى زادى
"خائىن"، "جاسۇس" دېگەن تۆھمەتكە؟!

ئەل دەردىگە دەرمان بولۇش يولىدا
قاقشىمىدىڭىز شۇنچە چېكىپمۇ زەخمەت.
بىراق، ئۆلۈمدىن ئېغىر تۇيۇلدى شۇ پەيت—
راستچىللىق ئۈستىدىن كۆلگەندە تۆھمەت.

ئۆزگىنىڭ ئەمەس، ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن
ياشايدىغىنىڭىز سېزىلگەن ھامان،
يامان ئاتلىق بولۇپ قالغان ئىدىڭىز،
ئاخىرغۇ لەت بولدى تۆھمەت، بەدگۇمان.

گەرچە تۆھمەتخورلار تىرىك يۈرسىمۇ،
لەنەت-نەپرەتكە چوقۇم كۆمۈلگۈك.
سىز خەلق قەلبىدە ياشايسىز كۈلۈپ،
چۈنكى سىز راستچىللىق كەبى سۆيۈملۈك.

1988-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ئەل بۇلبۇلى

—مەشھۇر ناخشىچى داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتى
مۇناسىۋىتى بىلەن

مەن ئىشەنگەيمەن نىچۈك، راستتىنلا ئەزرائىل كېلىپ،
جان مېۋەڭنى ئۈزگىلى قەددىڭ شېخىنى ئەگدىمۇ؟
ھەممە ئۇيغۇر دېگۈدەكلا ”مىڭ ياشا“ دەيتتى سېنى،
كۆپچىلىك سۆزلەۋېرىپ ئاخىر ساڭا تىل تەگدىمۇ؟

دەيتتى ئەل: قىلساڭ ناۋا، بىئىختىيار كەمزۇل يېشىپ،
يېپىلارمىش ئېچىلىپ، بۇلبۇلمىكىن دەپ گۈل سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

زىكرى چالغاندا دۇتار، قوناقچى بولغاندەك ئاڭا،
ئۈلگە ئالماقچى بولۇپ ئەگىشىدىكەن بۇلبۇل سېنى.

سۆزلىتەر ئادەمنى مەپتۇنلۇق دېگەن سەۋدايىدەك،
راستىنى ئېيتقاندا بۇ ھالەتمۇ سەنئەتنىڭ كۈچى.
قالدى سەنسىز سېزىلىپ ئۇيغۇر ئۈچۈن چوڭ نەرسە كەم،
شۈبھىسىز، بۇ سەزگۈ سەنئەتكە مۇھەببەتنىڭ كۈچى.

غۇلجىنىڭ پەركارى ئۈچقاندەك سېزىلدى ئاشۇ كۈن،
چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى كەم بۇلبۇل ئۇچۇپ.
ئا. جارۇللايېۋ تۆكۈپ ياش، كۈلكىدىن قاپتۇ ھىسام،
يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ.

چىقسا داۋۇتجان دېگەن نام ئاڭلىنار كۈي-ناخشىدەك،
ناخشىنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇغۇ ھەم كۆمگىلى.
قالدى سەندىن مەڭگۈلۈك كۈي ياڭرىتىشنىڭ ئۈلگىسى،
ۋارىسىڭ بار، يات كۆلۈپ قەبرەڭدە، ئەي ئەل بۇلبۇلى.

1988-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ناخشا تېكستلىرى

## ئورما ناخشىسى

ئورما ئوردۇق ئورغاقلاردا،
سۇ ئىچىپ بۇلاقلاردا.
خۇش چاغ ئۆتىدۇ كۈنلەر
زەپ ئىللىق پۇراقلاردا.

ئورما ئوردۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا-تومۇزدا.
باغلار سەپ بولۇپ ياتتى
قۇچىقى كەڭ ئېگىزدا.

ياز پەسلى ئەجەب چاغلار،
يارىم، بەلنى چىڭ باغلا.
مەن ئورۇپ سالاي ئۈنچە،
سەن كەينىمدىن باغ باغلا.

ئورما ئوردۇق ئايدىڭدا،
چالڭ كەلتۈرۈپ ناخشىنى.
دائىم ئايدىڭ بولسىكەن
يازنىڭ ھەممە ئاخشىمى.

1951-يىل.

## دېھقانلار مارشى

ئويغىنايلى دېھقانلار،
يوقسۇللۇقنى تارتقانلار.
بىزنى ئەمدى ئېزەلمەس
ئۆيدە ئوڭدا ياتقانلار.

قايتۇرمىسى:

يەر بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ،
نۆۋەت بىزنىڭ، ھۆكۈمەت بىزنىڭ.
داھى ماۋ زېدۇڭ يارتىپ بەرگەن
ئازاد دەۋرىمىز ياشىسۇن يۈز مىڭ.

ئېغىر، قارا كۈلپەتلەرنى
تارتقۇلۇقمۇ دائىملا.
ئەمدى يېسۇن دەككىسىنى
يالماۋۇر خوجايىنلار.

قايتۇرمىسى:

يەر بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ،
نۆۋەت بىزنىڭ، ھۆكۈمەت بىزنىڭ.
داھى ماۋ زېدۇڭ يارىتىپ بەرگەن
ئازاد دەۋرىمىز ياشىسۇن يۈز مىڭ.

1952-يىل نويابىر، كۇچا.

## ئىشچان يىگىت

يېزىمىزنىڭ غۇرۇرى،
ئىشتا پىشقان ياش يىگىت.
ئىش قويىنىدا ئۆملەشكەن
ئىشچانلارغا باش يىگىت.

ئەمگەك تەرى پارلايدۇ
ماڭلىيىدا كۈمۈشتەك.
ھەم ئوقۇيدۇ بىر ياقتىن
نادانلىقنى نومۇس دەپ.

بىللە ئىشلىگەنلەرگە
بىلىنمەيدۇ مۇشەققەتمۇ.

قىزىمايدۇ ئۇنىڭسىز
توي-تۆكۈنمۇ، مەشرەپمۇ.

قېرىلارغا ئۆز ئوغۇل،
تەڭتۇشلارنىڭ گۈلى ئۇ.
ئېيتىڭلارچۇ، قىز باللار،
قايسىڭلارنىڭ خىلى ئۇ؟

1954-يىل.

## يىگىت ئارزۇسى

كۆيدۈم دېگەن شۇ سۆزنى
سەن بىلەن تەڭ قىز دېسە.
يوقلىغاندا سەن ئۇنى،
ئۇمۇ سېنى ئىزدىسە.

ئۇ ئۇ ياندا، سەن بۇندا،
ئايلار ئۆتسە، يىل ئۆتسە.
بىلىنگەيمۇ يىراقلىق،
سەن سېغىنساڭ، ئۇ كۈتسە.

1956-يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پويز كەلدى

پايتەختتىن قوزغىلىپ،
مەغرىبكە يول ئېلىپ،
يۇرتۇمغا قايتىمەن
بىر دەستە گۈل ئېلىپ.

گاڭ ئىزدا ئۇچىدۇ
كارۋان قاناتلىنىپ.
كۆردۈم خانتەڭرىنى
ئالەمدەك شادلىنىپ.

كەلدى گۈل سوۋغىتىم
سولاشماي يول بويى.
گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ
بېيجىڭنىڭ خۇش بۇيى.

1956-يىل.

## ھەسرەت

"بىر سىنىڭ مەن" دېگىنىڭ
نەقىش بولغان دىلىمغا.

ئەمدى "كەچتىم" دېگەن سۆز
قانداق كەلدى تىلىڭغا؟

سېلىپ قويدۇڭ ھەسرەتكە،
ئاغرىمىدى ئىچىڭمۇ.
شۇ ئازابىڭ بىر ساڭا
ئىشەنگىنىم ئۈچۈنمۇ؟

ھەسرەتتىنمۇ ئېغىر دەرد
بارمىكىن، تاڭ، بىلمەيمەن.
"ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن
ئەقىدەمگە يىغلايمەن."

1956-يىل ئىيۇن.

## ئامرىقىم

ئامرىقىم كۆڭۈل شادى،
ساڭا بىر گېپىم بادى.
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن
بۇنى ئېيتمىسام زادى.

كۆردۈم سېنى تومۇزدا
ئىش قايىنىغان ئېتىزدا.

يەلكەن بولۇپ ئۈزۈپسەن
ئاق ئالتۇنلۇق دېڭىزدا.

يۈرىكىڭنى كۆردۈم مەن
پېشانەڭدىكى تەردىن.
ئۆمرۈمگە بىلىپ ھەمدەم،
كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم.

1960-يىل، تۇرپان.

## ئۈزۈش

كېتىسەن، جەڭچى يىگىت،
چېگرا بويىغا كۆز بولۇپ.
قالدى كۆڭلۈم ئاسمىنىدا
ئىشق ئوتۇڭ يۇلتۇز بولۇپ.

كۆزلىرىڭ چېگرادا بولسا،
سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن.
ھەمنەپەس مەن سەن بىلەن،
كۆڭلۈمدە، سەن، ئۆمرۈمدە سەن.

1961-يىل.

## يوللۇق ئالما

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا، يارىم، ئال مېنى.

بۇزمىغىن كۆڭلۈڭنى سەن،
يوق دەپ غېرىپلىق دارىسى.
كەتتىڭغۇ سېنىڭ بىلەن—
بىللە يۈرەكنىڭ پارىسى.

1961-يىل.

## ياش دوستۇمغا

ياش دوستۇم، ئەزىز دوستۇم،
ئىلىم-پەنگە كۆڭۈل بەرگىن.
ۋۇجۇدۇڭ باغقا ئايلانسۇن،
يېتىلگىن، مول ھوسۇل بەرگىن.

زېمىن ياخشى، ھاۋا ياخشى،
قەدىردان باغۇىنىڭ ئاندىن.

هوسۇلۇڭ ئەلنى خۇش قىلسا،
چىقارسەن سەنمۇ ئارماندىن.

1978-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## جان ئانا

جان ئانا، ئەجرىڭ تولا،
دەردىڭگە مەن دەرمان بولاي.
كۈندۈزى بېشىڭغا سايە،
ئاخشىمى گۈلخان بولاي.

شادلىقىڭ بەختىم مېنىڭ،
ئۆمرۈم ساڭا تەقدىم مېنىڭ.
بولسا لازىم ھەر قاچان
يولۇڭدا مەن قۇربان بولاي.

1979-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## مەيلى

سۆيدۈم باغۋەن بالىنى،
گۈل قىلغان ئەل چۆلىنى.

بەرسە جاپاغا بەرداش،
بەرسۇن دەپتۇ قولىنى.
مەيلى، مەيلى، مەيلى!

ئوقۇدۇم كۆپ يىل پەننى،
سۆيىمەن باغ-گۈلشەننى.
كىم سەت دېسە دەۋەرسۇن،
سۆيىمەن ئاشۇ باغۋەننى.
مەيلى، مەيلى، مەيلى!

ئەمدى ئانامغا ئېيتىمەن،
باغۋەننى يار تۇتىمەن.
چۆللەرنى بوستان ئېتىمەن،
كەتمە دېسىمۇ كېتىمەن.
مەيلى، مەيلى، مەيلى!

1982-يىل مارت.

## ئەجەپ ئوبدان بالىكەنسىز

زۇلپىڭىزمۇ، قۇندۇزمۇ؟
كۆزىڭىزمۇ، يولتۇزمۇ؟
گېپىڭىز ئەجەب تاتلىق،
ئېتىڭىز شېرىن قىزمۇ؟
ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز.

باقتا كىرسىڭىز تاڭدا،
تەزىم قىلىدۇ گۈللەر.
سۇ باشقۇرسىكەن دەيمىش
سىزنى چاڭقىغان چۆللەر.
ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز.

ئۆيدە ئولتۇرالمايمەن
چىقسىڭىز تالا-تۈزگە.
بىر گېپىم بار، شېرىن قىز،
مەن پەرھاد بولاي سىزگە.
ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز.

1982-يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار، پارچىلار ۋە تۇيۇقلار

## رۇبائىيلار

1

قەتردىن تولىدۇ دېڭىزنىڭ قىنى،
دېڭىزسىز ئۆزەلمەس ھايات يەلكىنى.
ئەگەر مىننەت قىلساڭ ئۆز قەترەڭنى سەن،
ئۆزۈپ باققىنا شۇ قەترەڭدە، قېنى!

2

نامەردلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت، ئەزەلدىن ئەبەت.
ياق، ئۇنىڭ بار دېسەڭ قورقمايدىغىنى،
راست، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت.

3

تال-تال كۆمۆش چاچلىرىڭنى ماڭا بەر، ئانا،
تەشۈنشىڭنى بىللە قوشۇپ ئۆتكۈزگىن ماڭا.
سېنىڭ ئۆلمەس بەختىڭ بىلەن بىللە ياشاي مەن،
ياشلىقىمنى، شادلىقىمنى بەخش ئېتىپ ساڭا.

4

مۇبادا راست بولسا ئەيسا قىسمىتى
ۋە ماڭا پۈتۈلسە ئۇنىڭ جەننىتى،
مەن ئۇچۇن دوزاق بۇ، چۈنكى زەھەرغۇ
ۋەتەننىڭ ھىجرىدە جەننەت لەززىتى.

5

دىلبەرنىڭ كۆزىدىن كۈلكە ئاختۇرۇپ،
يېلىنىپ يالۋۇرسام شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ؛
ئۇ دېدى: كۆزۈمدىن كۈلكە ئىزدىسەڭ،
رەقىبىڭ كۆزىگە قادال ئوق بولۇپ.

6

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

بۇ بىنالار بەلەن بولدى ھەممىدىن،
(بۇ تېخى بىر ۋاراق بەخت تومىدىن.)
نەدىن كەلدى دەيسەن، نەدىن كېلەتتى،
تۇنۇگۇن بىز قازغان ئاكوپ-گەممىدىن!

7

ھاقارەت تۆھمەتتى كەلسە ھەر قاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك سېزىسەن ھامان.
مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمەتتى،
لېكىن ئۇ قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان.

8

سۆيگۈنگە كېلىدۇ تالاي خېرىدار،
ۋىجدانغا باي بولساڭ بولدۇڭ ئېتىبار.
ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا بەڭباشلىققا باي،
ۋىجدان گادايلىقى قىلار سېنى خار.

9

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۇچۇن شېئىر-ۋىجدان ئىشى، بەس.

پىكىر-يۈرىكىم، مىسرالار-تومۇر،
ھەرىپلەر-قېنىم، ۋەزىنلەر-نەپەس!

## 10

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر
ئۇچىدۇ قامغاق—بىچارە مەغرۇر.
قىزىل يۇلغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

## 11

ھەزەر قىل، بەزىلەر "جۇندەش"كە ئۇستا،
بىر ئىشقا ئالدىدىن ئۈندەشكە ئۇستا.
ئەپلەشسە ئۆزىنى داڭلاشقا ئۇستا،
چاتىقى چىقسىلا دۆڭگەشكە ئۇستا.

## 12

جىق ئىشقا پۇتلاشتى ھەۋەس-ھېرىسىم،
ئويلىسام، بولىدۇ كۆڭلۈم بىر قىسىم.
ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرگە
كېلىدۇ ئەمدى ئەجەب ھەۋىسىم.

## 13

تېرىق يەپ ماڭغانلار ئۇزۇن سەپەرنى
قان بىلەن يېزىشتى شانلىق ئەسەرنى.
شۇنداق ئەسەرنى يىرتىشنىڭ ئۆزى
ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ تاشقا گۆھەرنى.

## 14

ئۇزۇن سەپەردىن ئېچىلغاندا گەپ،
قاتنىشالمىغانغا قىلاتتىم ھەسرەت.
ئەمدى ئويلىسام، ئۇزۇن سەپەرمۇ
ھازىرمۇ بار ئىكەن، قېنى، سەن جۇرئەت؟

## 15

ئىمتىھان بەرمەي، ئاق قەغەز بېرىپ،
يۇرۇشتى بەزىلەر كۆكسىنى كېرىپ.
ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ تىكمەيدۇ كۆچەت.
مېۋىنى يەيدۇ شېخىنى يىرىپ.

## 16

ساقاللىرىمغا خېلى ئاق كىردى،
رەڭگىمگە ياشلىققا يات سىياق كىردى.
بىراق، توۋلاش ئۈچۈن يېڭى ناخشىنى
كۆڭلۈمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى.

17

مېنىڭلا راست دېيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ بولىدۇ ئادەم زومىگەر.
شەكسىزكى، ھەممىنى مۇشتلىغانلارنىڭ
ماكچىيار تۇمشۇقى ھەممىدىن بەتەر.

18

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە،
بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خۇشامەتكە.
ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.

19

مەرتىۋە قوغلىشىپ تاپماق ئەتىۋار،
پەسكەشلەرگە لايىق ئىقتىدار.

خەلقنىڭ ئاددىي چاكىرى بولماق
كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىپتىخار.

## 20

چاقچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بويسۇنمايدىكەن شەخسىي نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن
تايانسام پەقەت سەمىمىيەتكە.

## 21

ئېگىلمىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانىسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكە غادايغانسېرى.

## 22

سۆكۈشلەرگە بەرداش بېرىپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولىمەن دېسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

23

ھەممىمىز سۆزلەيمىز ھەققانىيەتتىن،
بىراق ئاشالمايمىز ئىمكانىيەتتىن.
نېمىمىز توغرا، نېمىمىز خاتا،
سورايلى، يولداش، ئەمەلىيەتتىن.

24

زەر زۇننارغا شەيدا بولۇپ مۇنچىلىك،
بويۇنغا ئاسماقلىق ھاجەت قانچىلىك؟
زىننەت مەستانىسىگە ياراشماپتۇ ئۇ
تۆگىگە كولدۇرما ياراشقانچىلىك.

25

موزدۇزلۇقنى ئۆگەندىم ئىشقىمنى بېرىپ،
يىگىرمە يىل ئىشلىدىم غۇلاچنى كېرىپ.
كېيىن گىلەم توقۇشقا يۆتكىگەن ئىدى،
قويدۇم ئىككى خالۋاپىنىڭ بېشىنى يېرىپ.

26

بىر ئېشەك بېشىغا ئۇراپ سەللىنى،
قاپتۇ بەك كۆلكىگە دوراپ موللىنى.
تېخىمۇ كۆلكىلىك ئەمەسمۇ مېنىڭ—
تۆرگە باشلىغىنىم "تەقسىر" دەپ ئۇنى.

## 27

چاغلىقتۇر دۇشمەننىڭ ئەزۋەيلىگىنى،
يامىنى يوشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن،
ئەركىلەپ تورۇپلا چىشلەيدىغىنى.

## 28

بىر ئوغرى دەندىدى دائىم تام تېشىپ،
بىر كۈنى مىجىلىپ قالدى تام بېسىپ.
راست ئىكەن: قوپۇرغا ئاستىدا ئۆلمەك
توز يالىغان ئىتقا بولمىقى نېسىپ.

## 29

ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قەھرىمان چىقتى،
ئاۋازى ھەممىدىن بەك يوغان چىقتى.

بىراق، شېھىت قېنى تىلغا كىرگەندە،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن نە زۇۋان چىقتى.

30

مەرد ئېيتتى: «رەنجىم يوق باغلانغىنىمدىن،
بۇ مېنىڭ خاتا ئىش تۇتقانلىقىمدىن.
مىڭ ئەلا ھەق سۆزدە قارىلانغىنىم،
يالغانغا يۆلىنىپ ئاقلانغىنىمدىن.»

31

دېۋىدىڭ: «بولمايدۇ ھېساب ئۆگەنمەي،
ھېسابنى ھەر ياڭزا ياساپ ئۆگەنمەي.»
ئاخىرى سوتلاندىڭ باغلىنىپ، چۈنكى
ھېسابتىن ئىلگىرى ئىنساب ئۆگەنمەي.

32

ئەيىبىڭنى سۆككەندىن كەتتىڭ يۈز ئۆرۈپ،
ماختىغانلار قاچتى سېنى ئۆڭتۈرۈپ.
ھەي نادان، بوۋايلار دېمىگەنمىدى:
«دوست ئېيتار يىغلىتىپ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.»

## 33

راستىنىلا دۇنيانىڭ كۆپ ئىكەن سىرى،
سوئالىم كۆپەيدى تونۇشقانسېرى.
يېشىپ باقماق بولدۇم خېلى تۈگۈچنى،
تېخىچە يېشىلىپ بولماپتۇ بىرى.

## 34

ئادەم مەنسۇپ دېسە مايمۇن نەسلىگە،
ئىشەنمەك شۇنچە تەس قاراپ ھۆسنىگە.
ئادەمگە ئايلىنىش شۇنچە تەس ئىكەن
ئەپسۇس، ئاسان ئىكەن يانماق ئەسلىگە.

## 35

ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى قىلساڭ ئېتىراپ،
دېمىگىن خۇشاللىق ماڭىلا ھېساب.
رەنجىشتىن ھەر كۆڭۈل بىر ئازاب چەكسە،
رەنجىشتىن ۋىجدان چېكەر مىڭ ئازاب.

## 36

بىناۋا ئىشقىنى گۈلگە بېرەمدۇ؟
بۇلبۇل نەغمىسىگە ئاپىرىن دەمدۇ؟
بىر ھېكىم ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكەن:
سەدەپنىڭ قەدرىنى دەريا بىلەمدۇ؟

37

ئۇستا ئىكەنسەن چىۋىن قورۇشقا سەنمۇ،
تېخى يەلپۈگۈچنىڭ سىپى بىلەنمۇ.
چىۋىن ئۇچۇپ كەتتى، بېشىم يېرىلدى،
ئۆلتۈرمەك بولغىنىڭ چىۋىنمۇ، مەنمۇ؟

38

باشلىققا ياقامدۇ-يوق ياخشىچاقلىق،
ياقتۇرسا ياخشىچاقنى، ئۇمۇ چاغلىق.
يۆلىنىپ ياخشىچاققا غادايسا كىم،
بەربىر، بېشى ئۇنىڭ ساڭگىلاقلىق.

39

كۆرگەندە قارانچۇقنى قۇشقاچ كېلىپ،
دەسلەپتە ئۇركۇپ قاچتى ئادەم بىلىپ.

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ”كارامەت“نى ئوقۇپ قىلىپ،
ئويىندى ھەتتا ئۇنى قونداق قىلىپ.

## 40

كوتۇلداپ ئۇنىڭ-بۇنىڭ ئارقىسىدىن،
قىزغانسا كىمكى ئەلنىڭ ئالقىشىدىن،
ئازابتا ئۆتەر ئۆزى زەھەر يۇتۇپ،
نىسۋە ئېلىپ ئەلنىڭ قارغىشىدىن.

## 41

ئۇلۇغ دەريا سۈيى ئاقار مۇلايىم،
قىيساڭ ساي سۈيىنىڭ غەۋغاسى ئايرىم.
كۆكسى كەڭ ئىنسانىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم،
كۆكسى تارنىڭ كۆڭلى پەرىشان دائىم.

## 42

ئەل نېمىگە سۆيۈنسە، زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە، ھومايساڭ ئاڭا،
ئالقىش تۇرماق، راھەتدۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نە ھاجەت ساڭا.

**43**

ئېچىلساڭ، رەڭگىڭدىن گۈلىستان كۆرىمەن،
تۇتۇلساڭ، گوياكى زىمىستان كۆرىمەن.
مەن يېلىڭ ئاشىقمەن، ئىللىقلىقا مۇھتاج،
زىمىستان سوغۇقنى بەك يامان كۆرىمەن.

**44**

تىللىدىم ساقىنى: "چىقسۇنا جېنىڭ،
بولغامسەن شۇنچىلا ئەقلىمنى مېنىڭ؟"
دېدى: "نەپسىڭ كەلدى دېۋەيلەپ ماڭا،
كۆرۈپتۇ كىم بۇندا ئەقلىڭنى سېنىڭ؟"

**45**

يامانىنىڭ دەستىدىن شۇنداق دېدىمكى:
"نېمە بىر قىلغىنىم باردۇ مېنىڭكى؟"
ئاقىل دېدى: "بەلكى، بىلىپ يا بىلمەي،
يامانغا يانتاياق بولغانمىدىڭكى. . ."

**46**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۈندۈزى تۈت ئاغىنەم بىللە ئىدى،
يولۋاسمۇ مۈشۈكچىلىك كۈرۈنمىدى.
ئاخشىمى يالغۇز مېڭىپ چاشقان بولدۇم،
ئالدىمغا مۈشۈك ئۇچراپ قېلىۋىدى.

## 47

بىر يەردە ئىغىز-بۇرۇن يالىشىدۇ،
بىر يەردە بىر سۆڭەكنى تالىشىدۇ.
دەيدىكەن شۇنداق تۇرۇپ: "چىن ئىنسان بىز،
ئۇنداق ئىش ئىتلارغىلا يارىشىدۇ."

## 48

رىياكار سوپىلار مەككار كېلىدۇ،
يوغان سەللىنى دەستەك قىلىدۇ.
غەرەزسىز ئادەملەر ساختا سەللىدىن
راست پايتىمىنى ئەلا بىلىدۇ.

## 49

قەدىرلىك سانىلار كىم قىلسا ھىممەت،
مىننەتنى بىلمەسلىك ئۇنىڭدىن قىممەت.

پاك نەرسە بولسىمۇ ھەممەتنىڭ ئۆزى،
بۇلغىنىپ كېتىدۇ قوشۇلسا مىننەت.

## 50

كۆرۈپ تۇرۇپ ئوغرىنىڭ تام تەشكىنىنى،
قاراڭلار، مېنى قارا باسقىنىنى!
ئوغرىغا ھامىي بولۇپ گەپكە قالدىم،
پاسكىنا بولدۇم ئاياپ پاسكىنىنى.

## 51

"پۇشايمان يەيدۇ، -دېدى بىرى ماڭا، -
چۈشەنمەي كىم خاتا مۇشت ئاتسا ساڭا.
بەتنىيەت قەستەن خاتا قىلار شۇڭا،
خاتاغا ئىقرار بولۇش ئۆلۈم ئاڭا."

1950-يىلدىن 1986-يىلغىچە يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پارچىلار

## 1

تۈن بويى بىدارنىڭ بارى دەرۋىشمۇ،
ھەزەر قىل كىملەر بار ئۇنىڭ ئىچىدە.
ئوغرىمۇ كېچىدۇ تۈندىن ئۇيقۇدىن،
تىلغايدۇ ئېتىزنى قاۋان كېچىدە.

## 2

ئەۋرىشىم بولسىلا، ياكى ئاق تۈسلۈك،
دېمەڭلار ئادەمنىڭ كەمتەرىن دوستى.
چۈنكى تولغانماستىن يۈرەلمەس يىلان،
ئاق ئەمەسمۇ ئۇنىڭ قاسرىقى-پوستى.

## 3

دۇنيادا راھەت ئىش ھەسەتخور ئۈچۈن
ھەمىشە كىر كولاش ئىرناق ئاستىدىن.
مىسالى چىۋىنمۇ ئىزدەيدۇ راھەت
خۇش پۇراقتىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىدىن.

4

سالىرى ئۆلتۈردى مۇسارتنى، بىراق
قالدى شان-شەرەپسىز، لەنەتكە چۆكۈپ.
ئەزەلدىن ئايانكى، ھەسەتخورلارنىڭ
تاپقان نەرسىسىدىن يوقاتقىنى كۆپ.

5

كۈلگۈنچەك بولسىلا خۇشخۇي سانالسا،
بۇ بابتا يېتەلمەس ھېچكىم تۈلكىگە.
بىراق ئۇ مەخلۇقنىڭ ياۋۇز مەقستى
ئورالغان بولىدۇ ھامان كۈلكىگە.

6

ئۆزگىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىمەك ئاسان،
ئاسان ئەمەس سۆكۈش ئۆزىنى ئانچە.
دۇنيادا بولمايتتى نائادىل كىشى،
ئۆز پېشانىسىنى سىلىسا بارچە.

7

كەلتۈرۈپ مۇشت ئاتقان ئىدىم ئۈنىڭغا،
ئۆزۈمنىڭ تورۇمدىن كەتتىم يىقىلىپ.
بىراق ئۇ شۇ هامان يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
بېشىمغا كىيگۈزدى دوپپامنى ئېلىپ.
شۇ چاغدا تىكىلىپ قارالماي ئاڭا،
پۇشايمان يېدىم مەن هوشۇمغا كېلىپ.

8

تىللىدىم كوچىدا خېلى ئادەمنى،
هار كېلىپ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى.
بېقىپ ئەينەككىمۇ ئۆرلەپ غەزىپىم،
شۇ ئان يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردۇم ئۇنى.
ئانامۇ جىمىلەپ كايىدى ماڭا:
”يۈزۈڭنى پاكىزە يۇيساڭ هەر كۈنى،
ئەينەكمۇ سۇنمايتتى، خەقمۇ كۈلمەيتتى،
هەيران مەن، نېمىشقا بىلمەيسەن شۇنى؟“

9

شۇبهىسىزكى، ۋاقىت ئەڭ ئېسىل بايلىق،
ياشلىق باھارىمىز — ئەڭ باي ۋاقتىمىز.
بەزىمىز بۇ چاغدا سانىماي پۇلنى،
تاتازىسى بىلەن خەجلەۋېتىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغان نەرسىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا،
ئۇنىمۇ باھاغا دۈگگەۋېتىمىز.
يېڭىكلەشسە يانچۇق قىراۋ پەسلىدە،
پارچە پۇلنى تىترەپ ساناپ كېتىمىز.
ئەپسۇسكى، باھاردەك بايلىق قەدرىگە
كەچ كۆزدە، شۇمشەيگەن چاغدا يېتىمىز.

## 10

ماڭىمۇ دېدىڭ: ”ئەقىدەم ساڭا خاس،
مەن ئۇنى بەرگەن پەقەت دوستۇم ساڭا.“
كىم سېنى دوستۇم دېسە، دەپسەن يەنە:
”ئۆزگىگە يوق، بار پەقەت خۇشتۇم ساڭا.“
خۇي-مىجەزىڭ زادى شۇنداق بولسىلا،
دوست بولالمايدۇ شۇڭا ھېچكىم ساڭا.

## 11

چۇقان-سۈرەن بازار تاپقان مەھەلدە
ئىشمۇ كۆپ ئىدى، قەدرىمىمۇ ئاندىن.
ئاراملىق، مەرىپەت پەيتى كېلىپلا،
ئىشىم، قەدرىم توگەپ، قالدىم زۇۋاندىن.

## 12

"ھەممىدىن قايسى ئويۇن ياخشى؟" دېسە،
ئۇ دېدىكى: "توپىلاڭ ئەڭ ياخشىكەن."
بۇ ئويۇنغا ئۆزى قاتناشماس ئىمىش،
ئەسلى قەستى توغاچ ئوغرىلاش ئىكەن.

## 13

ئەلنىڭ خاھىش-رايىنى بىلمەك ئۇلۇغ ئىش،
بىراق بىلىش مۇمكىنمۇ راۋاقتا تۇرۇپ.
ئەل نامىدىن سۆزلىمە، ئۆتمىسە كۆڭۈڭ
بىللە كۈلۈپ ئەل بىلەن، بىللە ئاھ ئۇرۇپ.

## 14

بىر تەمەگەر باشلىققا كەپتۇ ئېگىلىپ،
دەپتۇ: "مەقسىتىم سىزگە چاپان كىيگۈزۈش."
باشلىق دەپتۇ: "كىيىشتىن ھەزەر قىلىمەن،
نېمە ھاجەت تىرىككە كېپەن كىيگۈزۈش!"

## 15



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىچىشقان يەرنى مەيلى كىم تاتىلىسۇن،
لەززەتلىك ھېس قىلىمىز تەسىرىنى.
بەزىلەر نېمىشقىدۇ ئىشقا سېلىپ،
"يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈش" ھۈنىرىنى،
ئۆزىمىزنىڭ قىچىشقان يېرى قېلىپ،
تاتىلايمىز باشقىلارنىڭ ساق يېرىنى.

## 16

ياشلارنىڭ ئالدىدا تىللاپ چوڭلارنى:
"ئالجىغان، ئىچى تار، پەسەندە" دەيسەن.
چوڭلارنىڭ ئالدىدا تىللاپ ياشلارنى:
"بۇ شۇملار سىلەرگە كۈشەندە" دەيسەن.
ئالجىغانلار ۋە شۇملار يوق ئەمەس، بىراق
سەن ھەر ئىككىسىگە ئوخشايدىكەنسەن.

## 17

ئەرباب بولساڭ ھاپاش قىلغىن ئاجىزنى،
مەيدەڭگە گۈل تاقايدۇ ئەل تەبرىكلەپ.
مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەلگەن نوچىلار
سۆڭگىچىنى تۇتۇپ قاچار تېپىك يەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 18

دېدى بىر تۆھپىكار ئەرباب ئوغلىغا:
«باشلىقنىڭ ئوغلى، دېگەن ئەمەل ئەمەس.
ئۆز ئەجرىڭ بەلگىلەيدۇ قىممىتىڭنى،
ئاتاڭنىڭ يۈزى ساڭا بەدەل ئەمەس.»

## 19

بىر ئەرباب ئورنىنى بەردى بىرىگە،
ئىلاجىسىز تۇرۇشقا بولىدىن زىيادە.
«ئىز باسار» چۈشىنىپ ئۇنىڭ رايىنى،
دېگەندەك، بىلدۈردى شۇنداق ئىرادە:
«ئىلتىپاتىڭىزدىن مىندىم مەن ئاتقا،
قويمايمەن سىزنىمۇ ھەرگىز پىيادە!»
ھەي، كىمنى خاتىرجەم قىلمىدىغاندۇ
بۇنداق «ئېسىل خىسلەت»، «سادىق ئىپادە»؟!

## 20

بىرى سوۋغات راسلاپ شاھ ھۇزۇرىغا،
ئوغرىلار دەستىدىن سۆزلىدى قاقشاپ.
ئېرىتىپ شاھنى ئۆز «ساداقىتى»دە،

بولۇۋېلىپ شۇ ئان شەھەرگە مىرشاپ؛
ئۆلتۈردى ئوغرى دەپ گۈزەتچىلەرنى،
تام تەشتى بىر تۈركۈم ئوغرىنى باشلاپ.
مەست قىلىپ ئوردىنى "زاڭ ماللار" بىلەن،
ئاخىر خەزىنىنى بۇلىدى قورشاپ.

21

بىر سوپى باي بولدى سەدىقە ئالماي،
كۈندۈزى قىرائەت ئوقۇپ مازاردا.
"خۇدايىم بەرگەن" دەپ يۈرۈپتۇق، بىلمەي
كېيەن ساتقىنىنى كەچكى بازاردا.

22

گۈلشەن راۋا ئەمەس ئىشقى يوقلارغا،
ئۇنىڭ چىن ئاشىقى سايرايدىغانلار.
كىم ھۆددە قىلىدۇ چەيلەنمەيدۇ دەپ،
كىرىپ ئالسا ئاڭا ھاڭرايدىغانلار.

23

ئۆزىمىزنى ھەممىگە پىشقان دېمەيلى،
ئۇنتۇلمىسۇن خام سۇتمۇ ئىچكەنلىكىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئامبىرى

تۆرگە چىقىش باشنىڭ كۆككە يەتكىنى ئەمەس،
غولاش ئەمەس پەگاھقا چۈشكەنلىكىمىز.
ئۆزىمىزنى سورىماي شەھەر سورىساق،
يېتىمدىكەن زاۋاللىققا پېشكەللىكىمىز.
بىلمەن دەپ رەختلەرنى خاتا كەسكەندىن
ھار ئەمەسقۇ بىلىپ يىپ ئەشكەنلىكىمىز.

## 24

ساۋاب ئىشقۇ، توك-توك قوش توكۇلدىتىپ،
دەرەخنىڭ يېرىقىدىن قۇرۇت يېسە.
بىراق ئۇ كۇلكە بولۇپ قالار ئىدى،
ئۇيىلىپ «ناغرا چېلىپ بەردىم» دېسە.

## 25

«قاتماللاردىن بىزار بولدۇم» دەپ تۇرۇپ،
«ئىلتىپات قىلمىدى» دەيسەن ئاھ ئۇرۇپ.
ئىشەكتىن قانچىلىك پەرقىڭ قالدۇ،
قالسا ئەگەر ئۇلار سىنى ياقتۇرۇپ.

## 26

ئانا، مەن خاتادىن خالىي ئەمەسمەن،
ئۆكۈنسەم كەچۈرەر دېگەن تامادا.
بىراق كەچۈرگىن دېسەم ئاغزىمغا ئۇرغىن،
كۆيدۈرگىنىڭ قىلغان بولسام مۇبادا.

1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە يېزىلغان.

## تۇيۇقلار

### 1

ئالدىدا ھىجرىمدە پەرياد چەك دېدى،
سوڭرە ۋەسلىم تارىنى سەن چەك دېدى.
"نە ئۈچۈن" دېسەم، "ۋىسالىنىڭ ئالدىدا—
بار قىيىن بىر ئىمتىھانلىق چەك" دېدى.

### 2

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى مەجنۇن دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى، سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

### 3

ئۇ يىگىت كەلدى، ئىشكىنى ئاچ دېدى،
بەر جامالىڭدىن ئۇزۇق، مەن ئاچ دېدى.
پېتىنالماي قىز ئىشكىنى ئاچقىلى،
ساڭا مۇشكۇل ماڭا كىرسە ئاچ، دېدى.

### 4

مېنى يەنجىپ قىلسا ئۇن دەرد تۈگمىنى،
تاشلىما، يار، ياغلىقىڭغا تۈگ مېنى.
بۇ تۈگۈن كېپەنگە ئوخشاپ قالمىسۇن،
ئىزمە ئاچقىن ھەم قاداپ قوي تۈگمىنى.

### 5

مەيلى "سەت"دە، مەيلى "دۆت"دە يا مېنى،
ئەمما ئادەمنىڭ ئەمەسمەن يامىنى.
مۇكچىيىپ كەتسەممۇ لازىم مەن ساڭا،
ياۋنى ئاتقاندا قىلارسەن يا مېنى.

### 6

— كۆلگىنىڭ ”ماقۇل“مىدى يا ”ياق“مىدى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەرى ياقمىدى؟
— ئەيىبى شۇ: ماڭا تەگلەشتىن بۇرۇن
باغرىنى ئەل باغرىغا چىڭ ياقمىدى.

7

مېڭىنىڭ تەخت-ئوردىسىدۇر باش قىنى،
مېڭە يالقاۋ بولسا دەيمىز: ”باش قېنى؟“
كىمگە ھاكىم بولمىسا ئۆز مېڭىسى،
بولماس ئاقىل دورىغانغا باشقىنى.

8

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى-ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: ”سەندە نومۇس-ئار قېنى؟“
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك، ھەقنىڭ ئۇزۇندۇر ئارقىنى.

9

كۆيلىسەم دىل رىشتىسىنى تار قىلىپ،
خۇش قىلار ئەل-يۇرتنى نەغمەم تارقىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەڭ، يوسۇنلۇق بولسا سورۇن، قانچە خوپ،
بولماس ئەمدى ئۇنى قىڭغىر، تار قىلىپ.

**10**

ئەپسۇس، ئەجەب دەپتىمەن نەچچە ياندۇرۇپ:
”كەلمە بۇ يان يۈرەككە ئوتلار ياندۇرۇپ.“
ئەمدى ئىشقىم هارۋىسى ئالدىڭغا كەلدى،
ئېپ كېتەلمەيمەن ئۇنى قۇرۇق ياندۇرۇپ.

**11**

سەن دېدىڭ: ”ۋەدەمنى بەلباغ قىلىپ،
چىقىمەن بۇ چۆلنى ئاۋات باغ قىلىپ.“
هەر كۆچەتنى مەنمۇ تەڭ پەرۋىش قىلاي،
خۇددى قۇچقاندەك سېنى باغ-باغ قىلىپ.

1977-يىلدىن 1982-يىلغىچە يېزىلغان.



مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت رەھىم

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 16.80 يۈەن

مۇقاۋىنى جىن يى ئىشلىگەن

كىتاب ئىسمىنى دولقۇن قادىر يازغان

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس ،

مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى بەس.

پىكىر- يۈرىكىم ، مىسرالار- تومۇر ،

ھەرپلەر- قېنىم ، ۋەزنلەر- نەپەس .

ISBN 7-105-02965-X

ISBN 7—105—02965—X/I·712

民 文(维 135)定价:16.80元